ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت

Abdushukur Muhemmet

# ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى



Mammas Berättade Historier

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

# ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى



مەرھۇم ئانام زىننەتخان ئابدۇرېھىم

1932 - 2014

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
Abdushukur Muhemmet

# ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى

# Mammas berättade historier

| | |
|---|---|
| (Artiklar samling) | (ماقالىلەر توپلىمى) |
| Redaktör: Asad Sulayman | مۇھەررىر: ئەسەت سۇلايمان |
| Korrektur: A.Akhun | كوررېكتور: ئا.ئاقھۇن |
| Designer: A.Akhun | بەتچىك: ئا.ئاقھۇن |

مۇقاۋىدىكى رەسىمنى ئابلىكىم غېنى سىزغان

2018 - يىل ئاۋغۇست - بىرىنچى نەشرى

İSBN: 978-91-639-8598-0

Världs Uigur författare förening | دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ........................ V
قۇمتۇرا چۈشى ........................ VII
ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى ........................ 001
ئىسمىم تارتقان كۆلپەتلەر ........................ 034
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلىلەر ........................ 043
كۇچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان مەشھۇر كىشىلەر ........................ 055
«نەگە بارىسەن قاغا؟» دېگەن ناخشىنىڭ تارىخىي يىلتىزى ........................ 066
گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش يەنە بىر يۈزى ........................ 076
ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىدە دوپپا ........................ 086
كۇچا «مىڭ تەن ئاتام مازىرى» دىكى مىڭ شېھىت ........................ 092
ياقۇپبەگنىڭ نەسەپنامىسى ........................ 098
كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ پېشۋاسى نىساخان ئابدۇۋەلىي ۋە «مىراجىخان» ........................ 100
كۇچادىكى بىر قىسىم تارىخىي مەسچىتلەر ........................ 103
تۇرا قوشىقى ........................ 114
تۇرغۇن ئالماس ۋە باتۇر تەگرىقۇتنىڭ سىزما رەسىمى ........................ 117
شاتگۇل ئۇيغۇر ۋە شائىر ياسىن ئىمىن ........................ 119
گوستاۋ راكېت ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........................ 123

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلاپ ۋە ۋەزىپە ........ 126
فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە تارىخىي
كىتابلاردا يوق؟ ........ 130
ئۇ قۇياشتەك روشەن، كۆك ئاسماندەك ئوچۇق ياشىدى ........ 133
تەۋپىق بەي كىم؟ ........ 140
لۇۋسانىڭ خەتلىرى ـ لۇۋسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە
ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر ........ 144
شىۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ۋە
ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ........ 148
شىۋېتسىيىلىكلەر تەرپىدىن 1720 ـ يىللاردا سىزىلغان جۇڭغارىيە
خەرىتىسى ........ 155
ياكوپ ئىستېفان ........ 157
«ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار» ناخشىسىنى كىم ئىجاد قىلغان ........ 159
مۇشەقەتلىك قەدەم ـ شەرقى تۈركىستاندىكى 25 يىل ........ 161
تارىختىن ئىككى كەلىمە ........ 164
رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ........ 168
ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنىڭ
ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىزنالىرى ........ 176
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى سېھرى كۈچى ۋە
ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا ........ 187
كۇچادا ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىم ........ 194
مەن كۆرگەن ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم ........ 202
ئۇنتۇلغان ئۆلىما ئابلا قارىھاجىم ........ 208
شىۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئائىت
ماتېرىياللار ئارىسىدىكى قولىيازما «قۇرئان» لار ........ 214
ۋەتەندە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر ........ 221
ھوقۇق ۋە ساۋاقداشلىق ........ 223

چىن ھېسسىياتتىن تۇغۇلغان كۈي ........ 226
ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر
توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........ 229
ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيە مەسىلىسى ........ 232
ئەمدى گەپ قوبۇل قىلىشتا قالدى ........ 236
ئوبزورچىلىقىمىزدىكى «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» مەسىلىسى ........ 240
ئۈچ خىل ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ھەققىدە ........ 244
ئالقىش ۋە سوغۇق مۇئامىلە ھەققىدە ئويلار ........ 248
ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقىنى باشلاپ بەرگۈچى جامىس جويىس ۋە
ئۇنىڭ مەشھۇر رومانى «ئولىسېس» ........ 254
پاستىرناك ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 260
قىز - ئاياللارنىڭمۇ تارىخنى بىلىش مەجبۇرىيىتى بار ........ 264
«تىرىلگەن جەسەت» تىكى ئاددىي ۋەقە، چوڭقۇر مەنە ........ 268
بىزدە مۇكەممەل ئەدەبىيات نەزەرىيەسى قاچان مەيدانغا كېلىدۇ؟ ........ 271
روھىيەت ۋە ئەدەبىيات ........ 275
ئەدەبىي تەنقىدتىكى «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق»
ھادىسىسى ........ 280
بىر پارچە چىن، گۈزەل رەسىم ........ 284
«قۇرئان كەرىم» دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر بەزى
چۈشەنچىلەر ........ 286

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاپتوردىن

ئىجادىيەت ساھەسىدە خېلى ئۇزۇن يىل يۈرۈپتىمەن. گەرچە ئىجادىيىتىم بەزىدە توختاپ قېلىپ، بەزىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىجادىيەتتىن بىراقلا ۋاز كېچىش خىيالىدا بولۇپ باقمىدىم. تۇرمۇشتىن ئېچىم پۇشقان، كۆڭلۈم ئازار يېگەن، روھىم چۈشكۈن چاغلاردا ئىجادىيىتىم ماڭا سىرداش بولدى. نېمىنى ئويلىغان بولسام شۇنى يازدىم. ھازىرغىچە ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ بېقىپتىمەن. ئەسەرلىرىمنىڭ قانچىلىكى ئوقۇرمەنلەرگە ياقتى، بۇنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ئۆزۈمنى ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. ئاخىر ھېسابتا قولۇمدا شېئىر بىلەن ماقالە قېلىپتۇ.

ئەسلىدە مەن ماقالە يېزىشقا ماس كېلىدىغان ئادەممۇ ئەمەس ئىدىم. ياش چاغلىرىمدىن تارتىپ، ماقالە ئوقۇشنى ياخشى كۆرسەممۇ، لېكىن ماقالە يېزىشنى ياخشى كۆرمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخقا ئوتتەك ئىشتىياقىم بار ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئالىي مەكتەپتە ئەدەبىياتتا ئوقۇپ قالدىم.

ھازىر ئويلاپ باقسام، دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان ماقالىلىرىم ئاساسەن ئوبزور خاراكتېرلىك ئاددىي ماقالىلەر بولۇپتۇ. بۇمۇ مەكتەپتە ئۇنىۋان ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن يېزىلغانىدى. دوتسېنت بولغان كۈنلەردە ماقالە يېزىشنىڭ ئۆنۈمىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ قىزىقىدىغان ساھەم پۈتۈنلەي ئەدەبىي ماقالىلەر ئىدى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا

ۋە پەلسەپىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇش مېنىڭ ئەڭ زور قىزىقىشىم ئىدى. 2003 - يىلى چەتئەلگە چىقىپ، ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. بىر مەزگىل سىياسىي ماقالىلەرنى يېزىپ يۈردۈم، بىراق كېيىن، مەن ئويلىغان بەزى پىكىرلەرنىڭ تېخى ۋاقتى ئەمەسلىكىنى، خەلقنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشقا تېخى تەييار ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

ياشاۋاتقان شارائىت ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ قىزىقىشى ۋە تە- پەككۇرىمۇ ئۆزگىرىدىكەن. شىۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرى مېنى قايتىدىن تارىخىمىزنىڭ قايناملىرىغا باشلاپ كىردى. گەرچە مەن مەخسۇس تارىخ كەسپىدە ئوقۇمىغان بولساممۇ، ئارخىپخانىلاردا توپا بېسىپ ياتقان تارىخىمىزنىڭ يۈزىنى سۈرتمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭ يىللاردىن بېرى قول تېگىپ باقمىغان تاتىراڭغۇ يۈزى ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن سىياقتا ئىدى. گەرچە مېنىڭ ئۇلارنى تولۇق قۇتۇلدۇرۇشقا مادارىم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا غۇۋا بولسىمۇ بىر نۇر بېرىشكە تىرىشتىم.

قولۇڭلاردىكى بۇ كىتابقا ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ نىشانى سۈپىتىدە چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن يازغان بىر قىسىم ما- قالىلىرىم ۋە ۋەتەندىكى ھەرقايسى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىمنىڭ تاپالىغان بىر قىسمى كىرگۈزۈلدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇشىنى ۋە تەكلىپ - پىكىر- لەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىردا بۇ توپلامنى چىقىرىش جەريانىدا مېنى قوللىغان بارلىق دوستلارغا ۋە ئەمەلىي ياردەمدە بولغان ئەسئەت سۇلايمان، ئا. ئاقھۇن قاتارلىق قېرىنداشلىرىمغا ئالاھىدە رەھمىتىنى بىلدۈرىمەن.

*2018 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇمتۇرا چۈشى

## (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق توپلىمى ھەققىدە)

## ئەسەت سۇلايمان

كۈچادىكى «قىزىل قاغا» تۇراسىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان قەدىمىي گەۋدىسى يىراق - يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تارىم قۇياشى ھەر كەچقۇرۇن ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغىنىدا «قىزىل قاغا» تۇراسىنىڭ قىزغۇچ رەڭگە بويالغان قامىتى ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى بۈگۈنىنىڭ قوينىدىن تارىخنىڭ ئۇزاق ئىقىمىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، كۆڭلىڭىزنى كۆزگە ئايلاندۇرغان شۇ دەقىقىدە يىراقتىن كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنىنىڭ كولدۇرما ساداسىنى، قىزىل مىڭ ئۆيلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سىرلىق تىنىقلارنى، ئۇدۇن شاھزادىسى فەرھادنىڭ كۈسەن مەلىكىسى شىرىن ئۈچۈن تاغ قىيالىرىنى چېپىپ قىزىل دەرياسىنى ئېقىۋاتقانلىقىنى، كومراجىۋانىڭ بارماقلىرىدىن تارىلىۋاتقان مۇڭلۇق كۈسەن كۈيلىرىنى، قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن ئىدىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ كۈچا ئەتراپىدىكى قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى، ئىسلام ئېچىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەسكەرلىرىنىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى، راشىدىن خوجانىڭ كۈچا سېپىلى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن سىيماسىنى، موللا مۇسا

سايرامدىن نىمشىھتتقىچە بولغان ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۆچا ساقساق مەدرىسىدىكى ئۆنتۆلماس ھاياتىنى، كومزەك كۆتۈرگەن گۈزەل كۆچا قىزىنىڭ مارجانبۇلاق بويىدا ئېيتقان «مىراجىخان» ناملىق ناخشىسىنى ئاڭلايسىز!...

مانا بۇ ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ كۆچا دىيارىدا ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كەلگەن، تارىم دەرياسىنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەكسىز سۈكۈناتى ھەمراھ بولغان مەڭگۈلۈك كۈي. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 60 - يىللىرىدا كۆچا دىيارىدا تۇغۇلغان بىر بوۋاق ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگىنىدە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كۈنەس ناھىيەسىگە «سۈرگۈن» قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ بالىلىقى كۈنەسنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىدا ئانىسى بىلەن بىللە يۇرتىنى سېغىنىش ۋە كۈتۈش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1982 - يىلى ئارالتۆپىدىن ئايرىلىپ يۇرتى كۆچاغا قايتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى 1985 - يىلى سابىق قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭغىچە بولغان 3 يىل جەريانىدا ئانا يۇرتى كۆچادا ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز چاغلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى «سۈرگۈن» دىن خالىي، «ياقا يۇرت» لارنىڭ غۇربەتلىرى ئۇنتۇلغان، ئانا يۇرتىنىڭ خوشاللۇقلىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلانغان يىللار ئىدى. 1990 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بۇ ياش يىگىت ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەينى يىللىرى سەرخىللار توپلانغان، ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە مىللىي ھوقۇق پائالىيەتلىرى كۆچەيگەن شۇنداقلا يېڭى

www.uyghurkitap.com

ئەۋلاد ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئۇخچۇپ تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە بۇ ياش يىگىت ھاياتىنىڭ يېڭى بەتلىرىنى ئاچىدۇ. 1989 - يىلىدىن ئاۋۋالقى ئاز كەم ئون يىل داۋاملاشقان «ئىسلاھات» ۋە «ئېچىۋېتىش» دولقۇنى گەرچە تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى بىلەن پەسكويغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قىسقىغىنا دەۋر ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى ئويغىنىشنىڭ تەسىرى 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئۈرۈمچىدە تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەنە ئاشۇ يىللاردا قەلبى كۆۋەجەپ تۇرغان بۇ يىگىت ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ كۆپلىگەن شېئىلارنى يازدى، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي مۇھاكىمە سالونلىرىغا قاتناشتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە نەچچە ئونلىغان ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، پىكىر ۋە تەپەككۇر قايناملىرىغا چۆمۈلۈپ، قەلەم كۈرەشلىرىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنلىرىدا ئۆتكەن 1990 - يىللار بۇ ياش يىگىتنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا ئويلاپ باقمىغان ئاچچىق قىسمەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قېيىنئاكىسى، مەرھۇم سەنئەتكار كۈرەش كۈسەننىڭ 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسىگە مۇھاجىرەتكە يۈزلىنىشنىڭ سىگنالىنى چالدى. پاسپورت بېجىرىشتىكى بىرقانچە يىلغا سوزۇلغان باش قېتىمچىلىقلار، قازاقىستاندىكى قورقۇنۇچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكەن جەريانلار، ئوخشاش نىشاننى كۆزلەپ چېگرادىن ئايرىلغان ئەر - ئايالنىڭ ئويلىمىغان يەردىن ئىككى قىتئەدىكى ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ كېتىشى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مۇساپىرەتتىكى ھاياتنىڭ ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ...

2003 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا مۇھاجىرەتنىڭ سىرلىق قوۋۇقى ئاخىرى ئېچىلدۇ. 70 ياشتىن ئاشقان غەمگۇزار ئانا كوچادىكى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئېغىر قەدەملىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنى ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان ئاشۇ سۆيۈملۈك ماكان، كۆيۈمچان ئانا، قېرىنداش ۋە دوست ـ يارەنلەر شۇنداقلا ۋەتەنىنىڭ ئېزگۇ سىماسى ئارقىدا قەپ قالىدۇ. ئۇ ئەمدىلا بىرقانچە ياشقا كىرگەن ئوغلىنى يېتىلەپ داۋالغۇپ تۇرغان ھېسسىياتى بىلەن يىراقتىكى نامەلۇم كېلەچەككە قاراپ يول ئالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ھاياتىنى شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تىنچ ئەلدە ـ شىۋېتسىيەدە ئۆتكۈزگەن، مەرھۇم كۇرەش كۈسەن بىلەن بىللە ئېسكىلستۇنا شەھىرىدە ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ سىكاندىناۋىيە ئەللىرىدىكى پائالىيەت مەركىزىنى بەرپا قىلغان، ئۇيغۇر تىلىدا «غەرب شامىلى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرغان، «شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى» نىڭ ئىككىنچى قارارلىق رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن، «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» نىڭ شىۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن قايتا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ كىشى مەزكۇر توپلامنىڭ مۇئەللىپى ـ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت قۇمتۇردۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت خۇددى «ئىسمىم تارتقان كۈلپەتلەر» ناملىق ماقالىسىدا يازغىنىدەك، ھاياتىنىڭ تەگدىن كۆپ قىسمىدا ئاتا ـ ئانىسى قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ قويغان ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىلىش، كىملىك، پاسپورت، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلەردە شۇ بويىچە يېزىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مۇئەللىپ 40 ياشتىن ئاشقىنىدا شىۋېتسىيەدىكى كۆپ قېتىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىرىشچانلىقلىرىدىن كېيىن ئاندىن «قومتۇر» دېگەن قانۇنلۇق فامىلىگە ئېرىشىدۇ. «قومتۇر» دېگەن بۇ فامىلە كوچادىكى قىزىل قاغا تورىنى ۋە شۇنداقلا كوچادا قوشتۇر، ئاقتۇر، يېگىتتۇر دەپ ئاتىلىدىغان نەچچە ئونلىغان تورا - مەھەللىلەرنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ بەلكىم ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ جىسمى شىمالىي ياۋروپادا ياشاۋاتقىلى 15 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ، روھىنىڭ ۋە خىياللىرىنىڭ هامان يىراقتىكى ئانا يۇرتى كوچادا سەير قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەزكۇر توپلامدىكى ماقالىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەن ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس. 2003 - يىلىنىڭ نويابىر ئايلىرىدا تەتقىقات ئۈچۈن شۋېتسىيەگە كەلگىنىمدە ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شۋېتسىيەنىڭ ئېسكىلىستۇنا شەھرىدە ياشاۋاتقان ئىكەن. ئاشۇ بىر يىل جەريانىدا مەن ستوكھولمدا تۇرغان بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىم بولمىغان ئىدى. ئارىدىن 2 يىل ئۆتۈپ مەن شۋېتسىيەگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىمدە بىز ستوكھولم شەھەر مەركىزىدىكى بىر قەھۋەخانىدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈشتۇق. شۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىز بىزنى ئورتاق تېمىلاردا سۆزلىشەلەيدىغان ۋە مۇڭدىشالايدىغان يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 6 يىل جەريانىدا بىز تالاي قېتىملار سۆزلەشتۇق، پىكىرلەشتۇق، ۋەتەن ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللىرىمىزنى ئورتاقلاشتۇق. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، «ھەي، بىر ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى، ئىجادىيەت كۈچى ۋە تەپەككۇرى ئۆز تۇپرىقى ۋە خەلقىنىڭ قوينىدا تۇرۇپ ياشىغاندا تۈگىمەس ئېنېرگىيەگە ئىگە بولىدىكەن. شۇ تۇپراق ۋە خەلقىنىڭ قوينىدىن ئايرىلغىنىدا ئېنېرگىيەسىمۇ خورايدىكەن. مۇھاجىرەت ھاياتى مەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى

ئېلىپ كەتتى...» دەيتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ توپلامى ئارقىلىق ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاشمىغانلىقىنى، ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاشمىغانلىقىنى، كېلەچەككە بولغان ئۈمىدىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەن بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىللار ئىلگىرى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق ماقالىسىنى كۆزۈمنى ياشلىغان ھالدا ئوقۇپ چىققانىدىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ ماقالە ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامىدىكى بارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان بىر ئەسەردۇر. ئۇنىڭ بۇ نادىر ماقالىنى يازغان چاغدىكى كەيپىياتىنى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ئۇ شۋېتسىيەدە ياشىغان شۇنچە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ھەممە كەچمىشلىرىنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى، ئەمما ئاخىرىقى ئۆمرىدە ئورۇن تۇتۇپ يىللارچە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ كەتكەن كۇچادىكى ئانىسىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى. مەن ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بىلەن سىرداش دوست بولۇپ ئۆتكەن شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇنىڭ شۋېتسىيەدە ھەر ۋاقىت ئانىسىنى سېغىنىش ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، «ئانامنىڭ ئالدىدا ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم» دەپ خۇرسىنغانلىقىنى، يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل تۇيغۇنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. دېگەندەك مۇئەللىپنىڭ بۇ ماقالىسىدا ئۇنىڭ بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلىرى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن ئىدى. مەزكۇر ماقالىدىكى ئانىسىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئەسلىمە قىلىپ يازىدىغان بۇ ئالاھىدە شەكىل ئوقۇرمەننى بىر ئانىنىڭ كەچمىشلىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى كوللېكتىپ كەچۈرمىشلىرىگە سۆرەپ كىرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىنىڭ ئانىسى مەرھۇم زىننەتخان ئانا باشقا مىڭلىغان ئانىلارغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانا ھەم شۇنداقلا 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىگە شاھىت بولغان ئوقۇمۇشلۇق بىر ئايال ئىدى.

«ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» نى ئوقۇغىنىڭىزدا 1936 ـ يىلى زىننەتخان ئانا 4 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئابدۇرەھىم ھاجى كوچادا ئېلىپ بېرىلغان زور تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىپ غايىپ قىلىۋېتىلىدۇ. ئانىسى زەيتۇنخان تۇرمۇشنىڭ قىستىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۈرمە باقىدىغان بىر ساقچىغا ياتلىق بولىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان زىننەتخان ئانا 1989 ـ يىلى، يەنى ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۆز ئانىسى زەيتۇنخاننى ئۈرۈمچىدىن ئىزدەپ تاپىدۇ. زىننەتخان ئانا ياش ۋاقىتلىرىدا كوچادىكى چوڭ سودىگەر ۋە جامائەت ئەربابى ئەزىمخان تۆرىنىڭ تاتارىستانلىق ئايالى سوفىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا خانىم مۇدىرلىق قىلىدىغان قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا سوفىيە خانىمنىڭ كىچىك قىزى پاكىزەم بىلەن ئۆمۈرلۈك يېقىن دوستلارغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى بوران ـ چاپقۇنلۇق ھايات بۇ بىر جۈپ بىغۇبار دوستلارنى ئايرىپ تاشلايدۇ. زىننەتخان ئانا 1940 ـ يىللاردا يەنە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئايالى سوفىيە بايىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىدۇ ھەمدە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بوۋاق ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى كەشپۇللانىڭ تۇغۇلۇشى ۋە كېيىنچە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە شاھىت بولىدۇ. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن زىننەتخان ئانا كوچادىكى تۇنجى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا كوچانىڭ ئىشخالا، ئۆچكىلىك قاتارلىق يېزا ـ كەنتلىرىدە مۇئەللىم بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن سەبىي قەلبلەرگە ئىلىم نۇرىنى تۆكىدۇ. 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەقىپ نىشانىغا ئايلانغان

بۇ ئائىلە كۈچادىن كۆنەس ناھىيەسىنىڭ ئارالتۆپە يېزا قارابۇلاق كەنتىگە سۈرگۈن قىلىنىپ 13 يىللىق سەرسان ـ سەرگەردانلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» نى ئوقۇغان ئوقۇرمەن مەرھۇم زىننەتخان ئانىنىڭ ئاددىي بىر ئانا، بالا تەربىيەلىگەن مېھرىبان ئوقۇتقۇچى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى يەتكىچە تارتقان بىر ئائىلە ئايالىلا ئەمەس، بەلكى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىگە شاھىت بولغان بىر ئوقۇمۇشلۇق شەخس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قەلەم ئىزھارىغا ئەگىشىپ ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن مەرھۇم زىننەتخان ئانىنى تەڭ سېغىنىدۇ...

مەزكۇر توپلامدىكى «ئىسمىم تارتقان كۆلپەتلەر» ناملىق ماقالە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ھاياتى بويى ئىسىم ـ فامىلىسى سەۋەبلىك دۇچ كېلىدىغان كۆلپەتلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردىمۇ ھەتتا ئىسىم ـ فامىلىسى ئارقىلىق بەدەل تۆلەيدىغانلىقىدەك بىر رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دۇنيانىڭ ھېچقانداق جايىدا ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇردىن باشقا ھەرقانداق بىر خەلقتە كۆرۈلمەيدىغان بۇ تارتقۇلۇقلار «ئۇيغۇر» بولۇپ ياشاشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

مۇئەللىپ ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھاياتىنىڭ پىشقان يىللىرىنى مۇھاجىرەتتە ـ شىمالىي ياۋروپادىكى تىنچ ۋە گۈزەل ئەل ـ شىۋېتسىيەدە ئۆتكۈزدى. ئۇ شىۋېتسىيەگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپلا سكاندىناۋىيە ئەللىرىنىڭ يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇ جۈملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەن بولغان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىگە دىققەت قىلدى. ۋاقتى ۋە ئىمكانىيىتى بولسىلا شىۋېت ئارخىپلىرى، كۈتۈپخانىلىرى ھەمدە مۇزېيلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن ھەپىلەشتى. مەزكۇر توپلامدىكى «ياقۇببەگنىڭ نەسەبنامىسى»، «گۇستاف رەكېت ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلاب ۋە ۋەزىپە»، «لوۋىسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلار شىۋېت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەرنىڭ ئۇچۇرىنى تارتىپ چىقىرىدۇ.

شىۋېت مىسسىيونېرلىرى تەركىبىدە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە كەلگەن سىستېرا لوۋىسا قانداق بولۇپ دەرۋازىۋەن يىگىت توختاخۇن بىلەن تونۇشۇپ قالدى؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىي مۇھەببەت قانداقلارچە ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان ئىرقىي ھەم مەدەنىيەت پەرقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى؟ جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان شۇنچە قارشىلىقلارغا قارىماستىن كۇچادا 35 يىل بىللە ياشىغان بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايال يەنە نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلدى؟ لوۋىسانىڭ كۇچادىن شىۋېتسىيەدىكى بىر تۇغقان سىڭلىسىغا يازغان 200 پارچىدىن ئارتۇق خەتلىرى ھازىر قەيەردە؟ بۇ سوئاللارغا قىزىققۇچىلار ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامدىكى «لوۋىسانىڭ خەتلىرى: لوۋىسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر» ناملىق ماقالىسىدىن قىسمەن جاۋابلارنى تاپالايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋېتلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋە شىۋېتسىيەدە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، شۈبھىسىزكى، كىشىلەر گۇننار ياررىڭنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. دەرۋەقە، گۇننار ياررىڭ 1929 - 1930 - يىللىرى قەشقەرگە تىل تەكشۈرۈش ۋە قولىيازما يىغىش ئۈچۈن كەلگەن، دىن تارقىتىش

ۋەزىپىسى بولمىغان بىردىن - بىر تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن، بولۇپمۇ قەشقەر بىلەن بولغان ئۆمۈرلۈك رىشتىسى باشلىنىدۇ. گەرچە گۇننار ياررىڭنىڭ كېيىنكى ھاياتى داۋامىدا ئۇنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقىنى ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركى تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە بۇ تىلدىكى قوليازمىلار تەتقىقاتىنى ئەسلا توختىتىپ قويمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ شەخسنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇش بولغان يۈزى دەل ئۇنىڭ داڭلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس بولغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار ۋەتىنى بىلەن بولغان ئۆمۈرلۈك رىشتىسىدۇر. ھالبۇكى، ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شۋېتسىيەدە كېيىنكى يىللاردا نەشىر قىلىنغان شۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ ھاياتى ۋە سىياسىي مەۋقەسىگە دائىر بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش بولغان يەنە بىر «يۈزى» نى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، مەيلى گۇننار ياررىڭ بولسۇن، ياكى سۋېن ھېدىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ 1930 - يىللاردىن 1940 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ناتسىستلار گېرمانىيەسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، ھەتتا سىياسىي مەۋقە جەھەتتىن گېرمانىيەنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدەك شەخسىي خاھىشلىرى شۋېتسىيە ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن بىلىنمىگەن بىر ھادىسە ئەمەس. كېيىنكى يىللاردا شۋېتسىيەدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر قىسىم تەنقىدىي شەرقشۇناسلار سۋېن ھېدىن ۋە گۇننار ياررىڭ قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ ھاياتىدىكى بۇ سىنارىيەلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى ۋە نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. ھالبۇكى، بۇ تېما مەسىلىنىڭ پۈتۈن - سۆرۈك يۈزى

ئەمەس. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر سۆھبەت خېتى ئېلان قىلىنغان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتمىغاندا، ئۇ ئۆز خىزمىتى داۋامىدا تۈرك ياراتقان ئىستاتىسلار، ئەگەر سۈپەت ھېدىننىڭ 5 قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئېكسپېدىتسىيەسى بولمىغان بولسا، گۈننار ياررىڭنىڭ 1929 ـ يىلىدىكى قەشقەر سەپىرى بولمىغان بولسا، شىمالىي ياۋروپادا 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر تەتقىقاتى ۋە تۈركولوگىيەگە دائىر مول قوليازمىلار فوندى شەكىللەنمىگەن بولاتتى. شۇڭا مېنىڭچە، ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «گۈننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش بولغان يەنە بىر يۈزى» ناملىق ماقالىسىنى بۇ شەخسكە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىشتە باشقىلار ئۇيلاپ باقمىغان بىر نۇقتىنى جۈرئەت قىلغان دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما مەزكۇر ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم قاراشلار ۋە بايانلار ئارقىلىقلا گۈننار ياررىڭنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغا ھەمدە ئۇيغۇر تەتقىقاتى بويىچە ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگەكلىرىگە باھا بېرىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

شىۋېتلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە گۈننار ياررىڭغا قانداق باھا بېرىشى مېنىڭچە شىۋېتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇ بىزنىڭ بىلىپ بېقىشىمىزغا ۋە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك بىر نۇقتا بولىدۇ، ئەمما بۇ نۇقتىلارغا تايىنىپلا گۈننار ياررىڭنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگەكلىرىگە «تون پىچىۋېتىش» شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنى ئىنكارچىلىق كېسەللىكىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. مەن گۈننار ياررىڭغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ باشقىلارغا بىلىنمىگەن «ناتونۇش يۈزى» ياكى ئۇنىڭ قانداقتۇر «ئارىئان ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلىكى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان سىياسىي مەۋقەسى» گە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ساھەسىدە قانداق نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىگە قاراش كېرەك دېگەن تەشەببۇستىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەچ بولمىغانــدا، ئۇيغۇرلارنىــڭ نۆۋەتتىكــى شــۇنداق بولۇشــى كېــرەك دەپ ئويلايمــەن.

ئابدۇشــۈكۈر ئەپەندىنىــڭ مەزكــۇر توپلامــدا يەنــە ئۇنىــڭ ئانــا يۇرتــى كۇچــا دىيــارى ھەققىــدە يازغــان بىرمۇنچــە ماقالىلىرىمــۇ ئــورۇن ئالغــان. بولۇپمــۇ كۇچادىكــى ساقســاق مەدرىســى ۋە ئۇنىڭــدا ئوقۇغــان مەشــھۇر شەخســلەر، «مىــڭ تــەن ئاتــام مازىــرى»، كۇچــا خەلــق ناخشىســى «مىراجىخــان» قاتارلىــق ماقالىلىــرى ئاپتورنىــڭ چەتئەلــدە تۇرۇپمــۇ ئانــا يۇرتــى ھەققىــدە تىنىمســىز ئىزدىنىــش ئېلىــپ بارغانلىقىنــى، مۇھاجىرەتتــە يۇرتنــى سېغىنىشــتىن ئىبــارەت پىسخولوگىيىلىك ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بۇ تۇيغۇغا ئۇنىڭ ئەمەلىــي ئىزدىنىــش ۋە ئەمگــەك ئارقىلىــق جــاۋاب قايتۇرغانلىقىنــى ھېــس قىلىمىــز.

ئابدۇشــۈكۈر قۇمتــۇر ئەپەنــدى ئۆتكــەن ئەســىرنىڭ 90 ـ يىللىرىــدا ئۇيغــۇر شــېئىرىيىتى، ئەدەبىيــات نەزەرىيەســى ۋە 20 ـ ئەســىر چەتئــەل ئەدەبىياتىدىكــى نادىــر يازغۇچىلارنىــڭ ئەســەرلىرى ھەققىــدە بىرمۇنچــە ماقالــە، ئوبــزور ھەمــدە ئەدەبىــي تەنقىدلەرنــى ئېــلان قىلغــان. ئــۇ يەنــە ئەدەبىــي تەرجىمىچىلىــك ساھەســىدىمۇ كۆپلىگــەن ئەمگەكلەرنــى يورۇقلۇققــا چىقارغــان. نوبېــل ئەدەبىيــات مۇكاپاتىغــا ئېرىشــكەن ياپونىيەلىــك داڭلىــق يازغۇچــى ياســۇنارى كاۋاباتانىــڭ «ئۇيقۇدىكــى ســاھىپجامال» ناملىــق ئەســىرىنى ئابدۇشــۈكۈر ئەپەنــدى ئۇيغــۇر تىلىغــا تەرجىمــە قىلىــپ، نەشــىر قىلدۇرغــان.

ئابدۇشــۈكۈر ئەپەندىنىــڭ مەزكــۇر توپلامغــا كىرگۈزۈلگــەن ماقالىلىــرى ئۇنىــڭ ئوخشــىمىغان دەۋرلــەردە ۋە ئوخشــاش بولمىغــان ئەللــەردە ياشــىغان مەزگىللىرىــدە يازغــان يازمىلىرىدىــن تەشــكىل تاپقــان. بىــز ئۇنىــڭ 1990 ـ يىللاردا يازغــان يازمىلىرىنىــڭ كۆپرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىيات تېمىلىرىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى، شۇۋېتسىيەگە كەلگەندىن كېيىن يازغان يازمىلىرىنىڭ كۆپرەك ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەت - قولىيازمىلارغا بېغىشلانغانلىقىنى، يېقىنقى مەزگىللەردە يازغان يازمىلىرىنىڭ كۆپرەك ئانا يۇرتى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇنداق كەڭ دائىرىگە ۋە كۆپ خىل تېمىلارغا بېغىشلانغان شۇنداقلا ماكان ۋە زامان چېگراسىدىن ھالقىپ چىققان ئۇنىۋېرسال توپلام كۆپ ھاللاردا بىر يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇھاجىرەتتە 15 يىل ياشىغاندىن كېيىن ئۆزىگە قايتتى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر مىللەت پەرزەنتىنىڭ ئۆز مىللىيىتىگە ۋە ئەسلىگە قايتىشىنىڭ تەبىئىي بىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، جىسمى مۇھاجىرەتتە ياشىسىمۇ، ئەمما روھىيىتى ھامان ۋەتەن تۇپراقلىرىنى سەير قىلىپ تۇرغان مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن بۇ ئەلدە شۇنچە يىللار ياشاپ تۇرۇپمۇ بالتىق دېڭىزىنىڭ سوغۇق دولقۇنلىرى بىلەن سكاندىناۋىيە ئورمانلىرىنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنى چۈشىمىدى. ئۇنىڭ چۈشلىرىدە زاھىر بولغىنى يەنىلا يىراقتىكى ۋەتىنىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، كۇچادىكى «قىزىل قاغا» تۇراسىدا ئەكس - ئەتكەن قىزغۇچ شەپەق نۇرى ۋە مەرھۇم ئانىسىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە قېتىپ قالغان كۇچانىڭ قايناق ھاياتىدۇر. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەسلا بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە مەجبۇرىي تېڭىلغان ئىسىملار بىلەن ئاتالمايدىغانلىقىنى، «قۇمتۇر» دېگەن سۆيۈملۈك ئىسمىنىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇزاققا

سوزۇلغان سوغۇق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئىللىقلىق ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

دەرۋەقە، قۇمتۇرا چۈشى داۋاملىشىدۇ، قۇمتۇر ئەپەندىنىڭ يېگىدىن - يېڭى يازمىلىرىمۇ داۋاملىق يورۇقلۇققا چىقىدۇ. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

*2018 - يىل 21 - ئىيۇل، ئامېرىكا ۋاشىنگتون*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى

ئانام 82 يېشىدا تۇپراققا باش قويدى. ئۇچىمگە پاتمايۋاتقان ھەسرەتلىرىمنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يۇدۇم. 13 يىل ئىسسىق يۈزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان كۆزلىرىم ئاخىر ھېسابتا سوق يۈزىنى كۆرۈشكىمۇ ئىمكان قىلالمىدى. پەقەت دۇئالىرىم ئارقىلىقلا ئۆزۈمگە تەسەللى، ئانامغا جەننەت تىلىدىم.

ئانام كىتابقا ھېرىسمەن، تەقۋادار ئايال ئىدى. زۇلمەتلىك يىللارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەردىمۇ بۇ ئىككى ئەگگۈشتىرىدىن ئايرىلمىغانىدى. قېرىنداشلىرىمنىڭ دەپ بېرىشىچە ئانام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئېغىزىدىن ئىمانىنى، قولىدىن كىتابنى چۈشۈرمەپتۇ. ئانام ئىمانى بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، بىزگە ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرى بىلەن مىڭلىغان كىتابلىرىنى مىراس قالدۇردى.

## ئانامنىڭ ئەجدادلىرى

ئانام زامان غوۋغالىرى تۇشمۇتۇشتىن باش كۆتۈرگەن، جاھان مەئىشەتلىرىنىڭ ھالى قالمىغان، كىشىلەر يىلنامىلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەمەس، بەلكى بۇگۈنكى رىزقىنىڭ ئامانلىقىغا، ئەتىكى كۈنىنىڭ سېرىقىغا تەشنا بولۇپ ياشاۋاتقان بىر زاماندا تۇغۇلغانىكەن. گەرچە ئانام ئۆزىنىڭ قايسى يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، ئەمما ئاتىسى ھەپسىگە ئېلىنغاندا 4 ياشتا

ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىكەن. ئاتىسى ھەپسىگە ئېلىنغاندا پۈتۈن يۇرتتىن يۈزلىگەن كىشىلەر بىرلىكتە تۇتقۇن قىلىنىپتۇ.

ئانامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ ۋەقە كۇچا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە بولۇپ، 1936 ـ يىلىدىن باشلانغان كۇچادىكى چوڭ تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى ئىدى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇن 1936 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، ئۈچ كۈن كېچە ـ كۈندۈز ئېلىپ بېرىلغان، يۈزلىگەن كىشى تۇتقۇن قىلىنغان. تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە ساقچى باشلىقى زوپەر بىۋاستە باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئابدۇللا ئۆمەرۇپ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق پولك ھەمكارلىقتا بولغان. «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» دا بايان قىلىنىشىچە: «بۇ پولك ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل قىلىنغان. 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىكى يامان سۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ، 1935 ـ يىلى كۇچاغا كېلىپ، ئورۇنلاشقان.» تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە يۇرت چوڭلىرى، جەمئىيەتتىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەر، چوڭ سودىگەرلەر، دىنىي ئۆلىمالار، ئوقۇغان زىيالىيلار ھەپسىگە ئېلىنغان. «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» دا ھەپسىگە ئېلىنغان بۇ كىشىلەر ھەققىدە تەپسىلىي بىر تىزىملىك تەييارلانغان بولۇپ، ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى 21 ـ ئورۇندا ئۇچرايدۇ. تىزىملىكتە ئانامنىڭ ئاتىسى ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «ئابدۇرېھىم قارىم مۇرەتتەپ قارى بولۇپ، كۇچادا تۇرۇشلۇق قەشقەرلىك زۇنۇن ئاخۇننىڭ ئوغلى» دۇر. ھەپسىگە ئېلىنغان بۇ كىشىلەردىن ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قانچە ئادەمنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن باشقا ھېچقايسى قايتىپ كېلەلمىگەن، ھەتتا نەدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىگەن. ئانامنىڭ ئاتىسى ئابدۇرېھىم قارىمۇ شۇ تۇتۇلغان پېتى قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلەلمىگەن.

ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم قارى بولۇپ قەشقەر-دىن، ئانىسىنىڭ ئىسمى زەيتۇنخان بولۇپ، شاياردىن ئىدى. ئەمما مەن چوڭ بولسام ئانامنىڭ ئىسمى زىننەتخان زۇنۇن دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەسلىدە زۇنۇن ئانامنىڭ ئاتىسى ئابدۇرېھىم قارىمنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئابدۇرېھىم قارىم ھەپسىگە ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئانامنى چوڭ ئاتىسى زۇنۇن بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن.

ئانامنىڭ چوڭ ئاتىسى زۇنۇن جەمئىيەتتە زۇنۇنئاخۇن قەنچى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان كىشى بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئوردا ئالدىدىن ئىكەن. زۇنۇنئاخۇن قەنچى قەن ياسايدىغان ھەم ياسىغان قەنلىرىنى كارۋان تارتىپ، يۇرتمۇ-يۇرت يۈرۈپ ساتىدىغان سودىگەر كىشىكەن. 1910 - يىللىرى ئەتراپىدا سودا ئىشلىرى بىلەن كۇچاغا كېلىپ، كۇچا كونا شەھەر سايباغ مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. سايباغ مەھەللىسى ئانامنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ چوڭ بولغان مەھەللىسىدۇر.

80 - يىللارنىڭ بېشىدا مەن ئانام بىلەن بازارغا كېتىۋېتىپ، كۇچا كونا شەھەردىكى رەستە مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ياشانغان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئانام بىلەن ئۇ ئادەم خېلى ئۇزۇن بىشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتى. پاراڭلىرى ئارىلىقىدا ئۇ ئادەم 1936 - يىلىدىكى تۇتقۇن ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

- مەن تۇتقۇن قىلىنغان كۈنى ئۇدۇل ئاپىرىپ بىر ئامبارغا سولىدى، ئامباردا مەندىن باشقا يەنە 20 دەك ئادەم بارىكەن، دادىلىرى ئابدۇرېھىم قارىمنىمۇ شۇ يەردە كۆردۈم. ئەتىسى ھەممىمىزنىڭ بېشىغا تاغا كىيدۈرۈپ، ئېغىزىنى چىڭ باغلاپ،

ماشىنىغا خۇددى مال باسقاندەك دەسسىتلەپ، تۆپە - تۆپىگە باستى. قارىغاندا يېنىمىزدىكى ئۆيدىمۇ بىزدىن باشقا ئادەملەر بولسا كېرەك، مەن تۆپىگىرەك بېسىلىپتىمەن. بىر چاغدا ماشىنا قوزغالدى ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ يىغا - زارلىرى، ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. ھەر قېتىم ماشىنا كاتاڭغا چۈشسە بۇ ئاۋازلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. شۇنداق كېتىۋېتىپ، مەن مىدىراۋەرگەچكىمۇ بىر چاغدا ماشىنىدىن يەرگە گۈپپىدە چۈشتۈم. بىراق تاغارنىڭ ئېغىزىنى ئاچالماي بەك قىينالدىم. بىر تەرەپتىن ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. بىر چاغدا ئاتلىق بىرى يېنىمغا كېلىپ توختىدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ، مېنى تاغاردىن چىقاردى. ئالدىمدا تۇرغان ئەسكەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى. ئەسكەر مېنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ: «مەن ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چارلاپ كېتىۋاتقان ئەسكەر بولىمەن، سىز بۇ يەردىن دەرھال يوقىلىڭ، مەنمۇ سىزنى كۆرمىگەن بولاي، سىزمۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇڭ، ئەڭ ياخشىسى كۆچادىن باشقا يۇرتقا كېتىپ جېنىڭىزنى جان ئېتىڭ» دېدى. مەن رەھمەت ئېيتىپ، ياندىكى قوناقلىققا كىرىپ كەتتىم. شۇنچە يىل باشقا يۇرتتا سەرسان بولۇپ يۈردۈم.

ئانام بۇ ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىردەم كۆز يېشى قىلدى، ئاتىسىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى. كېيىن ئانامدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى سورىغانلىقىم ئېسىمدە، بىراق ھازىر شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى پەقەت ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ياش، گۆدەك ئىدىم، ئەتراپىمىزدا ھەقىقىي تارىخنى بىلىشىدىن ئۆتكۈزگەن تىرىك شاھىتلار يۈرسىمۇ ئۇلارغا ئېرەن قىلمىغان، قان - ياشلىق كەچۈرمىشلىرىگە پەرۋا قىلمىغان ئىكەنمىز. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز سۆزىگە زار بولۇپ،

پارچە - پۇرات قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە تىمسىقلاپ يۈرىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ هايات پاجىئەلىرىدىن هېچنېمە قالمىغانىدى. يەنە ئۇن يىللاردىن كېيىن بىر دەۋرنىڭ تارىخى هېچنېمە ئۆسمەس قاقاس يەرگە ئايلىنىدۇ.

89 - يىلى ئانام ئىككىمىز ئانامنىڭ ئۆز ئانىسى زەيتۇنخاننى ئۇرۇمچىدىن ئىزدەپ تاپتۇق. زەيتۇنخان چوڭ ئانام مېنىڭ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بىردىن بىر ئاتا - ئانامنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىدى. بۇندىن بۇرۇن ئاتامنىڭمۇ، ئانامنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغانىدى.

زەيتۇنخان چوڭ ئانامنىڭ قىرىلىقتىن بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تېنى سالامەت، هەرىكىتى تېتىك ئىكەن. گەرچە ئۆزىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، يېشىنى 90 ياشلار ئەتراپىدا پەرەز قىلىدىكەن. بىر پاراڭلىشىش جەريانىدا چوڭ ئانامنىڭ ئېسىنىڭ ئېنىق، سۆزلىرىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. شۇ چاغلاردا چوڭ ئانام زەيتۇنخان ئۈرۈمچى رەستىگە (نەنمىڭ) جايلاشقان خەلق نەشرىياتىنىڭ ئارقىسىدىكى كونا تۇڭگان مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى مەهەللىدە ئولتۇرۇشلۇقىكەن. مەن شۇندىن كېيىن چوڭ ئانامنى هەر هەپتىسى ئۈزۈلدۈرمەي يوقلاپ تۇردۇم.

چوڭ ئانام زەيتۇنخان پاراڭخۇمار ئايالىكەن، هەر قېتىم يوقلاپ بارسام بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى هەققىدە كۆپ پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بىر كۈنى يۈرىكىگە هەسرەت بولۇپ، ئورناپ كەتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

چوڭ ئانامنىڭ دېيىشىچە، شىڭشىسەي جاللاتلىرى ئېرى ئابدۇرېهىم قارىمنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى يىلغىچە

خەۋىرىنى كۆتۈپتۇ، بىراق ھېچقانداق خەۋىرى بولماپتۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، چوڭ ئانامنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ چوڭ ئانام ياتلىق بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپتۇ. ئەسلىدە چوڭ ئانامنىڭ بۇ قېتىم ياتلىق بولغان يېڭى ئېرى ئۈرۈمچىدە شىڭشىسەي تۈرمىسىدە ئىشلەيدىغان تۈرمە ساقچىسىكەن. چوڭ ئانام بۇنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىلىپتۇ. ئۇ ئادەم ھاراققا ئامراق، قاپىقىنى ئاچمايدىغان، كەم سۆز ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئۆيگە مەست كىرىپتۇ ۋە چالۋاقاپ: «بىلەمسەن، بۈگۈن مەن تۈرمىدە ئابدۇرېھىمنى قىيىندىم، سېنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭ ئابدۇرېھىم قارىنى قىيىندىم، ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ شۇنداق بىر مۇش قويۇپتىكەنمەن، ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ھەر كۈنى ئۇنى شۇنداق بىر ئۇرۇۋالسام خۇمارىم بېسىقىدۇ» دەپتۇ. چوڭ ئانام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بۇرۇنقى ئېرى ئابدۇرېھىم قارىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ، يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىپتۇ. كېيىن بۇنداق گەپ - سۆزلەر داۋاملىق تەكرارلىنىۋېرىپتۇ. بۇ دەردلەرگە چىدىمىغان چوڭ ئانام ئارىدىن 5ئاي ئۆتۈپ بۇ تۈرمە گۇندىپېيىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. چوڭ ئانام ئاجراشقاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئېرى ئابدۇرېھىم قارىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپتۇ ۋە تۈرمىگە يوقلاپ بېرىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈپتۇ، ئەمما پەقەت ئامالىنى قىلالماپتۇ. كېيىن باشقىلاردىن ئابدۇرېھىم قارى تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگەن مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. چوڭ ئانام شۇندىن كېيىن يەنە ياتلىق بولۇپ، بالىلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇرېھىم قارى ھەققىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەرنى زادىلا ئۇنتالماپتۇ.

چوڭ ئانام 1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئۆزىنى ياراتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىسىگە تاپشۇردى. ھاياتىدىكى بىر مۇنچە ھەسرەت ۋە كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۆرۈمچى يامانلىق تاغىنىڭ ئىچكىرسىدىكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە كىچىك بىر قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. چوڭ ئانامنىڭ نامىزىغا قاتناشقان، بۇرۇندىن چوڭ ئانامنى تونۇيدىغان چوڭلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن چوڭ ئانام قەبرىسىگە يالغان يېشى بىلەن 95 ياش دەپ قويۇلدى.

## ئانام ۋە كوچا قىزلار مەكتىپى

ئانام يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى كوچادا تۇنجى ئېچىلغان قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ. بۇ مەكتەپ كوچا كونا شەھەر كوچىئىرىق بويى مەھەللىسىدىكى چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ مەكتەپنىڭ تارىخىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۇپرىغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارىتى تاشلاندۇق ھالەتتە يول ياقىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مەكتەپ جايلاشقان بۇ يول ئەسلىدە كونا شەھەردىكى ئادەملەر ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بىرقانچە ئاۋات مەھەللىلەرنى بىر - بىرگە تۇتاشتۇرغان ئاساسلىق يول بولۇپ، بىر ئۇچى ئەسلىدىكى ساي كۆرىكى ئارقىلىق رەستىگە تۇتاشسا، يەنە بىر تەرىپى ساقساق مەھەللىسىگە تۇتۇشاتتى. 1985 - يىلى ئەسلىدىكى ياغاچ كۆرۈك بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ 100 مېتىر شىمالىغا «كۆسەن كېچىكى» نامىدىكى يېڭى كۆرۈك سېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يول كوچا كونا شەھەردىكى قاتناش تۈگۈنى ھېسابلىناتتى. يول ياقىسىغا ھەرخىل ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ دۇكانلىرى ئېچىلغان بولۇپ، ئاۋات، قايناق - تاشقىنلىق بىر مەنزىرە بار ئىدى.

ئانام بىلەن ئىككىمىز ھەر قېتىم بۇ كوچىدىن ئۆتسەك، ئانام

ئۆزى ئوقۇغان بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ خارابىگە ئايلانغان قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەسرەتلىنەتتى ۋە ئۆزى ئوقۇغان مەزگىللىرىدىكى پارلاق ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ، خىياللارغا غەرق بولاتتى، ئېسىدە قالغان يارقىن سىمالار ۋە مۇھىم ۋەقەلەر ھەققىدە ئەسكەرتمە بېرەتتى. «ئادەمنىڭ ئادەم بولمىغى قىرىق يىل» دېگەندەك، يېشىم قىرىقتىن ئاشقاندا ئاندىن ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرىدىكى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يەتتىم، بىراق كۆپ كېچىككەنىدىم، ئانامنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئەسلىمىلىرىمىزگە يىللارنىڭ توزانلىرى قونۇپ، تارىخىي ئىزنالار خىرەلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسى ئارىمىزدىكى ئەسلىمە رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. سىغىنىشتىن ھالقىغان ئوي - پىكىرلەر چېگرا سىملىرىغا ئىلىنىپ قالاتتى.

ئانام ئوقۇغان قىزلار مەكتىپى 1935 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئەسلىدە بۇ مەكتەپ مەدرىس بولۇپ، دىن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بولمىغاچقا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تاشلىنىپ قالغانىكەن. خوجانىياز ھاجى كۇچاغا كەلگەن چاغلاردا «كۇچا نەشرى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» قىزلار مەكتىپى قۇرۇش دوكلاتىنى خوجا نىياز ھاجىغا دوكلات قىلغان. خوجا نىياز ھاجى بۇ ئىشتىن خوش بولۇپ، قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن قادىر ھاجى تۇڭلۇك كۇچئېرىق بۇيىدىكى كونا مەدرىسنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مەكتەپكە ئوقۇغۇچى يىغىش ئىشلىرىنى تاتارىستانلىق سوپىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا بىلەن ئابلىمىتخان مەخسۇم ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

كۇچادا قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان مەلۇم تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلارمۇ بار ئىدى. كۇچانىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلىرى ھېسابلانغان ھامۇت ھاجى، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇمىجىت سابىر قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر بىرلىشىپ، كۇچا كونا شەھەر يېڭى مەھەللىدە ئۈچ سىنىپلىق يېڭىچە مائارىپ مەكتىپى ئاچقان ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 100 نەپەردىن ئاچقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر قىز ئوقۇغۇچىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى سەرراپ ئېزىز ھاجىمنىڭ قىزى سۇپىيەم، يەنە بىرى ئەكرەم ئەپەندىنىڭ قىزى شەرەپەتخان ئىدى. بۇلارنىڭ دەرس نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولغان. بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان مەكتەپ باشقۇرۇش ھېيئىتى قىزلار مەكتىپى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەكلىپ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك يۇرت كاتتىلىرى تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشىپ، ھامۇت ھاجىنىڭ قورۇسىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى قىزلار سىنىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن ۋە يىراق يېقىدىن بولۇپ، بۇ سىنىپقا 30 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 20 نەپىرى كىچىك قىز، ئون نەپىرى ئەرگە تەككەن چوكان بولغان. بۇلارغا سۇپىيەم بىلەن شەرەپەتخان ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، 1914 ـ يىلى مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى بولغان سۇپىيەم ئابدۇلمجىت قازى ئاخۇنۇم بىلەن، شارايەت شايارلىق مەشھۇر زات ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، كۇچا تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان قىزلار مەكتىپى توختاپ قالغان.

كۇچا تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولغان شارايەتخاننىڭ يولدىشى شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم كېيىنچە قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان. كېيىن ئابدۇنىياز كامال قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭگە قاتناشقان ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى بىلەن ئاقسۇ چۆللۈكىدە باتۇرلارچە ئۇرۇشۇپ قۇربان بولغان كىشىدۇر.

1933 ـ يىلى تۆمۈر ئىلى كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوجا نىياز ھاجىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، كۇچادىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار ئارىسىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئىستىكى قايتىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. 1934 ـ يىلى رەسمىي تۈردە «كۇچار دارىلمۇئەللىمىن ئالىيە، بىپەرمايىش ھاجى خوجانىيازىيە» ۋە «تۆمۈر غازى مەكتىپى» نامىدا ئىككى مەكتەپ قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كۇچا قىزلارنىڭ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۈرتكە بولىدۇ.

ئانام مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا مەكتەپكە سوپىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا مۇدىر ئىكەن. سوپىيە مۇدىرنىڭ يولدىشى ئەزىمخان تۆرە ئەسلىدە سودىگەر كىشى بولۇپ، خوجانىياز ھاجى كۇچاغا كېلىشتىن ئىلگىرى كۇچا بىلەن شەمەي ئارىلىقىدا كارۋان تارتىپ سودا قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئائىلە بىلەن ئانامنىڭ ئائىلىسى ئارىسىدا قويۇق باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلەر بار ئىكەن.

سوپىيە ئاگىيېۋا كۇچادا سوپىيە خانىم دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بولۇپ، كۇچا خەلقىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىززەت ـ ئېھتىرامغا ئىگە بولغان. سوفىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋا 1902 ـ يىلى قازاندا تۇغۇلغان بولۇپ، قازان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان.

سوپىيە خانىمنىڭ كازىم، سەلىمجان ۋە پاكىزەم ئىسىملىك بالىلىرى بولۇپ، ئانام پاكىزەم ئىسىملىك قىزى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەن. ئانامنىڭ بالا ۋاقىتلىرىدا يۈزلىرى خۇددى تاتار قىزلىرىدەك ئاپئاق، سارغۇچ چاچلىرى بۇدۇر بولۇپ، ئەينى دەۋردە رۇسىيەدىن كىرگۈزۈلگەن مەدەنىي كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئانامنى سوپىيە خانىمنىڭ تۆتىنچى بالىسى، دەپ چاقچاق قىلىدىكەن. گەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاكىزەم ئانامدىن يېشى كىچىك بولسىمۇ تاكى ئانام تويى قىلغۇچە يېقىن دوستلاردىن ۋە مېھرىبان ئاچا ـ سىڭىللاردىن بولۇپ، ئۆتۈپتۇ. ئانامنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى داۋالغۇش ۋە سوروقچىلىقلار ئانامنى سوپىيە خانىمدىن ۋە دوستى پاكىزەمدىن ئايرىپ تاشلاپتۇ. گەرچە ئانام شۇنچە كۆپ سوروقچىلىق تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئانام سوپىيە خانىمنى ئوغلى سەلىمجان كۇچا خانىقاتام يېزىسىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇ يەردە 1950 ـ يىللىرى ئۆپكە كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. بىز 1986 ـ يىلى ئانام بىلەن خانىقاتام يېزىسىغا سوپىيە خانىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى باردۇق. بىراق خانىقاتام بازىرىدىكى چوڭلاردىن شۇنچە سوروشتۇرگەن بولساقمۇ، ئەمما ھېچكىم سوپىيە خانىمنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. بىز سوپىيە خانىمنىڭ روھىغا غايىبانە دۇئا قىلىپ قايتتۇق. شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ سوپىيە خانىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلىيالمىغانلىقىغا ئانامنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ، كۆز يېشى قىلدى. ئانام يولدا كېتىۋېتىپ سوپىيە خانىمنىڭ كېيىنىشىدىن تارتىپ، ئەخلاقى، پەزىلىتى، ئىقتىدارى ۋە خەلق ئارىسىدىكى تەسىرلىرىگىچە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرىپىنى قىلدى.

كۇچا خەلقىنىڭ يېڭى زامان مائارىپىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئۈمىد چىرىغىنى ياققان بىر مائارىپچىنىڭ قەبرىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەم تۈزۈك بىر قەبرىسىنىڭ بولماسلىقى كۆڭلىمىزنى غەش قىلدى. مانا بۇ يىل بىزنىڭ خانىقاتام يېزىسىغا بېرىپ سوپىيە خانىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلىماقچى بولغانلىقىمىزغىمۇ دەل 30 يىل بولۇپتۇ. بەلكىم بۇ يىللار جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ھۆرمىتى بار، قەلبى پاك ياشلىرىمىزدىن

بىرەرى سوپىيە خانىمنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ، يېڭىلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا سوپىيە خانىمنىڭ ۋە ئانامنىڭ نامىدىن چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

1990 - يىللارنىڭ بېشىدا ئانام سوپىيە خانىمنىڭ قىزى، ئانامنىڭ قەدىرلىك دوستى پاكىزەم خانىمنىڭ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر ئېلىپتۇ. ئانام كۇچادىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بىز بىرلىكتە پاكىزەم خانىمنى تېپىش ئۈچۈن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كەلدۇق. كۆپ سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن ئاخىر پاكىزەم خانىمنىڭ ئۆيىنى تاپتۇق، بىراق پاكىزەم خانىم ئۆيىدە يوق ئىكەن. قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتۈرسەك پاكىزەم خانىم بىر يەرگە كەتكەن ئىكەن، قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئانام شۇندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتا كېلەلمىدى. ئانامنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە كەتتى.

### ئانامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئەزىمخان تۆرە

ئانامنىڭ ئەزىمخان تۆرىنى كۆرگەن ۋاقىتلىرى بالىلىق چاغلىرى بولغاچقا، ئەسلىملىرى ناھايىتى غۇۋا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەزىمخان تۆرىنىڭ ئوتتۇرا بويى، تېنى ئانچە بەستلىك ئەمەس، تولىمۇ مېھرىبان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بىر قانچە قېتىم ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلەتكەنلىكىمۇ ئېسىدە ئىكەن.

ئەزىمخان تۆرە كۇچا قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىدا كۈچ چىقارغان ۋە شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە ئۆتىگەن سوفىيە خانىمنىڭ يەنى سوفىيە ئىبراھىم ئاگىيېۋانىڭ يولدىشى ئىدى. ئەزىمخان تۆرە 1897 - يىلى ئۆزبېكىستان مەرغىلانىدا سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىكىدە دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن يەنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلغان يىللىرىدا ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچى بولغان 1924 - يىلى سوفىيە خانىم بىلەن توي قىلغان. 1925 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كۇچاغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇچېرىق بويى مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مەزمەخان تۆرە كۇچاغا كەلگەن دەسلەپكى يىللىرى كۇچا بىلەن شەمەي ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ جان باققان. 1933 - يىلى خوجا نىياز ھاجى كۇچاغا كەلگەندە خوجا نىياز ھاجىغا مەسلىھەتچى بولغان ۋە خوجا نىياز ھاجى ئەگىشىپ قەشقەرگە كەتكەن. 1935 - يىلى خوجا نىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىش سەپىرىدە كۇچاغا چۈشۈپ، بىرقانچە ئاي تۇرغان. ئەزمەخان تۆرىمۇ خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە كۇچاغا كەلگەن. ئانام مۇشۇ مەزگىللەردە ئەزمەخان تۆرى بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇچراشقان ئىكەن. ئەسلىدە ئەزمەخان تۆرىنىڭ بۇ قېتىم كۇچادا ئائىلىسىنىڭ يېنىدا قېلىش نىيىتى بولسىمۇ، ئەمما خوجا نىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بىرگە بېرىشتا چىڭ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەزمەخان تۆرە ئامالسىز خوجا نىياز ھاجىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە بارغان. 1937 - يىلى شىڭ شىسەي خوجا نىياز ھاجىنى تۇتقۇن قىلغاندا ئەزمەخان تۆرىنىمۇ بىرلىكتە تۇتقۇن قىلغان. كېيىن خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن

### ئانام ۋە كەشپۇللا ھەققىدىكى ئۇچۇرلار

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئانام ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ

ئايالى سۇپىيەم بائىز بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى، سۇپىيەم بائىزنىڭ ئاتىسىمۇ مېنىڭ ئاتام بىلەن بىر كوچىدە قولغا ئېلىنغان. گەرچە سۇپىيەم بائىز مەندىن چوڭ بولسىمۇ قوشنا بولغاچقا ئاچا سىڭىل بولۇپ، ياخشى ئۆتەتتۇق. سۇپىيەم بائىز مەندىن بۇرۇن كوچىمىزىق بويىدىكى قىزلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى. قىزلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر يىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇپ كېلىپ، قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. سۇپىيەم بائىز مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندە مەن تېخى قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئىدىم. سۇپىيەم بائىز ناھايىتى چىرايلىق، جانلىق پائالىيەتچان قىز ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، داۋاملىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇدا قىزلار مەكتىپى ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىپ، قايتىپ كەلمىدى. كېيىن مەكتەپتىن ۋە ئانىسىدىن ئاڭلىسام، ئاقسۇ قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپتۇ. 1944 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا سۇپىيەم ئاقسۇدىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۆيىگە كىرىپ كۆرۈشتۈم. سۇپىيەم بائىز ئۆزىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن توي قىلغانلىقىنى، تۇغۇت ئۈچۈن كۇچاغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا سۇپىيەم بائىز بوشاندى. بىر 40 كۈننى تولدۇرۇپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن يوقلاپ كىردۇق. بوۋاقتا دادىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كەشپۇللا دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مەن كەشپۇللانى قولۇمغا ئېلىپ كۆتۈردۈم، بوۋاق ناھايىتى چىرايلىق، پاقلانىدەك بوۋاق بولۇپتۇ. سۇپىيەم بائىزنىڭ دېيىشىچە بوۋاق دادىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشايدىكەن. شۇندىن كېيىن بىرقانچە قېتىم سۇپىيەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بائىرنىڭ يېنىغا كىرىپ يوقلاپ چىقتىم، سۆپىيەم بائىر بالىسى بىلەن بولۇپ، كۆپ تالاغا چىقمايتتى. ئاردىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندە بالىنىڭ قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ خەۋىرى بولدى. بىز ئۆيدىكىلەر ھەممىمىز نامىزىغا باردۇق. بەلكىم كەشپۇللا 4ئايلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن.»

ئانامنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. بۇ چاغلاردا تېخى ھېچقانداق گېزىت - ژۇرناللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كەشپۇللا ئىسىملىك ئوغلى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق ئىدى.

مەن ئەدەبىيات دەرسىمىزدە ئانامدىن ئاڭلىغان بۇ ئۇچۇر-لارنى سىنىپتا مۇئەللىمگە دەپ بەردىم، بىراق مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «بۇ ئۇچۇرلارنى نەدىن ئاڭلىدىڭ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھېچقانداق بالىسى بولمىغان، ئۇ ئىنقىلابىي زات بالىلىق بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى» دەپ كايىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ مەزگىللەردە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى بىلەن قىسقىچە تەرجىمىھالىدىن باشقا تورمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇر يوق ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە يېزىلغان تۈزۈكرەك ماقالىلەرنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

1986 - يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە، يېزىقچىلىق دەرسىنى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈۋېتىپ: «لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ دۇنيادىن شۇنچىلىك ياش كەتتى، شېئىرلىرىدا ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلىك بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. بىر ياستۇققا باش قويغان ئايالىنىڭ ساتقۇنلۇقى ھاياتىنى نابۇت قىلدى.» دېدى. مەن ئانامدىن ئاڭلىغان ئۇچۇر بويىچە

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كەشپۇللا ئىسىملىك ئوغلى بولغانلىقىنى دېدىم. بىراق مۇئەللىم: «زاماندىشلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرى بىلمىگەن بۇ بالىنى نەدىن تاپتىڭ، ساتقىن ئايالنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن بالىلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ سۆزۈمنى كەسكىن رەت قىلدى. گەرچە 80 - يىللار دا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نۇرغۇن زاماندىشلىرى، سەپداشلىرى ۋە بىر قىسىم دوست - بۇرادەرلىرى هايات بولسىمۇ ئەمما لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئايالى ۋە بالىسى هەققىدە نېمە ئۈچۈندۇر هېچنېمە دېمىگەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن سۇپىيەم بائىز 1944 - يىلى يانۋار ئېيىدا مەرھۇم شائىر نىمشېهىت ئارمىيە ئېلىنىڭ ئۆيىدە توي قىلغان بولۇپ، شۇ يىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا سۇپىيەم بائىز تۇغۇش ئۈچۈن كۇچاغا، ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1945 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا قولغا ئېلىنىدۇ. دېمەك سۇپىيەم بائىزنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ هەققىدە گومىنداڭ ساقچىلىرىغا ئۇچۇر يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس.

تاكى تۇرسۇن ئەرشىدىنىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ هەققىدىكى تەتقىقات كىتابىنى نەشر قىلىنغاندىن كېينلا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كەشپۇللا ئىسىملىك ئوغلى بولغانلىقى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قولغا ئېلىنىشىدا ئايالى سۇپىيەم بائىزنىڭ هېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. ئابدۇۋەلىي هېمىت نىزامى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە بۇ نۇقتىلارنى تېخىمۇ كونكرېتى يورۇتۇپ بەردى.

### ئانام كۆرگەن مارجان بۇلاق

تالانتلىق كەسپىي يازغۇچى توختى ئايۇپ ئاكىمىز 1985 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «مارجان بۇلاق» ناملىق پوۋېستىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مارجانبۇلاق ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، تارىم دەرياسى ۋادىسىدا كاتتا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. باينىڭ چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇ قىز ھويلىسىدا ئىشلەيدىغان بىر چاكارغا ئاشىق ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باي دەرغەزەپ بولۇپ، چاكارنى يىراققا ھاشارغا ئەۋەتىۋېتىپ، قىزنى پادىشاھقا كىنىزەكلىككە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپتۇ. پادىشاھقا كېنىزەك بولۇشنى خالىمىغان قىز ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر قاقاس ئېدىرلىقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ قىز كەپىسىنىڭ يېنىدىكى بىر دۆمبەلنى كولىغانىكەن، ئۇ يەردىن بۇلاق چىقىپتۇ. قىز بۇلاق سۈيى بىلەن ئەتراپىنى كۆكەرتىپتۇ. قىز سۆيگەن يارىنى سېغىنىپ، ھەر كۈنى ئېدىرلىقنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ، يارىنىڭ يولىغا قارايدىكەن. بىر كۈنى قىزنى ئىزدەپ چىققان پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. قىز ئېدىرلىقتىن چۈشۈپ، بۇلاق تەرەپكە قېچىپتۇ. لەشكەرلەر قىزنى تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا قىز ئۆزىنى بۇلاققا ئېتىپتۇ. لەشكەرلەر كېلىپ بۇلاققا قارىسا بۇلاقتا قىز يوق، پەقەت قىزنىڭ بويىندىكى بىر تىزىق مارجىنىلا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغۇدەك. لەشكەرلەر مارجاننى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئالالماپتۇ ۋە ئىلاجسىز ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يىگىت ھاشاردىن قېچىپ چىقىپ، بۇلاقنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئەمما بۇلاقتىن قىزنى تاپالماي، بۇلاق تۈۋىدە قان - يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ يىگىتنىڭ تېنىدىن گۈل - گىياھ، مەجنۇن تاللار ئۈسۈپ چىقىپ، بۇلاقنىڭ ئەتراپى ياپيېشىل چىمەنزارلىققا ئايلىنىپتۇ. بۇلاق بېشىغا كەلگەن كىشىلەر دائىم بۇلاقتا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان مارجاننى كۆرىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ بۇلاقنى مارجان

بـۇلاق، دەپ ئاتاشـقان ئىكـەن.

مـەن دەسـلەپتە بـۇ رىۋايەتنـى ئوقۇغـان ۋاقتىمـدا، كۇچـادا كىشـىلەر دائىـم سـۆزلەپ يۈرىدىغـان مارجـان بۇلاقنىـڭ رىئاللىقتـا بولمىغـان، پەقـەت رىۋايـەت خاراكتېرلىـك بىـر بۇلاقنىـڭ ئىسـمى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. كېيىـن ئانامدىـن سورىسام، ئانـام كۇچـا كونـا شـەھەردىكى ئىشـخىلا يېزىسـىدا ھەقىقەتـەن مارجـان بـۇلاق ئىسـىملىك بىـر بۇلاقنىڭ بولغانلىقىنى تەستىقلىدى. ئانـام 1955 ـ يىللىـرى ئىشـخىلا يېزىلىـق مەركـىزى مەكتەپتـە ئوقۇتقۇچـى بولـۇپ، ئىشلەپ يۈرگـەن چاغلىرىـدا مارجـان بۇلاقنـى بىـر قانچـە قېتىـم كۆرگەنىكـەن. كېيىـن باشـقىلاردىن سـوراش ۋە ماتېرىياللاردىـن ئىـزدەش ئارقىلىـق مارجـان بـۇلاق ھەققـدە تۆۋەندىكىـدەك بىـر قىسـىم ئۇچۇرلارغـا ئېرىشـتىم.

مارجـان بـۇلاق ئەسـلىدە كۇچـا ناھىيەسـى كونـا شـەھەردىكى بىـر بۇلاقنىـڭ نامـى بولـۇپ، كۇچـا كونـا شـەھەرگە ئـەڭ يېقىـن بولغـان ئىشـخالا يېزىسـى كۆككۆمبـەز كەنتـى، چاربـاغ (چاھاربـاغ) مەھەللىسـىگە جايلاشـقان. بۇلاقنىـڭ ئورنـى كۇچـا كونـا شـەھەرنى ئىككىگـە ئايرىـپ تۇرىدىغـان چوڭ سايغا سىڭىنغان كۆسـەن كېچىكى كۆرۈكىدىـن تەخمىنـەن ئىككـى كىلومېتىـر شـىمالىغا توغـرا كېلىـدۇ. بـۇلاق جايلاشـقان ئـورۇن ئورمـان ۋە يېشـىللىققا ئورالغـان ناھايىتـى گـۈزەل بوسـتانلىق بولـۇپ، ئەينـى يىللىـرى كىشـىلەرنىڭ سـەيلى ـ سـاياھەت قىلىدىغـان مۇھىـم سـەيلىگاھلىرىنىڭ بىـرى بولغـان.

بۇلاقنـى ئـۆز كـۆزى بىلـەن كۆرگـەن چوڭلارنىـڭ بايـان قىلىشـىچە، مارجان بـۇلاق ئىككـى چوڭ بۇلاقتىـن تەركىـب تاپقان بولـۇپ، بىرىـدە تـۆت كـۆز يەنـە بىرىدە 3 كـۆز بار ئىكـەن. ئېتىلىپ چىققـان ھەربىـر بـۇلاق كۆزىنىـڭ چوڭلۇقـى قازانـدەك چوڭلۇقتـا بولـۇپ، سۇلار فونتانـدەك ئېتىلىـپ چىقىدىكـەن. ئېتىلىـپ چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزۈك سۇلار قاينام ياساپ، تەبىئىي ھاسىل بولغان ئېرىقلار بىلەن ئېقىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىردا تۈگمەن چۆرگىلەتكۈدەك چوڭ ئېقىنغا ئايلىنىپ، ئاندىن كونا شەھەردىكى چوڭ سايغا قۇيۇلىدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇچا ئىنئانچى بەگلىكىنىڭ يازدا سەيلى - ساياھەت قىلىدىغان چاھار بېغى دەل مۇشۇ چارباغ (چاھارباغ) مەھەللىگە جايلاشقان بولۇپ، مارجان بۇلاقنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدىكەن. بەگلىكتىن ھەر چارشەنبە كۈنىنى بەگلەر، بەگزادىلەر، ئاغىچا خېنىملار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ چاھارباغنى سەيلە قىلىدىغان كۈنى قىلىپ بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەر چارشەنبە كۈنى بۇلاق بېشىدا قايناق تاشقىنلىق بازار بولىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ كۈنى يۇتۇن يۇرتتىن، يىراق - يېقىندىن كۆز بىمارلىرى بۇلاق بېشىغا كېلىپ، بۇلاق سۈيىدە كۆزلىرىنى يۇيىدىكەن. ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن مارجانلىرىنى بۇلاققا قارايدىغان شەيخكە ئوقۇتۇپ، ئاندىن مارجاننى بۇلاققا تاشلاپ، كۆزلىرىگە شىپا تىلەيدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلاقنىڭ ئاستى رەڭگە - رەڭ مارجانلارغا توشۇپ، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇلاقنى بارا - بارا «مارجان بۇلاق» دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا ئادەتلىنىپتۇ.

توختى ئايۇپ ئاكىمىز «مارجان بۇلاق» پوۋېستىدا ئىككى ياشنىڭ تراگېدىيەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق مارجان بۇلاقنىڭ گۈزەل تەسۋىرلىرىگە يەر بەرگەن. پوۋېستتا ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن قىز مارجان بۇلاققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. دېمەك گۈزەل بىر قىزنى قوينىغا ياتقۇزۇپ، ھاياتىنى باغرىغا ئالالىغان بۇ بۇلاق ئانچە كىچىك بۇلاق بولمىسا

كېرەك. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا چوڭلارنىڭ دەپ بېرىشىچە مارجان بۇلاقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىردىن 4 مېتىرغىچە بولۇپ، بۇلاقتا ھەر خىل بېلىقلار ياشايدىكەن.

«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا 1950 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ، يەر بايلىقلىرىنى ئىزدەشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەردىن كۇچادا تۇرغانلىرى مارجان بۇلاقنىڭ سۈيىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇلاق سۈيىنىڭ ساپ ۋە پاكىز مىنېرال سۇ ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا ئۇلار بۇلاقتىن شۇنچە ئۇزاقتا تۇرغىنىغا قارىماي، بۇلاق سۈيىنى توشۇپ تۇرمۇشىغا ئىشلەتكەن. مارجان بۇلاقنىڭ سۈيى يازدا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، قىش پەسىللىرى ئۈستۈن ھور ئۆرلەپ تۇرغان.

50 - ، 60 - يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل سىياسىي بوران - چاپقۇنلار شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىرلىق سېھرى كۈچىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇلاق كۆزى ئېتىلىپ قېلىپ، بۇلاق سۈيى ئېگەلىگەن دائىرىسىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن. 1970 - يىللارغا كەلگەندە بۇلاق سۈيى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، ئەسلىدىكى باغۇبوستانلىق ھالىتى خارابىگە ئايلانغان. ئەمما كېيىنچە مارجان بۇلاقنىڭ 500 مېتىرچە تۆۋەن تەرىپىدىن يېڭى بىر بۇلاق ئېچىلىپ، مارجان بۇلاقنىڭ يوقالغان ئورنىغا كىچىككىنە بولسىمۇ زىننەت قوشقان. گەرچە مارجان بۇلاق بۈگۈنكى كۈندە غايىب بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شېئىر تۇيغۇغا باي نامى يازغۇچى توختى ئايۇپ ئاكىمىزنىڭ مارجان بۇلاق ناملىق پوۋېستى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانام 1955 - يىلى ئاقسۇدا ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، كۇچا ناھىيەسى ئىشخالا يېزىسى مەركىزى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئىشخالا يېزىسى كۇچا كونا شەھەرنىڭ مەركىزىدىن ئۈچ كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا ئەڭ يېقىن يېزا ھېسابلىناتتى. بۇ چاغدا تېخى كۇچا يېڭى شەھەر قۇرۇلمىغان بولۇپ، كۇچادىكى مەمۇرى ئورگانلارنىڭ ھەممىسى كونا شەھەردە ئىدى. 1958 - يىلى كۇچا شەھەر مەركىزىنى سۇ بېسىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يېڭى شەھەر بەرپا قىلىنىپ، ھۆكۈمەتكە تەۋە مەمۇريي ئورگانلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە كۆچۈرۈلۈپ كېتىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كۇچادا يېڭى شەھەر ۋە كونا شەھەر دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن.

ئانام ئىشخالا مەركىزى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە شارائىت ناھايىتى ناچار بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقتە يېڭى ھۆكۈمەتكە قارىتا تولۇق ئىشەنچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە تازا قىزغىن بولمىغان. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ بويى ئۆيمۇ - ئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىش ھەققىدە دېھقانلارغا تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن. ئۇ چاغلاردا باشقا قاتناش ۋاستىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئانام ئېشەك مىنىپ مەكتەپكە بارغان ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغان. ئىشخالا يېزىسى كۇچادىكى ئىسلام دىنى ئەڭ بالدۇر تارقالغان يەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى ئادەت خاراكتېرلىك كونا ئەقىدىلەر ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا ئانامنىڭ

ئېشەك مىنىپ ئۆيمۇ ـ ئۆي باللارنى مەكتەپكە چاقىرىشى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ئەمما ئانام بوۋامنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

ئانامنىڭ ئېيتىشىچە ئىشخالا دېگەن نام «ئاشىقلا» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، تارىختا ئىشخالا يېزىسى «ئاشىقلار» نىڭ ماكانى بولغانىكەن. «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 66 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1267 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شەيخ نىزامىدىن دېھلىۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر كىشى كۇچاغا كېلىپ، ئىسلام دىنى تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇ كىشى كۇچانىڭ ئىشخالا دېگەن جايىدا تۇنجى خانىقا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپەيتكەن. خانىقا ئىچىدە مەدرىس ئېچىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن. شۇ مەزگىللەردە بىر تۈركۈم كىشىلەر نىزامىدىن دېھلىۋىگە قول بېرىپ مۇرىت بولغان بولۇپ، كۈن بويى خانىقادا ئاشىقلاردەك پىر ئويناپ كۈن ئۆتكۈزۈشكەن. كىشىلەر بۇلارنى «ئاشىقلا» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە بۇ نام پۈتۈن يېزىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ، «ئاشىقلا» يېزىسى دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئاشىقلا» دېگەن سۆز تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ، «ئىشخالا» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

نىزامى دېھلىۋى سالدۇرغان بۇ مەدرىس ۋە خانىقالار تاكى 1950 ـ يىلىغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئەمما بۇ خانىقا ۋە مەدرىسنىڭ قاچانلاردا چېقىپ تاشلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئانام 1962 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆچكىلىككە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىكى ئايال نېفىت ئىشچىلىرىغا مەسئۇل كادىر بولغان. گەرچە ئۆچكىلىك كۆچا كونا شەھەرگە سەل يىراق، بېرىپ كېلىشكە قاتناش قۇلايسىز بولسىمۇ، ئەمما ئانام بۇ يەردىكى خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى بولغان.

ئۆچكىلىك تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان تۇنجى نېفىتلىك بولۇپ، كۇچانىڭ 120 كىلومېتىر شەرقى شىمالىدىكى تەڭرىتاغ ئېتىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نېفىتلىك ئەڭ دەسلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1952 ـ يىلى بايقالغان بولۇپ، 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ چاغلاردا تېخى تارىم بوستانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىن نېفىت مەنبەلىرى تېخى بايقالمىغان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بىردىن ـ بىر نېفىتلىك ھېسابلىناتتى. نېفىتلىككە كۇچاردىن سىرت يېقىن قوشنا ناھىيەلەردىنمۇ ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، تاكى 80 ـ يىللارغىچە كۆچا يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىدە «تارىم نېفىت ئائىلىلىكلەر قورۇسى» نامىدا بىر رايون بار ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆچكىلىك نېفىتلىكىدە ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى بولۇپ، ئۇ يەرنى كىشىلەر قىسقارتىپ «تارىم» دەپ ئاتايتتى. مەن كۆچا 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئاشۇ «تارىم» دىن كېلىپ ئوقۇيدىغان بىرقانچە ساۋاقداشلىرىم بولىدىغان. ئۆچكىلىك نېفىتلىكى ئەينى چاغدا قانچىلىك تېز بايقالغان بولسا، ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ 1987 ـ يىلغا كەلگەندە ئۆچكىلىك نېفىتلىكى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، بىر تاشلاندۇق بىر خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىرمۇ ئۆچكىلىك نېفىتلىكىگە تەۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ

قالدۇق ئىزلىرىنى، پۇچۇق تاملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆچكىلىك نېفىتلىكى ۋەيران بولغاندىن كېيىن «تارىم نېفىت ئائىلىلىكلەر قورۇسى» غا تەۋە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شەرقى جۇڭغار نېفىت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلگەن.

ئانام ئۆچكىلىك نېفىتلىكىدە 1965 ـ يىلغىچە ئىشلىگەن بولۇپ، شۇ يىلى كۆزدە ئۆيگە قايتۇرۇلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتامنىڭ «يەرلىك مىللەتچى، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەندەك ناملىرى سەۋەب بولغان.

ئاتامنىڭ ئاتىسى كۇچادا نامى بار بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەقۋادار كىشى ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىملىق ھەج سەپىرىدە بىردىن بالىسىنى ئۆزى بىرلىكتە ھەجگە ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئاتامنى 1948 ـ يىلى ھەجگە ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئۇلار 1949 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئانام بىلەن توي قىلغان. ئاتامنىڭ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتى دەل كونا ھاكىمىيەت بىلەن يېڭى ھاكىمىيەت ئالمىشىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام ئىزچىل تۇردە ۋەتىنىگە قايتقان مۇھاجىر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئاتامنىڭ بىر ئاچىسى مەككىدە بىرىگە ياتلىق بولۇپ، شۇ يەردە قېلىپ قالغان. بۇلار مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانماستىلا ئاتامنىڭ جىنايىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق تەقىب قىلىشقا ئۇچرىغان. گەرچە ئاتام قويۇق دىنىي مۇھىتقا ئىگە تەقۋادار بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرگە چىدىماي، ھاراق ئىچىشكە ئۆگىنىپ قېلىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆپ سورۇقچىلىق تارتقان. ھەتتا ئانامنىڭ ئۆچكىلىك نېفىتلىكىدىن ھەيدىلىشىگىمۇ سەۋەب بولغان. ئاتامنىڭ ئەجدادلىرى ئەجدادمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-ئەجداد كوچادا ياشاپ كەلگەن يەرلىك كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئاتام بىر ئۆمۈر مۇھاجىرلىق سالاھىتىدىن قۇتۇلالماي 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 كۈنى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ئاتام ئۆچكىلىك نېفىتلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى ناھايىتى ناچار بولغان. 1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپلا بىزنىڭ ئائىلە بىرىنچى بولۇپ، زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولغان. ئائىلىمىز بىلەن ئاتام مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇۋېتىلگەن. 1968 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن ئائىلىمىزنى كۈنەس ناھىيەسىگە سۈرگۈن قىلغان. ئۇ چاغدا كوچادىن غۇلجىغا بېرىش ئۈچۈن كوچا -كورلا - خوتۇنسۇمبۇل - بولخۇنتاي يۇلتۇز - ئوت كەتكەن كۆرۈك - ئورمان - نارات - ئارال تۆپە - زەكتە - كۈنەس -قارابۇغرا - غۇلجا قاتارلىق يەرلەردىن ئۆتىدىغان ئىكەنتۇق. ئاتام خوتۇنسۇمبۇلغا كەلگەندە يوقاپ كەتكەن. ئانام باللار بىلەن ئاتامنى بىر قانچە كۈن ساقلىغان ۋە ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچ يەردىن ئىز دېرىكى بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئانام باللارنى ئېلىپ، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ يولغا چىققان. كۈنەسنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىغا كەلگەندە شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلگەن. بىراق يېزى باشلىقلىرى بىزنى ئارالتۆپە يېزىسىغا قاراشلىق قارابۇلاق كەنتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارار قىلغان.

## كۈنەس قارابۇلاقتىكى كۈنلەر

مەن ئەقلىمنى بىلگەن چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيىمىز «قارابۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىدا ئىدى. ئانامنىڭ ئەسلىمە قىلىشىچە بىز بۇ يەرگە 1969 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە كەلگەن ئىكەنمىز.

ئۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىلار ھازىرقىدىن باشقىچە نامدا ئاتىلاتتى. بىزنىڭ ئۆيىمىز شۇ چاغنىڭ ئاتىلىشى بويىچە ئېيتقاندا كۈنەس ناھىيەسى ئارالتۆپە كوممۇناسى (گۇڭشې)، قارابۇلاق چوڭ ئەترىتى (7 ـ دادۈي)، 1 ـ كىچىك ئەترەت (1 ـ شاۋدۈي) تە ئىدى.

ئارالتۆپە يېزىسى كۈنەس ناھىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ يېزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىغا تەۋە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان سۇلىرى مول، يېرى مۇنبەت، چەكسىز كەڭرى زېمىنغا ئىگە يېزا ئىدى. تارىختىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئارالتۆپە يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يۆلىنىشىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كارۋانلار چۈشكۈن قىلىدىغان ئاساسلىق ئۆتەڭ بولغان. كېيىن يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەر بارا ـ بارا چۆلدەرەپ قالغان. ئەمما ياز كۈنلىرى ئوت ـ چۆپ ئىزدەپ يايلاققا چىقىدىغان چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ تەلپۈنىدىغان يېرى بولغان. چۈنكى، ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ چېكىسىز زېمىننىڭ ياز كۈنلىرى ھاۋاسى ياخشى بولغاندىن سىرت ئوت ـ چۆپلىرى ھەقىقەتەن مول ئىدى. ئالدىڭىزنى مەيلى قاياققا قىلىپ تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىماڭ، كۆز ئالدىڭىزدا پەقەت ئۇپۇققا تۇتاشقان كۆز يەتكۈسىز يايلاق زاھىر بولاتتى. بۇ مەنزىرىلەر خۇددى «تۇرا قوشىقى» دىكى تەسۋىرلەردەك گۈزەل ئىدى.

**تۇرا قوشىقى**

*چوغاينىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،*
*تۇرالار دەرياسى ئويناپ، دولقۇنلاپ.*
*ئاسماننىڭ گۇمبىزى بارگاھسىمان،*
*تۇرىدۇ پايانسىز ئاسماننى قاپلاپ.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*شۇنچە كۆك، غۇبارسىز، ساماۋى ئاسمان،*
*دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.*
*كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا - مال،*
*ئەسكەندە شامالار ئوتلار ئەگسە باش.*

ئارالتۆپىگە 1934 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم ئورۇسلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۆيلەرنى سېلىپ بازار پەيدا قىلغان. ئۇ چاغلاردا تېخى «ئارالتۆپە» دېگەن بۇ نام قويۇلمىغان بولۇپ، تارىختا بۇ يەرنىڭ قايسى نام بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ يەرگە كېيىن ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار ھەر يەردىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىششقا باشلىغان ۋە بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇ يەرنى «ئارالتۆپە» دەپ ئاتىغان.

ئارالتۆپە يېزا بازىرىدىن تەخمىنەن 10 كىلومېتىر شىمالدا «قارابۇلاق» كەنتى بار ئىدى. قارابۇلاق كەنتى ئەينى چاغدا يەنە 7 - چوڭ ئەترەت دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەترەتنىڭ قارمىقىدا جەمئىي 4 كىچىك ئەترەت بار ئىدى. بىز دەسلەپتە 1 - كىچىك ئەترەتكە تەۋە بولۇپ، ئۆيىمىز شۇ يەردە ئىدى. 2 - 3 - 4 ئەترەتلەر قاربۇلاقتا بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، زىچ مەھەلىگە شەكىللەندۈرگەنىدى. پەقەت 1 - كىچىك ئەترەتلا قارابۇلاق كەنت مەركىزىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر شەرقىي شىمالغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى شالاڭ ئىدى. ئانام ۋە ئاكىلىرىم بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلاتتى. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە بۇ يەر ئادەملەر كۆپ، قاينام - تاشقىنلىق شەھەر مەركىزىدىن يىراق، خالىي بىر كەنت بولغاچقا بۇ يەردە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زۇلمەتلىك قارا كۈنلىرى ئانچە ئېغىر بولمىغان، پەقەت كۈز كۈنلىرىنىڭ

دەسلەپكى ئىزغىرىن شامىلىدەكلا سىيپاپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرنىڭ زېمىنى كەڭ، ئېتىزلىرى مۇنبەت بولغاچقا ئاچارچىلىقنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىمىغان. ئېسىمدە قېلىشىچە مەن مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۆزى داۋانچىڭلىق ئەمما ئۇرۇمچىدە تۈرمىدە ياتقان ئابدۇقادىر ئىسىملىك بىر ئادەم تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، بىزنىڭ مەھەللىدە پاناھلانغانىدى. ئۇ ئادەم ھېكايە سۆزلەشكە بەك ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئادەم پەقەت ئىشلىمەيتتى، كەچتە ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ ھېكايە سۆزلەيتتى. كۈنى قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ قالاتتى، قايسى ئۆيدە تاماق پىشسا شۇ ئۆيدە غىزالىناتتى. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئادەم مەھەللىمىزدە ئىككى يىللىچە ياشاپ، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

مەن ئىككىنچى سىنىپقىچە مۇشۇ يەردە قازاقچە مەكتەپتە ئوقۇدۇم. كېيىن 2 ـ كىچىك ئەترەتكە كۆچتۇق، مەكتىپىمنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇردۇم.

قارابۇلاقتا ئۆتكەن بالىلىقىم ھەققىدە يازسام توم ـ توم كىتاب بولغۇدەك ھېكايە ۋە گۈزەل ئەسلىمىلەر بار. بىراق بۇ ئانامنىڭ ئەسلىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك يازما بولغاچقا ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىگە ئورۇن ئاجرىتىشنى ئارتۇقچە ھېس قىلدىم. كېيىنچە پۇرسەت چىققاندا ئۇنىمۇ يېزىش ئويۇم بار. ئاللاھ تائالادىن ئۆمرۈمنى ئۇزۇن، تېنىمنى سالامەت قىلىشنى تىلەيمەن.

## يۇرتقا قايتىش

ئانامنىڭ قارابۇلاقتىكى كۈنلىرى خۇددى تۇرغۇن سۇدەك جىمجىت ئۆتكەن، ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك بىرەر چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشلەر ياكى بىرەر چوڭ ۋەقەلەر بولمىغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك قارا زاماننىڭ ئۇشۇقلىرىمۇ تەگمىگەن. ئۇ يەردىكى خەلقلەر تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا بولۇپ، سىياسىي - بوران چاپقۇنلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىمۇ بىلىپ كەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى شۇنچىلىك يېقىن بىلىشىدىغان بولۇپ، خۇددى ئۇرۇق تۇغقانلاردەك، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈشكەن. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەيدىغان سىياسىي كۈرەشلەرنى دەپ بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمىغان. بەلكىم بۇ بۇيۇك ئاتا تەڭرىتاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان باغرى چەكسىز ئانا زېمىننىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان تەبىئىينى بولسا كېرەك. بەلكىم تەبىئەتكە ئەڭ يېقىن كىشىلەردىلا مۇشۇنداق خىسلەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تەبىئەتكە تۇغۇلىدۇ، تەبىئەت قوينىدا ياشايدۇ ۋە ئاخىردا تەبىئەتكە سىڭىپ كېتىدۇ.

ئانام بۇ يەردە ھاياتىنى خاتىرجەملىك ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. بۇ يەردە زېمىن كەڭرى بولغاچقا، يەر ماجىرالىرىمۇ بولمىغان. بىزنىڭمۇ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا چوڭ بېغىمىز بولغان. بېغىمىزدا نەچچە ئون تۈپ ئالما دەرىخى بار بولۇپ، ئانام باغنىڭ ئالدى تەرىپىگە ھەر خىل گۈللەرنى تېرىغاندىن سىرت، قالغان يەرلىرىگە پۈتۈنلەي كۆكتات تېرىيتتى. قازاقلار باغلىرىغا كارتوشكىدىن باشقا كۆكتات تېرىمىغاچقا، قوشنىلىرىمىز بېغىمىزدىكى كۆكتاتلارغا قاراپ ھەيران قالاتتى. گەرچە ئانامنىڭ كۈنلىرى يازدا باغدىكى ئىشلىرى بىلەن، قىشتا قوشنىلار بىلەن يىغىلىپ ھېكايە سۆزلەش ۋە كۈلكە چاقچاقلار بىلەن ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر مىنۇتمۇ تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان يۇرتىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى زىنھار ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئانام ھەر زامان يۇرتى كۇچاغا قايتىش

ئىستىكىدە بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاللىقاچان ئاخىرلىشىپ، سۈرگۈن قىلىنغانلار يۇرتىغا قايتىپ، خىزمەتلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغىلى خېلى زامانلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئانام بۇ خەۋەرلەرگە ئەڭ دەسلەپتە ئىشىنەلمىگەن. يۇرتتىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، تۇغقانلىرىدىن ئۈچۈر ئېلىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشكەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە 1981 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئانام بىلەن بىرگە ئارالتۆپىنىڭ يېزا بازىرىغا باردۇق. ئانام ئات مىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن 20 كىلومېتىردەك يولنى پىيادە مېڭىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئادەتتە بىز بۇ يەرگە دوستلار بىلەن كىنو كۆرگىلى كەلسەك، ئەڭ قىسقا يولنى تاللاپ، ئېتىمىز ئارىلاپ ماڭاتتۇق. ۋاقتىمۇ كۆپ كەتمەيتتى، پەقەت 2سائەت ئەتراپىدىلا باراتتۇق. بۈگۈن ئانام بىلەن چوڭ يولدا مېڭىپ، بۇ يولنى 4 - 5سائەتتە تاماملىدۇق. بازاردا بىر ئاشخانىدا تاماق يەپ، ئاندىن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئانام ئۆي ئىگىسى ئايال بىلەن خېلى تونۇشىدىغاندەك قىلاتتى. خېلى ئۇزۇن سۆھبەتتىن كېيىن ئانام ئۇ ئايالدىن پال سېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. شۇ چاغدا مەن ئانامنىڭ بىرقانچە ئاي ئىلگىرى كۈچاغا يازغان خېتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ، بۇ پالچى ئايالنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بىلدىم. پالچى ئايال پالچىلارنىڭ پىرى ھېسابلانغان دانىيار ئەلھەسسالامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، قولىدىكى تاش ئۇرۇقنى ئالدىغا تاشلىدى. ئاندىن پال ئۇرۇقنىڭ چېچىلىش ئەھۋالىغا بىردەم قاراپ تۇردى، ئەمما ئۈندىمىدى. كېيىن قارتىنى ئېلىپ تىزىشقا باشلىدى. ئانام بىلەن ئىككىمىز زۇۋان سۈرمەي، ئۈنسىز ئولتۇردۇق. تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن پالچى ئايال «خوش خەۋەر، خوش خەۋەر» دېگىنىچە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە «پات يېقىندا

سىلىگە خەت كەلگۈدەك» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئانامنو بۇ خەۋەردىن ئۈمىدلەنگەنىدەك قىلاتتى. ئانام پالچى ئايالغا ئاتىغىنىنى بەردى.

ئارىدىن تەخمىنەن بىر ھەپتىلەر ئۆتۈپ دېگەنىدەك ئانام بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەت كۇچادىن كەلگەن بولۇپ، خەتتە جاھاننىڭ ئۆزگىشىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىۋاتقانلىقى، قايتىدىن نورمال بىر ھاياتنىڭ باشلانغانلىقى يېزىلغان ئىكەن. ئانام خەتنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھاياجانغا چۆمدى. مەن ئۇ چاغدا ئانامدىكى ئۇ خىل ھېس - تۇيغۇلارنى ئانچە چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. ئەمدىلىكتە مەن ئۆزۈم يۇرتتىن ئايرىلىپ، يۇرتىمغا يۇرت سېغىنىشى ۋە ھەسرەت تولغان بۇ كۆنلەردە ئانامنىڭ شۇ چاغدىكى ھاياجىنىنى، يۇرت سېغىنىشىنى ۋە ھەسرىتىنى قايتىدىن چۈشەنگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئانامغا ئەگىشىپ، 1982 - يىلى 7 - ئايدا كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەسلىدە ئارالتۆپىدىن كۇچا بارىدىغان ئەڭ قىسقا يول تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق مېڭىش بولسىمۇ، ئەمما بۇ يول بەك خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدا تېخى يولۇچىلار ئۈچۈن رەسمىي قاتناش باشلانمىغانىدى. شۇڭا بىزنىڭ سەپەر جەريانىدا بېسىپ ئۆتىدىغان يولىمىز يەنىلا 1969 - يىلى قىشتا بېسىپ ئۆتكەن كونا يولىمىز بولدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمىزدىكى تاغ - دەريالارنىڭ مەنزىرىسىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. ئەمدىلىكتە بۇ مەنزىرىلەر ھاياتىمدىكى ئۆچمەس خاتىرىلەر بولۇپ قالدى. بىز ئارىدا ئىككى قونۇپ ئۈچىنچى كۈنى كۇچاغا ساق - سالامەت يېتىپ كەلدۇق.

بىزنىڭ ئاتا تەرەپ جەمەتىمىزنىڭ ئىشخالا يېزىسىغا قارايدىغان تۆۋەن بىجاق كەنتىدە دائىرىسى ئون مو كېلىدىغان شەخسىي قەبرىستانلىقىمىز بار ئىدى. بۇ يەردە بىزنىڭ ئاتا جەمەتىمىزگە تەۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىسى بار. بولۇپمۇ بوۋام ئابىت ھاجىمنىڭ قەبرىسى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبتا ياسالغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەن چەتئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئانامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ھېچبىر مەسلىھەتتە بولمىغانىكەنمەن. ئانام مەن مېڭىشتىن ئىلگىرى 70 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ناھايىتى تېتىك ئىدى. مەن ئانامنىڭ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كېسەل بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئانام ھەر زامان شۇنچىلىك تېتىك ئىدى. گەرچە ئۆيدە ئىككى ئاكامنىڭ ئائىللىرى ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقسىمۇ، ئانام ئۆزىنىڭ بىكار ئولتۇرۇپ قېلىشىنى خالىماي، ئۆزى بىر ئىشلارنى تېپىپ قىلاتتى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئالدى بىلەن ئانامنىڭ ئىككى پۇتى ئاغرىپ، مېڭىشتىن قېلىپتۇ. شۇ چاغدا ئاكىلىرىم ئانام بىلەن ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ھەققىدە مەسلىھەت قىلغان ئىكەن. ئانام ئاكىلىرىمغا ئۆزىنىڭ كونا شەھەر دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ يېنىدا يېتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقى كۇچا كونا شەھەردىكى ئەڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ساھىبخانىلىق قىلىپ كەلمەكتە. رەھمەتلىك ئاناممۇ 2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىندى. مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ چوڭلار بىلەن بىرگە بۇ قەبرىستانلىققا نۇرغۇن قېتىم بارغانىدىم. ئەمما تېخىچە ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، قەبرە بېشىغا ھېيت - ئايەملەردە شاخ قاداش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن تولۇپ، تاشقان سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئانامنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن ۋە روھىغا جانابى ئاللادىن ئەمىنلىك تىلەيمەن.

*2016 - يىلى 5 - ئاي ستوكھولم.*

# ئىسمىم تارتقان كۈلپەتلەر

مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زۇلمەتلىك قارا كۈنلىرىدە تۇغۇلغانىكەنمەن. گەرچە بۇ يىللاردا مەسچىتلەر تاقىلىپ، قارى - قۇرئان كىشىلەر نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئانام يەنىلا مەھەللىمىزدىن ئېغىزىدا ئېلىمى بار كىشىدىن بىرىنى تېپىپ، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە ماڭا «ئابدۇشۈكۈر» دەپ ئات قويۇپتۇ. دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، يېڭىچە ئات قويۇش مودىغا ئايلانغان ئۇ يىللاردا ئانامنىڭ يەنىلا ماڭا بۇ ئىسىمنى تاللىشى، بەلكىم ئىمانىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى، ياراتقۇچىغا بولغان قۇلچىلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

ئابدۇشۈكۈر، ئەسلىدە ئەرەبچە ئىسىمدۇر. ئۇ ئەرەبچىدىكى «عبدالشكور» ، ياكى «عبد شكور» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەرەبچىدىن نۇرغۇنلىغان كىشى ئىسىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل تەلەپپۇزى، تاۋۇش چىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىخچاملاپ ۋە چىرايلىقلاشتۇرۇپ قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇ يالغۇز ئۇيغۇرلارغا خاس ئالاھىدە بىر ھادىسە بولماستىن بەلكى پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك. ئەمما يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارمۇ ئەسلىدىكى بىر چىرايلىق ئۇيغۇرچىلاشقان ئىسىملىرىنى ئەسلىدىكى ئەرەبچە ھالىتىگە قايتۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز «قىيامەت كۈنى سىلەر ئۆز ئىسمىڭلار ۋە داداڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىسىلەر، شۇڭا ئىسمىڭلارنى چىرايلىق ئاتاڭلار» دېگەن ئىكەن. بۇ يەردىكى چىرايلىق ئاتاش پەقەت ئەرەبچە ئاتاشنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بۇ ئىمان - ئېتىقادىغا زىت كەلمىگەن ئۆز ئانا تىلىدىكى ئىسىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن بىر يېرىم ياشقا كىرگىچە مەھەللىمىزدە ئانام قويغان ئاشۇ مۇبارەك ئېتىم بىلەن ئاتىلىپ كەپتىمەن. كېيىن 3 - 4 ياشلارغا كىرىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان چاغلىرىمدا، مەھەللىمىزدە ئېتىمنىڭ «ئەپتۇشكۇر» ئاتىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. بۇ چاغلاردا مەن ئىسمىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئەسلا خەۋىرىم يوق ئىدى. 7ياشقا كىرىپ، مەكتەپنى باشلىغان يىلىم، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇمدا، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مەھەللىمىزدە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يىراق يۇرتتا، باشقا بىر خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلدىم. ئانامنىڭ دېيىشىچە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قارا بورانلىرى بىزنى يۇرتىمىزدىن ئايرىپ، بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىغان ئىكەن. بىز ياشاۋاتقان بۇ يەر كۈنەس ناھىيەسىنىڭ ئارالتۆپە يېزىسى، قارابۇلاق كەنتىنىڭ بىرىنچى مەھەللىسى ئىكەن. بۇ يەردە پەقەت قازاقلارلا بولۇپ، بىزدىن باشقا ئۇيغۇرلار يوق ئىكەن. ئەزان ئېيتىپ قويغان ئېتىم ئەسلى «ئابدۇشۈكۈر» بولۇپ، بۇ ئىسىم قازاقچە تەلەپپۇزدا قىيىن بولغاچقا، مەھەللىمىزدىكى قازاق قوشنىلىرىمىز ۋە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم قازاق تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېتىمنى «ئەپتۇشكۇر» دەپ ئۆزگەرتىۋاپتۇ.

مەن تاكى 7 - سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، 14 ياشقا كىرگۈچە قازاقچە ئىسمىم «ئەپتۇشكۇر» دېگەن نام بىلەن چاقىرىلىپ

كەلدىم. مەھەللىمىزدە ئائىلىمىزدىكىلەردىن بۆلەك ھېچكىم مېنى «ئابدۇشۇكۇر» دەپ چاقىرمايتتى.

تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن 1982 - يىلى يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. 8 - سىنىپتىن باشلاپ ئۇيغۇرچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ مېنى ئەزان ئېيتىپ قويغان ئېتىم «ئابدۇشۇكۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. مەن شۇڭغىچە ئىسمىمدىن بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدىم. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئاڭلاشنىڭ لەززىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. گەرچە بۇ تۇيغۇلىرىم كېيىنچە بارا - بارا سۇسلىغان بولسىمۇ تاكى خىزمەتكە چىققۇچە ماڭا داۋاملىق ھەمراھ بولدى.

ھاياتتا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن خىزمەتكە چىقىپ، ئىدارىگە تىزىمغا ئالدۇرغان كۈنى كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم غەشلىككە تولدى. ئىسمىمنىڭ باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. مائاش جەدۋىلىگە ئىسمىم «ئابۇدۇشىيكۇېر مەيمەيتىي كۇربەن» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. بوغالتىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «مەيمەيتىي كۇربەن» دېگەن ئىسىم ئۇيغۇرلاردا بەك كۆپمىش. شۇڭا خالىغانچە قوشۇپ قويسىمۇ خاتا كەتمەيدىكەن. بوغالتىر بىلەن بىرمۇنچە زاكونلىشىش ۋە زورۇقۇشلاردىن كېيىن «كۇربەن» نى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولدى. ئىسمىمنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تولۇق ئاتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق ئۈمىد ئادەمنىڭ ئارزۇسىدەك بولمايدىكەن. ئەتراپىمدا ھۇرۇن، ئېرىنچەك ئادەملەر كۆپ بولسا كېرەك، ئۇلار ئىسمىمنى تولۇق ئاتاشقا ھۇرۇنلۇق قىلىپ، ئىسمىمنى خالىغانچە ئىككىگە پارچىلاپ، بەزىلىرى «ئابۇدۇ»، بەزىلىرى «شىيكۇ» دەيدىغان

بولىۋالدى.

ساپا بولمىغان، كىشىلىك ئىززەت يوقالغان ئەلدە ئەستايىدىللىق خارابلاشقان بولىدىكەن. 1990 ـ يىلى ئىدارىمىز بويىچە تۈنجى قېتىم «كىملىك» كە ئىلتىماس قىلدۇق. كىملىكنىڭ پۈتكەنلىكىنىڭ خەۋىرى كەلگەن كۈنى ساقچىخانىغا كىملىكنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن باردىم. سۆرۈن تەلەت ساقچىلارنىڭ قالايمىقان دوق قىلىشلىرى ۋە بىرقانچە سائەت سەۋەبسىز كۈتكۈزۈشلىرىدىن كېيىن كىملىكىمنى ئاران تەستە قولۇمغا ئالغان بولدۇم. بىراق كىملىكىمدە مېنىڭ رەسىمىم بولغان بىلەن ئىسمىم پۈتۈنلەي خاتا يېزىلغانىدى. مەن كىملىكىمنى ساقچىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئىسمىمنىڭ خاتا يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم، بىراق ئېرىشكەن جاۋابىم ئىزا ـ ئاھانەت بولدى. ئەسلىدە كىملىكىمگە خەنزۇچە «ئابۇدۇ. شىيكۇېر» دەپ ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇپ، بىر ئىسمىنى ئىككىگە پارچىلاپ يازغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار «ئابدۇل شۈكۈر» دەپ تەرجىمە قىلىپتۇ. شۇڭا كىملىكتە «ئابدۇل» مېنىڭ ئىسمىمغا، «شۈكۈر» دادامنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ قېلىپتۇ. گەرچە كىملىكنى قايتا ئىلتىماس قىلماقچى بولغان بولسامۇ ئەمما كىملىكنىڭ ۋاقتى توشمىغۇچە يېڭىدىن ئىلتىماس قىلىشقا يول قويمىدى. مەن ئىسمىم بىلەن تەڭ ئازابلىنىپ يۈرۈپ 7يىلنى ئۆتكۈزدۈم، بۇ جەرياندا كىملىكىمدىن پەيدا بولغان نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردۈم. بىرقانچە قانۇنى ماتېرىياللىرىغىمۇ شۇ ئىسمىم يېزىلدى. ھەتتا مۇقىم مۈلكۈم بولغان يەر خېتى، ئۆي خېتى دېگەندەك كىنىشكىلەرگىمۇ شۇ ئىسىم يېزىلدى. بۇ كىنىشكىلار كېيىن يەنە قانداق كۆلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بىلمەيمەن.

1997 ـ يىلى كىملىكىمنى يېڭىدىن بېجىرىدىغان ۋاقتىمدا

ئىسمىمنى ئىپنىق قىلىپ ئۆزۈم يېزىپ بەرگەن بولدۇم. ھەرھالدا بۇ قېتىم كىملىكتىكى ئىسىم ـ فامىلەم توغرا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز قولۇم بىلەن يېزىپ بەرگەن بىر قىسىم خەنزۇچە خەتلەر ئۆزگىرىپ «ئابۇدۇسۇكۇر مەيمەيتىي» بولۇپ پۈتكەنىدى. كىملىكىمدىكى بۇ ئىسىم ـ فامىلەم بۇرۇنقى كىملىكىم بار چاغدا ئالغان بىر قىسىم كىنىشكا ۋە قانۇنىي خەت چەكلەردىكى ئىسىم ـ فامىلەم بىلەن روشەن پەرقلىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن 2001 ـ يىلى چەتئەلگە چىقىش ئۈچۈن پاسپورت بېجىرگەندە كۆپ ئەرزىيەت چەكتىم. تولا قاتراپ ئايىقىمنىڭ چەمى تېشىلدى. ئاخىرى پاسپورتنى ئالغانمۇ بولدۇم، بىراق پاسپورتنى قولۇمغا ئېلىپلا چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى پاسپورتتىكى ئىسىم ـ فامىلەمنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئىدى. مەن ئارقامغا يېنىپلا پاسپورت بېجىرىش ئورنىدىكىلەرگە كۆرسەتتىم، بىراق ئۇلار ماڭا ئېرەن قىلمىدى، خاتالىقنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش بولدى، خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بەك ئازابلاندىم.

2003 ـ يىلى بېيجىڭدىكى شىۋېتسىيە ئەلچىخانىسىدىن ۋىزا ئېلىپ، چەتئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئەسلىدە شىۋېتسىيە باج ئىدارىسىگە تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ۋاقتىدا ئۆز ئىسىم ـ فامىلەم بىلەن تىزىمغا ئالدۇرارمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق پاسپورت ۋە باشقا قانۇنىي ماتېرىياللىرىمدا «مەيمەيتىي ئابۇدۇسۇكۇر» دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى مەكتەپتە، مەيلى ئىش ئورنۇمدا بولسۇن «مەيمەيتىي» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ يۈردۈم. فامىلە نامىمغا ئايلىنىپ قالغان «ئابۇدۇسۇكۇر»نى ئاتاش ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. ئەسلىدە چەتئەلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققاندىن كېيىن ئۆز ئىسىم - فامىلەم بىلەن ئاتىلارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق بۇ يەنىلا مۇمكىن بولمىدى. كېيىن ئائىلىمىز بىلەن شىۋېتسىيەدە جەم بولدۇق. بالىلىرىمنى باج ئىدارىسىگە تىزىمغا ئالدۇردۇم. ئۇزاق ئۆتمەي ھەممىمىز شىۋېتسىيە ۋەتەندىشى بولدۇق. شىۋېتسىيە پاسپورتىمىزدىكى ئىسىم - فامىلىمىز شۇنچىلىك رەتسىز ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغان تۆتىمىزدە تۆت خىل فامىلە نام بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىمنىڭ ئەسلى پاسپورتىدىكى ئىسىم - فامىلىسى ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغانىنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچىدىكى بەزى ھەرپلەر ئۆزگەرتىلىپ ۋە قىسقارتىلىپ يېزىلغاچقا شىۋېتسىيە پاسپورتىغىمۇ شۇ بويىچە يېزىلغانىدى. بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە بارىدىغان سەپەرلىرىمىزدە كۆپ پېشكەللىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھەتتا بەزىدە «فامىلىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە سىلەرنىڭمۇ فامىلەڭلارغىمۇ ئوخشىمايدىغان بالىلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭلار» دەپ بىر قانچە سائەت توختىتىپ قويغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قىلغىنىمۇ ئانچە خاتا ئەمەس ئىدى، ھەقىقەتەن بىزنىڭ فامىلىلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە قەتئىي ئوخشىمايتتى. لېكىن بۇ بىزنىڭ خاتالىقىمىز ئەمەس ئىدى، بۇ بىر كەلگەن دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئادالەتسىزلىكى ئىدى. بۇنى بىزنىڭ ئۇ يەردە ئۆزگەرتىشكە قۇربىمىز يەتمەيتتى. كېيىن ئاڭلىسام چەتئەلدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلاردا بۇ مەسىلە مەۋجۇت ئىكەن.

بۇ خىلدىكى مەسىلەلەر بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن شىۋېتسىيە باج ئىدارىسىگە فامىلىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندۇم. ئىلتىماسىمدا ئەسلىدىكى ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىم - فامىلىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشىنى، خەنزۇچە يېزىلىشىنى، ھازىرقى يېزىلىشىنى، بۇنداق ئۆزگىرىپ

قىلىشتىكى سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي شەرھلىدىم، بىراق ئاقمىدى، كېيىن ئەرز قىلدىم. بۇمۇ ئاقمىدى. ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە ئىسىم ـ فامىلىمىزنى ئىسپاتلايدىغان قانۇنىي ھۆججەت، ماتېرىياللار كەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئەرزىمىزنى رەت قىلغان ئىدى. ئۇلار تەلەپ قىلغان ماتېرىياللارنى تولۇقلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، شۋېتسىيە پاتېنت ئىدارىسىگە پۇل تۆلەپ يېڭى فامىلە ئىلتىماس قىلىش قارارىغا كەلدۇق. بىز قانداق ئىسىمنى فامىلە قىلىپ قوللىنىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندۇق. ئىسىم تاللاشمۇ خېلى قىيىنغا چۈشتى. ئويلاشقان بىرقانچە ئىسىملارنىڭ ئىچىدىن ئاخىرى «كۇچا» دېگەن ئىسىمنى تاللىدۇق. بىزنىڭ بۇ ئىسىمنى تاللىشىمىزدىكى مەقسەت ئەۋلادلىرىمىزغا بىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرۇش ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ يىلتىزىمىز كۇچادىن ئىدى.

ئىلتىماسىمىز سۇنۇلۇپ تەخمىنەن بىر ئايلاردىن كېيىن شۋېتسىيە پاتېنت ئىدارىسىدىن خەۋەر كەلدى. ئۇلار بىز تاللىغان ئىسىمنى تەستىقلىمىغانىدى. شۋېتسىيە قانۇنى بويىچە باشقىلار بۇرۇندىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان فامىلىنى باشقىلارنىڭ يېڭىدىن ئىلتىماس قىلىشىغا يول قويۇلمايدىكەن، پەقەت شۇ فامىلىنىڭ ئىگىسى رۇخسەت قىلغان ئەھۋالدىلا ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇيغۇرلار ئانچە كوپ بولمىغان شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ كىچىك دۆلەتتە «كۇچا» دېگەن بۇ ئىسىمنى كىم ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟ شۋېتسىيە پاتېنت ئىدارىسىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ ئۈچۈر ئىزدەپ باقتىم. چىققان نەتىجىدىن مەلۇم بولدىكى «كۇچا» دېگەن بۇ ئىسىمنى شۋېتسىيەدە 5 ئائىلە فامىلە نام قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئورنى

ئىشلىتىۋېتىپتۇ. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، بۇ ئىسمنى ئىشلىتىۋاتقانلار شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولماستىن، بەلكى يەرلىك شىۋېتلار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ كوچا بىلەن قانداق باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىگە خەت يازدىم، بىراق خېتىم جاۋابسىز قالدى. بەلكىم خېتىم تەگمىگەندۇ ياكى باشقا سەۋەب باردۇ، دەپ ئويلىدىم. بەلكىم كېيىنچە يەنە خەت يېزىپ، كۆڭلۈمدىكى ئىستەكلىرىمنى بايان قىلىپ باقارمەن.

كېيىن پاتېنت ئىدارىسىگە يەنە باشقا ئىسملارنى ئىلتىماس قىلدۇق. بۇ قېتىم ئىلتىماس جەدۋىلىگە 4 ئىسمنى بىراقلا يازدۇق، شۇنداق بولغاندا ئۇلارمۇ ئىلتىماسىمىزنى قايتۇرۇۋەتمەي تىزىملىغان ئىسملىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بولاتتى. بۇ قېتىم تاللىغان ئىسملىرىمىزنىڭ ھەممىسى كوچانىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسملار ئىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پاتېنت ئىدارىسىدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالدۇق، خەتتە فامىلىمىزنىڭ «قۇمتۇر» بولۇپ بېكىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى تەستىق بار ئىدى. گەرچە ئىسملىرىمىز يەنىلا ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما فامىلە نامىمىز بىرلىككە كەلگەنىدى، ئەمدى بىز ھەممىمىز ھەقىقىي تۈردە بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىگە ئايلانغانىدۇق. ئەمدىكى قەدەم ئىسملىرىمىزنى قانداق قىلىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا قاراپ تاشلىناتتى.

ئويلاپ باقسام مەن تۇغۇلغاندىن بېرى ئىسمىم پەقەت 7 يىللا ئۆز ئانا تىلىمدا ئاتىلىپ، ئانا تىلىمدا يېزىلىپ بېقىپتۇ. ئىسمىم توغرا تەلەپپۇز قىلىنغان يىل پەقەت 7 يىل ئىكەن. ئىسمىمنىڭ تارتقان بۇ كۈلپەتلىرى تېخى ئاخىرلاشماپتۇ. مەن ئىسمىمنىڭ

ئانا تىلىمىزدا يېزىلمىسىمۇ ئەمما ئانا تىلىمىزدىكىدەك توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

«تۇر» كۇچادىكى كۆپ ئۇچرايدىغان يەر ناملىرىنىڭ بىرى. ھازىر كۇچادا قۇمتۇر، قوشتۇر، چۆلتۇر، ئاقتۇر، يېڭىتۇر ۋە قۇمتۇرا دېگەندەك يەر ناملىرى بار.

«قۇمتۇر» دېگەن بۇ ئىسىم «قۇم» ۋە «تۇر» دېگەن ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، قۇملۇقتىكى تۇر دېگەن مەنىدە. «تۇر» بۇرۇنقى زامانلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن خەۋەر بېرىش، جەڭ ئەھۋالىدىن سىگنال بېرىش، ئۆز ئارا ئۇچۇر، ئالاقىدە بولۇش ئۈچۈن ياسالغان مۇنارنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر كۇچادا «قىزىل قاغا تۇرى» نامىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى زامان مۇنارىدىن بىرى بار.

*2013 - يىلى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلىلەر

**قىسقىچە مەزمۇنى**

ئۇيغۇرلار تارىختا ئۆزگىچە خاس ئىسىم - فامىلىگە ئىگە مىللەت بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلاردىن باشلانغان تىل - يېزىقنىڭ ئەرەبلىشىش ھادىسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاخىر ھېسابتا ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسىز قېلىشى بىلەن نەتىجىلەندى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. گەرچە بۇ جەرياندا بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە سىستېمىسىدا يەنىلا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىز بۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىدە نېگىزلىك ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزدۇق.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىسىم - فامىلە، ئۇيغۇرلار، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھەققىدىكى ئويلىنىش ۋە

تەتقىقاتـلار 80 ـ يىللاردىـن كېيىـن باشـلاندى دېيىشـكە بولىـدۇ. بۇندىـن ئىلگىـرى بـۇ ھەققـدە تەتقىقاتـلار ئېلىـپ بېرىلغانـغا دائىـر ھېچقانـداق يازما مەنبەلەرگـە ئىگـە ئەمەسـمىز. مۇتەللىـپ سـىدىق قاھىرنىڭ 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىـڭ مەنىسـى» ناملىـق كىتابـى ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىسـىم ـ فامىلـە تەتقىقاتىـدا تاشـلانغان تۇنجـى قـەدەم دېيىشـكە بولىـدۇ. شـۇنىڭدىن كېيىـن ئۇيغـۇر زىيالىيلىرىنىـڭ ئارىسـىدا ئىسـىم ۋە فامىلـە ھەققـدە ئويلىنىـش، بـاش قاتـۇرۇش ۋە ئىزدىنىشـلەر ئوتتۇرىغـا چىقتـى. بىـر قىسـىم تەتقىقاتچىـلار مەخسـۇس مۇشـۇ سـاھە بويىچـە ئىزدىنىـپ، بىـر قىسـىم ئىلمىـي ئەمگەكلەرنـى ياراتتـى. «ئىسـىمنى قانـداق قويـۇش كېـرەك»، «ئىسـىم قويـۇش قوللانمىسـى»، «ئۇيغۇر كىشـى ئىسـىملىرى»، «ئۇيغـۇر فامىلـە تەتقىقاتـى»، «ئۇيغـۇرلاردا فامىلە»، «ئۇيغـۇر ئىسـىم ـ فامىلىلـىرى»، «خەزىنىلـەر ئاچقۇچـى»، «ئۇيغۇر كىشـى ئىسـىملىرى قامۇسـى» قاتارلىـق ئەسـەرلەرنىڭ نەشـر قىلىنىشـى دەل ئاشـۇ ئىلمىـي ئەمگەكلەرنىـڭ جەۋھەرلىرىـدۇر.

بـۇ ئىلمىـي ئەسـەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغـا چىقىشـى بـۇ سـاھەدىكى بوشـلۇقلارنى تولدۇرغانـدەك قىلسـىمۇ ئەمما ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىسـىم ـ فامىلـە سىسـتېمىسـىدىكى رېئالنـى مەسـىلىلەرنى ھـەل قىلىشـقا ئاجىـز ئىـدى. بۇنىڭغـا يەنـە بۇيـرۇق خاراكتېرلىـك مەمۇرىـي ھۆججەتلەرمـۇ كېـرەك ئىـدى. بـۇ شەخسـلەرنىڭ تەتقىقاتـى ئاساسـىدا تەييارلانغـان كەسـپىي ئورۇنلارنىـڭ تەكلىـپ لاھىيلىرىگـە موھتـاج بولاتتـى. گەرچـە بـۇ خىزمەتلـەر 1986 ـ يىلىدىـن باشـلاپ ئاپتونـوم رايونلـۇق مىللەتلـەر تىـل ـ يېزىـق خىزمىتـى كومىتېتـى ۋە ئاپتونـوم رايونلـۇق ئىجتىمائىـي پەنلـەر ئاكادېمىيەسـى تىـل تەتقىقـات ئورنىدىكـى ئىبراھىـم مۇتىئـى، ئېلـى ئابىـت، مىرسـۇلتان ئوسـمانوف، ئامىنـە غاپپـار، غەنـىزات غەيۇرانـى، ئابلىـز ياقـۇپ، ئابدۇرېشـىت سـابىت، پەرھـات جىـلان قاتارلىـق بىـر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىم ئىلمىي خادىملارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرشىت قاتارلىق رەئىسلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئاخىرى چىقمىدى. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر لارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» ناملىق كىتاب نەشىردىن چىققان بولدى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى گەرچە ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئىسىم فامىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزىدىكى قىسمەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان بولسىمۇ لېكىن تەلەپتىن بەكلا يىراق ئىدى. بۇنىڭ يەنە ئۆزگە تېگىشلىك بىر قىسىم ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىرىدىكى مەسىلىلەرنى مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى، مەيلى ئىلمىي تەتقىقات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىستەكلىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى يەنىلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر تالاي مەسىلىلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يەنىلا ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە ۋە پۇرۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدىن شەرھلەشكە بولىدۇ.

(1) ھازىرغىچە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە نامى قوللىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇق خاراكتېرلىك ھۆججەت چۈشمىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە نامى قوللىنىشنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىدىغان ۋە مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىغان يولدۇر. ئەمما بۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە بىر مەسىلىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، تېخى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى

ئارىسىدا فامىلىنىڭ ئىسمىنىڭ قەيىرىدە بولۇشى كېرەكلىكى ۋە ئاتىسىنىڭ نامىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن بىر كۆز قاراش يوق. بەزىلەر فامىلە نام كىشى ئىسمىنىڭ بېشىدا كېلىش كېرەك دېسە، بەزىلەر كىشى ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارىسىدا كېلىش كېرەك دەيدۇ، يەنە بەزىلەر كىشى ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، فامىلە نامى شەكلىدە بولۇشى كېرەك دەيدۇ. ھازىر زىيالىيلار قاتلىمىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقىنى كىشى ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، فامىلە نامى شەكلىدۇر. مېنىڭچە كىشى ئىسمى، فامىلە نام شەكلى بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، بۇ شەكىل خەلقئارادا بىرقەدەر ئومۇملاشقان شەكىلدۇر.

(2) ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىي يۈزلۈك فامىلە نامى قوللىنىش ئېھتىياجىنى يېتىلدۈرۈش ۋە زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. «ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ» ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي مىللەتلىرىدىن «دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ مۇشۇنداق فامىلىسىز كېتىۋېرىشى، بىر تەرەپتىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە خىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ قاتارىدا ئىسىم - نەسەبلىك بىر مەدەنىي مىللەت بولۇشىمىزغىمۇ نۇقسان يەتكۈزىدۇ» (ئىبراھىم مۇتىئى، 654 - بەت). ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ يەنە نۇرغۇن مۈشكۈلاتلار بار. ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان فامىلە نامىمىزنى قانۇنلۇق ھۆججەتلەرگە يازدۇرۇشىمىز قىيىن، ئەمما بۇنى يېڭىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىمىزدىن باشلىساق بىر قەدەر ئاسان بولۇشى مۇمكىن.

(3) كىملىك، پاسپورت، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەت - لەردىكى ئىسىم - فامىلىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا

قىلىپلاشتۇرۇش، يەنە بىرى لاتىن يېزىقىدا قىلىپلاشتۇرۇش.

گەرچە 2002 ـ يىلى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ، بۇنىڭدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پاسپورتتىكى ئىسىم ـ فامىلە ئورنىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى، ئۇيغۇرچىدىكى ئوخشاش بىر تاۋۇشنىڭ خەنزۇچىدا ئوخشىمىغان ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى ۋە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» دا بولمىغان ئىسىملارنىڭ تىزىمغا ئېلىنماسلىقى قاتارلىق يەنە بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ھازىر ياۋروپادا نۇرغۇن ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى توختىي، مەيمەيتىي، يىبۇلايىمۇ دېگەندەك ئىسىملار بىلەن چاقىرىلماقتا.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورت، كىملىك، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلىرىگە خەنزۇچە ئىسىملار بىلەن تەڭ لاتىن يېزىقىدا ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى يېزىشى زۆرۈر ئىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىرىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە توغرا ئاتىلىشىغا مۇمكىن بولاتتى. لېكىن بىزدە ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە تىل تاۋۇشلارنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىرەر لاتىن ھەرپى لايىھىمىز يوق. تۈركچە ھەرپلەرمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. ھەتتا تۈركچە چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى خەنزۇچە پىنيىن بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ. بىزدە ئالدى بىلەن بۇ مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى ئىسىم ـ فامىلىسىنى خەنزۇچە ئىسىملار بىلەن پاراللېل يېزىش تەكلىپىنى بېرىشمۇ قىيىن بولىدۇ.

(4) ئىسىم ـ فامىلىلەردىكى مىللىي تۈسنىڭ ئاجىزلىقى. ئىسىم

- فامىلىنىڭ تاللىنىشى ۋە قۇيۇلۇشى شەخسنىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشىغا باغلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشى يەنىلا ئۆزى تەۋە بولغان توپلىقنىڭ مىللىي تۇس ۋە خاسلىقىغا تەۋە بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ھادىسە ياۋروپا مىللەتلىرى بىلەن تۈركىيە تۈركلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. گېزىت - ژۇرناللاردىن ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق تاراتقۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى كۆرسەك ئۇنىڭ شۈبھىسىز ياكى تۈرك ئىكەنلىكىنى ياكى ھېچ بولمىسا تۈركىيەلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىدە ئىپادىلەنگەن قويۇق مىللىي تۈسنىڭ بىزگە بەرگەن ئۇچۇرىدۇر.

«ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئىسىملىرىدا بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنىغا خاس ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلامىيەتكە خاس بولغان ياكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىگىلىدى. بارا - بارا مۇنداق مۇسۇلمانچە ئىسىملار ھەتتا بىر قىسىم ئەسلى ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىمۇ سىقىپ چىقاردى.

ھازىرقى ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەنە شۇنداق ئىسلام دىنى تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىسىملاردىن ئىبارەت» (ئىبراھىم، 647 - بەت).

دېمەك «كۈنىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرك تىللىق خەلقلەردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركىيە تۈركلىرى (جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان دەۋردە)، بالقان تۈركلىرى ۋە ئىران، ئىراق، سۈرىيە تۈركمەنلىرىدە ئەرەبچە-پارسچە ئىسىملارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىن، ئۇلارنىڭ تۈرك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىللىق مىللەتكە مەنسۇپلۇقنى بايقاش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن قىپچاق تۈركلىرىنىڭ كېيىنكى ئىسىملىرى (قازاق، قىرغىز، تاتار، باشقۇرت، نوغاي، قاراچاي) يۇقىرىقى ئوغۇز تۈركلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تۈركچە ئۆزگىچىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلغان.» (ئابدۇرەشىد جېلىل قارلۇق، ئوكيان تورى).

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىڭ يىلدىن بۇيان گەرچە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇن ئىسىملارنى ۋە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىسىملارنى تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىخچاملاپ باردى. بۈگۈنكى كۈندە ئىسىم ـ فامىلىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىسىملار ئەسلىدىكى ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملاردىن كۆپ ئىخچاملانغان ۋە ئۆزگەرگەندۇر. بۇ خىل ئىخچاملاشلار مەلۇم بىر كۈچنىڭ پىلانلىشى ياكى مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىرادىسى، تاللىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەبىئىي راۋاجى بىلەن شەكىللەنگەندۇر. مەسىلەن: مەمەت، سەمەت، ئابلا، ھېيىت، خەمىت، ئابلەت، رىشىت، مىنەۋەر، پەرىدە، زۇلپىيە، مەتسەيدى قاتارلىقلار.

بۇ خىل باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ئىسىم ۋە سۆزلەرنى ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىش ۋە ئىخچاملاش پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا خاس ھادىسە بولماستىن، ھەممە مىللەتلەردە ئۇچرايدىغان ئورتاق ھادىسىدۇر. مەسىلەن:

محمد (ئەرەبچە)

مۇھەممەد (ئەرەبچىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشى)

مۇھەممەت (ئەرەبچىنىڭ يەنە بىر خىل ئۇيغۇرچە يېزىلىشى)

مەمەت (ئۇيغۇرچە)

مەتتوختى (ئۇيغۇرچە)

مەھمەت (تۈركچە)

مۇخامبت (قازاقچە)

مۇھاممۇدا (بېڭگال)

مۇخاماد (ئىنگلىزچە، شۋېتچە)

穆罕默德 (خەنزۇچە)

ماخوما (ئىسپانچە)

دېمەك ئىسىملاردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاشۇ تىللارغا تەۋە بولغان فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر.

بىز بۈگۈن ئىشلىتىۋاتقان ئىنچامىلانغان ۋە ئۆزگەرگەن ئىسىملىرىمىزدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئۇيغۇر تىلى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر، ھەتتا ئوقۇغان زىيالىي قاتلىمىدىكى بىر قىسىم بىلىم ئىگىلىرىمۇ ئىسىملىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا ھەم نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىسىم فامىلىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ئەسلىدىكى ئىنچام ئىسىملىرىنى ئۈزارتىپ، مىللىي خاسلىقتىن يىراقلاشتۇرماقتا. مەسىلەن:

خەمىت رىشىت (ئىشلەتكىنى)

ئابدۇلھەمىد ئابدۇرەشىد (ئەسلىگە قايتۇرغىنى)

غوپۇر ئابلا (ئىشلەتكىنى)

ئابدۇغوپۇر ئابدۇللاھ (ئەسلىگە قايتۇرغىنى)

جاپپار مىجىت (ئىشلەتكىنى)

ئابدۇلجەببار ئابدۇلمەجىد (ئەسلىگە قايتۇرغىنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر بېكىتى

ئەگەر مىسال ئالساق بۇنداق مىساللارنى تۈركۈملەپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى ئەسلىگە قايتۇرغان بۇ ئىسىملاردىن بىز بۇ ئىسىملارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمايمىز ھەم ئۇيغۇرلۇقىغا ئىشەنمەيمىز. مېنىڭ تەشەببۇسۇم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ماس كەلگەن ئىخچاملانغان ئىسىملارنى ساقلاپ قېلىش.

(5) ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ ئىملاسىدا ساقلانغان مەسىلىلەر. ئۇيغۇرلار ھازىر قوللىنىۋاتقان ئىسىم - فامىلىلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ بىرقانچە ۋارىيانتلىرى بولۇپ، ئېغىز تىلىدا قانداق ئېيتىلغان بولسا يېزىق تىلىدىمۇ شۇنداق يېزىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلار بولۇپ، ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىسىم - فامىلىرىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ تەقەززاسىدۇر. مەسىلەن:

ئىبراھىم، ئىبرايىم، ئورايىم

ھىمىت، يىمىت

ئابدۇراخمان، ئابدۇرەھمان

ئابدۇرەھىم، ئابدۇرېھىم

سېلىم، سىلىم

تۇرسۇنگۈل، تۇسۇنگۈل

(6) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىرىدىكى «ف» تاۋۇشىنىڭ ئاڭسىز ھالدا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىش مەسىلىسى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى تەڭ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە پۈتۈنلەي ئەرەبچە ھەرپلەرگە كۆچۈپ كەتتى. چاغاتاي تىلى دەۋرىدە قاراخانىيلاردىن قالغان ئەرەبچە

ھەرپلەر بىرقانچە قېتىملىق ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەرەبچە تىل تاۋۇشى ۋە ھەرپلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى باشتىن كەچۈرگەن تەرەققىياتلار ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولمىغان «ف» ھەرپىگە ئوخشاش بىر قىسىم ھەرپلەر ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كەمدىن ـ كەم سۆز تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان بولدى. شۇڭا 80 ـ يىللاردىن باشلاپ نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان ئادەم ئىسىملىرىدىكى «ف» ھەرپىنى «پ» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەپ، نەشر قىلغانىدى. گەرچە بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئىلمىيلىق نۇقتىسىدىن تەتقىقات پرىنسىپلىرىغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئالغان تەتقىقاتچىلىرىمىز يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بىرى كلاسسىك ئەسەرلەردە كىشى ئىسىملىرى قانداق يېزىلغان بولسا شۇ بويىچە ئىشلىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شۇ بويىچە بىر قىسىم ئىسىملارنى ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان بولدى. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىنىڭ بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ نامىنىڭ يۈسۈف خاس ھاجىپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئەمما بۇ ھازىرقى دەۋردە، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىدىكى «پ» ھەرپىنى «ف» ھەرپىگە ئۆزگەرتىشلار دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئىسىملارنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش بىلەن ھازىرقى تىل مۇھىتىمىزدىكى ئىسىملارنى ئىشلىتىش ئوخشىمىغان باشقا ـ باشقا نەرسىلەردۇر. بۇنداق مىساللار باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: شىۋىت تىلىدا ئۇچرايدىغان «Carl» دېگەن نام شىۋىتچە كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشر قىلغاندا ئۆز پېتى ئېلىنسا، كارل ئىسىملىك ھازىرقى دەۋردە، ھازىرقى شىۋىت تىلى مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نامى ھازىرقى دەۋرگە ماس ھالدا «Karl» دەپ يېزىلىدۇ.

بىزدىكى قىزىق مەسىلە شۇكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمى «يۇسۇف» خاس ھاجىپقا ئۆزگىرىش بىلەن ئىسمىدا «پ» ھەرپى بار نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بىر كېچىدىلا ئىسىملىرىدىكى «پ» ھەرپىنى «ف» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ يۈرۈشىدۇ. مەسىلەن: يۇسۇپ ـ يۇسۇف، پەرىدە ـ فەرىدە، پەتتار ـ فەتتار، پەرۇق ـ فەرۇق، زۇلپىيە ـ زۇلفىيە، پەرھات ـ فەرھات. مېنىڭچە بۇ ئانچە توغرا بولمىغان ھادىسە، بۇ مەسىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ياخشىراق ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

ئۇيغۇر تىلى پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرگە قۇلايسىزلىق ئەكېلىشنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى قۇلايلىق بولۇشنى، راۋان بولۇشنى نىشان قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، مەن بۇ يەردە پەقەت ئۆزۈم ھېس قىلغان بىرقانچە نېگىزلىك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

ئىزاھات

(1) ئىبراھىم مۇتئى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، 654 ـ بەت.

(2) ئىبراھىم مۇتئى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، 647 ـ بەت.

(3) ئابدۇرەشىد جېلىل قارلۇق، تۈركلەر ۋە كۆنىمىز ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، ئىبراھىم مۇتئى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى

2. ئۇيغۇرلاردا فامىلە، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە، ئەنۋەر سەمەد غەربىي، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

3. «تۈركلەر ۋە كۆنىمىز ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات»،

ئابدۇرەشىد جېلىل قارلۇق. ئوكيان توردا ئېلان قىلىنغان.


(ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە 2015 ـ يىلى يېزىلغان، ماقالىدە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئاساس قىلىنغان ئىدى، ھازىر بەزى ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئېنىق)

2015 ـ يىلى، ستوكھولم

مەنبە: «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ 2017 ـ يىللىق 8 ـ 9 ـ ئايلىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۇچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان مەشھۇر كىشىلەر

**قىسقىچە مەزمۇنى**

تارىخچىلار كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشى 14 - ئەسىردە ئەمەلگە ئاشقان دەپ قارايدۇ. مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشى كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا جامىي ۋە مەدرىسىلەر ئېچىلىپ ئىسلام دىنى تەرغىباتى كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جەرياندا ساقساق مەدرىسىسى، كۆك مەدرىس ۋە بېلىقىزىيە مەدرىسىسى قاتارلىق بىر قىسىم داڭلىق مەدرىسىلەر بارلىققا كېلىپ، بىر تۈركۈم ئۆلىما، ئەدىب، تارىخچى، تېۋىپ ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. موللا مۇسا سايرامى ۋە نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر، كۇچا، ئىسلام، ئەرشىدىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان، مەشھۇر كىشىلەر.

كۇچا رايونىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئىسلاملاشقانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن بىر كۆز قاراش يوق.

گەرچە بىر قىسىم تارىخچىلار كۇچانى رايونىنى 10 ـ ئەسىرلەردە قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بۇددا دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان دەپ قارايدۇ. تارىخچى تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا: «ساتۇق بۇغراخان ئاۋۋال خوتەن ۋە كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىككى خانلىقتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئىلاجسىزلىقتىن بويسۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان بولمىدى، بۇرۇنقى بۇددا ئېتىقادىدا قالدى.» («ئۇيغۇرلار»، 515 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى شەرققە كېڭەيتىشىدىكى بىر توسالغۇ بولۇپ، كۇچا رايونى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي بىر پاسىلغا ئايلانغانىدى. «ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا قەشقەر، خوتەن، چەرچەن ۋە ئاقسۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا توختاپ قېلىپ، شەرققە تارقىلىشى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچۇرغانىدى.» («شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى »،260 ـ بەت). بۇ ئەھۋال تاكى قاراخانىيلار دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، قىتانلار قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پۈتۈن جۇغراپىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچە بولغان ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. گەرچە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كۇچادىكى مۇسۇلمان بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خىزىرىيەك ئىسىملىك بىر باتۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچ ـ ئىچىدىن زىددىيەت قاينىمىغا پېتىپ قالغان قاراخانىيلار دۆلىتى

ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەمدە بولالمىغاچقا كۇچا رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىشى يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىدى.

1218 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرى قىتانلارنى يوقىتىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچالارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ رايونلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان كۇچادا بۇددا دىنىنى ئەسلىدىكى گۈللەنگەن دەۋرىدىن بارا ـ بارا خارابلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرى» دېگەن كىتابتا شەيخ نىزامىدىن دېھلىۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر ئادەمنىڭ مىلادى 1267 ـ يىللىرى ئەتراپىدا كۇچاغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ ئادەم كۇچا ئىشخىلا يېزىسىغا خانىقا سالدۇرۇپ، دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنى كۇچا رايونىدا يەنىلا بۇددا دىنىنىڭ ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غالىپ كېلەلمىگەن. كۇچا رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىشى يەنىلا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان 1354 ـ يىلى مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پۈتۈن تېررىتورىيەدىكى خەلقلەرنى، جۈملىدىن 160 مىڭ موڭغۇلنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. مەۋلانە ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھىمايىسى بىلەن كۇچاغا كېلىپ، كۆپلەپ خانىقا، مەسچىت سېلىپ، ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە مەدرىسىلەرنى ئېچىپ، ئىسلام دىنى مائارىپىنى يولغا قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۇچا

رايونىدا بەس - بەس بىلەن مەدرىسىلەر ئېچىلىشقا باشلىغان.

كۇچا رايونىدا تۇنجى مەدرىسىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇمات يوق. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئىسلام دىنى تەرغىباتىدىن كېيىن كۇچادىكى ھەرقايسى شەھەر، يېزا، بازار، مەھەللىلەردە كۆپلەپ مەدرىسىلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى مەلۇم. ساقساق مەدرىسىسى، كۆك مەدرىسىسى، ساقىيە مەدرىسىسى ۋە مەۋلىئانام مەدرىسىسى شۇ دەۋرىدىن كېيىن كۇچادا قۇرۇلغان مەدرىسىلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر نامى بار مەدرىسىلەر بولۇپ، بىر قىسىم تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ساقساق مەدرىسىسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدىن قالسىلا جەنۇبتىكى شەھەر، يېزا، بازارلاردا ئاتىقى بار مەدرىس بولۇپ، بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى تۇنجى بىلىم بۇلىقى بولغان.

ساقساق مەدرىسىسى كۇچا كونا شەھەردىكى ساقساق مەھەللىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تارىختا ساقساق مەدرىسىسى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ساقساق مەدرىسىسى تەخمىنەن مىلادىيە 1658 - يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ زامانلاردا بۇخارالىق دىنىي ئۆلىما ئەيىندىن بىننى جالالىدىننىڭ مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى مەلۇم. ساقساق مەدرىسىدە يالغۇز كۇچادىكى تالىپلارلا ئوقۇغان بولماستىن يەنە باي، شايار، توقسۇ، ئاقسۇ، بۈگۈر، كورلا، غۇلجىلاردىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئوقۇغان. ساقساق مەدرىسىسى «ھىجرىيە 1126 - يىلى (مىلادىيە 1726 - يىللىرى) كۇچالىق مەشھۇر كۆز دوختۇرى مۇھەممەت بىننى شېرىپ ھاجىم تەرىپىدىن بىر قېتىم يېڭىلانغان.(كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى6، 54 - بەت.) مىلادىيە 1794 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر زات قۇتلۇق ھاجىم تەرىپىدىن قايتا سېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1881 - يىلى كۆچانىڭ چىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىناچى بېگى مىرزا ئەھمەت بەگ مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇپ، دەرسخانىلار سانىنى كۆپەيتكەن ۋە ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ، كۆكەرتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ساقساق مەدرىسىسى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىبراھىم قۇززات، ناسىر ھاجىم، سادىق ھاجىمدەك مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ۋە ئىلىم سۆيەر دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ياردىمىدە تاكى 1950 - يىلغىچە ئۆزىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. 1956 - يىلى ساقساق مەدرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇدەررىسى، داڭلىق ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەدرىس پۈتۈنلەي تاقالغان. كېيىن ساقساق مەدرىسىسى كۆچا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ياغاچچى كارخانىسى، مېھمانخانا، سودا دۇكانلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مەدرىسىنىڭ ئىچكەركى، تاشقىرى ھويلىلىق، ئىككى قەۋەتلىك 46 ھوجرىلىق بىناسى پۈتۈنلەي ئومۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان. ئۇنىڭ پەقەت ئەينى يىللىرى ساقساق ئۆستەڭ بويىغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان دەرەخلىرىلا يالداما بولۇپ قالغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا كۆرە ساقساق مەدرىسىگە «ئەيىندىن بىننى جالالىدىن، ئابدۇغوپۇر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئىسمائىل داموللا ھاجىم، ئىمىن دامولla ھاجىم، خىزىر ئەلەم ئاخۇنۇم، بارات دامولla ھاجىم، ئابدۇل ۋاھاپ خەلپىتىم، ئىسلام ئەلەم ئاخۇنۇم، بائىز دامولla ھاجىم، شەمشىدىن دامولla ھاجىم، قۇددۇس دامولla ھاجىم، نىزامىدىن خەلپىتىم، مولla قۇتلۇق ھاجىم، ئوسمان ئەلەم ئاخۇنۇم، ھاشىم قازى ھاجىم، مۇسايىپ دامولla ھاجىم قاتارلىق 16 نەپەر ئۆلىما مۇدەررىسلىك قىلغان.» (كۇچا تارىخىي ماتېرىياللىرى 6، 55 - بەت.)

كۇچا ساقساق مەدرىسىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۆز دەۋرلىرىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇستاز ۋە مۇدەررىسلىرى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دەۋرلەرنىڭ بىر تۈركۈم ياش تالانت ئىگىلىرىنى، بىلىم ئاشنالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، ئۇلار كېيىن جەمئىيەتتە مەشھۇر ئۆلىما، پىشقان تارىخچى، تونۇلغان شائىر ۋە داڭلىق ئەرباب بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈش ساقساق مەدرىسىنىڭ تارىختا قالدۇرغان شانلىق ئىزلىرىغا ئالتۇندەك ھەل بولغۇسى.

1 ـ مۇللا مۇسا سايرامى يەنى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى مەشھۇر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى ۋە تونۇلغان شائىردۇر. ئۇ 1836 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باي ناھىيەسىنىڭ سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان. 11 يېشىدا يەنى 1847 ـ يىلى9 ـ ئايدا كۇچاغا كېلىپ، «ئەينى زاماندا جەنۇبىي تيانشان رايونى بويىچە مەشھۇر بولغان ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان» (تارىخى ھەمىدى، 5 ـ بەت). ساقساق مەدرىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق مۇدەررىسى موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن زات بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ تونۇلغان ئالىمى، يېتىلگەن دىنىي ئۆلىماسى ئىدى، جەمئىيەتتە ئوسمان ئەئىلەم ئاخۇنۇم دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. موللا مۇسا سايرامى ساقساق مەدرىسىدە قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم، ئىلمى نۇجۇم، جۇغراپىيە ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە تەربىيىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا» دېگەنناملار بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ موللا مۇسا سايرامى 1854 ـ يىلى يەنى 18 يېشىدا ساقساق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، سايرام مەدرىسىگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مولـلا مۇسا سـايرامى ياشـىغان ۋاقـت جاھاننىـڭ تىنىشسىز دەۋرلىـرى بولـۇپ، ئـۇ دەسـلەپتە 1864 ـ يىلـى كۇچـادا چىـڭ ھاكىمىيىتىگـە قارشـى قوزغالغـان كۇچـا قوزغىلاڭچىلىرىنىـڭ تەركىبىـدە ئاقسـۇ ۋە قەشـقەرگە يـۈرۈش قىلغـان قوشـۇندا مۇھۈرچـى ۋە ئىشكئاغىسـى بولـۇپ، ئىشـلەيدۇ. قوزغـىلاڭ مەغلـۇپ بولغانـدىـن كېيىـن، بەدۆلـەت ئەسـكەرلىرىگە ئەسـىرگە چۈشـۈپ، بەدۆلـەت قوشـۇنىدا مەخسـۇس مىرزا بولـۇپ، ئىشـلەيدۇ. بەدۆلـەت قۇرغـان «يەتتـە شـەھەر» دۆلىتـى ھـالاك بولغانـدىـن كېيىـن جاھـان كېزىـپ، ئـۆزى شـاھىت بولغـان تارىخـى ۋەقەلـەر ھەققـىدە ماتېرىيـال توپلايـدۇ. 1917 ـ يىلـى4 ـ ئايدا 81 يېشـىدا ئاقسـۇدىن بايغـا كېلىـپ، ئـۆز يۇرتـى سـايرامدا بـۇ دۇنيـا بىلـەن مەڭگۈلـۈك ۋىدالىشـىدۇ.

مولـلا مۇسـا سـايرامى ئـۆز ھاياتىـدا بىرمۇنچـە تارىخـي ۋە ئەدەبىـي ئەسـەرلەرنى يازغـان بولـۇپ، بۇلارنىـڭ ئىچىـدە مەشـھۇر بولغانلىـرى «تەزكىرەتـۇل ئەۋلىيـا»، «دەربايـان ئەسابۇلكەئىف»، «تارىخـى ئەمنىيـە»، «دىۋان مەسـنىۋىي»، «تارىخـى ھەمىدى»، «سـالامنامە» قاتارلىقـلاردۇر. ئۇنىـڭ يەنـە «تەزكىرەئـى خوجـا ئافـاق»، «پەرھـاد ۋە شـىرىن» قاتارلىـق بىـر قىسىم ئەسـەرلەرنى يازغانلىقـى مەلـۇم. بۇنىڭدىـن سـىرت ئۇنىـڭ بىـر قىسـىم پارىسـچە يازغـان شـېئىرلىرىمۇ ھازىـر مۇناسـىۋەتلىك ئورۇنـلاردا سـاقلانماقتا.

مولـلا مۇسـا سـايرامى يېقىنـى زامـان ئۇيغـۇر تارىخىدىكـى بۈيـۈك شەخسـلەرنىڭ بىـرى بولـۇپ، ئۇنىـڭ يېزىـپ قالدۇرغـان قىممەتلىك ئەسـەرلىرى ئۇيغـۇر مەدەنىيـەت خەزىنىسـىنى بېيىتتـى.

2 ـ شـائىر نىمشـېھىتنىڭ تولـۇق ئىسـمى نىمشـېھىت ئارمىيـە ئېلـى سـايرامى بولـۇپ، 1906 ـ يىلـى باي ناھىيەسـىنىڭ سـايرام يېزىسـىدا تۇغۇلغـان. ئـۇ 1922 ـ يىلىدىـن 1928 ـ يىلغىچـە

بولغـان ئاربلىقتـا، دەسـلەپتە بايـدا، كېيىـن كوچـا ساقساق مەدرسـتە ئوقۇغـان. ئـۇ كوچـا ساقسـاق مەدرسـتە ئوقۇۋاتقـان چاغلىرىـدا قوشاق شـەكلىدىكى تۇنجـى شـېئىرلار توپلىمـى «بـازار ۋە مـازار» نـى يېزىـپ تاماملىغـان. بـۇ توپـلام ساۋاقداشـلىرىنىڭ ئالقىشـىغا ئېرىشـىپ، قـول يازمـا هالەتتـە جەمئىيەتكـە تارقالغـان. 1930 ـ يىلـى قەشـقەر خانلىـق مەدرىسـكە كىرىـپ ئوقۇغـان. ئـۇ خانلىـق مەدرسـتە ئوقۇۋاتقـان مەزگىلىـدە «مـادارا ئەئـىزەم» نامىدىكـى شـېئىرلار توپلىمىنـى يېزىـپ پۈتتۈرگـەن. 1933 ـ يىلـى قەشـقەردە قوزغالغـان خەلـق قوزغىلىڭىغـا قاتنىشـىپ يارىلانغـان ۋە هاياتىدىـن ئايرىلغىلـى تـاس قالغـان. ئـۇ قەشـقەردىكى شۋېتسـيە مىسسـىيونېرلىرى ئاچقـان دوختۇرخانىـدا داۋالىنىـپ چىققاندىـن كېيىـن ئۆزىگـە «نىمشـېھىت» (يېرىـم جـان) دېگـەن نامنـى قوللانغـان. نىمشـېھىت 1936 ـ يىلىدىـن 1945 ـ يىلىنىـڭ بېشـىغىچە «ئاقسـۇ گېزىتى» دە تەھرىر بولـۇپ ئىشـلىگەن. 1945 ـ يىلىنىـڭ ئاخىرىـدا ئاقسـۇغا چۈشـكەن مىللـي ئارمىيەگـە ئەگىشـىپ غۇلجىغـا بارغـان. ئـۇ غۇلجىـدا مىللـي ئارمىيـە قوماندانلىـق شـتابى تەشـكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسـىدا ئىشـلىگەن. 1948 ـ يىلـى «ئىتتىپـاق» ژۇرنىلىـدا مۇھەررىـر بولغـان. 1950 ـ ئـۆز يۇرتـى بايغـا قايتىـپ كەلگـەن. مەدەنىيـەت ئىنقىلابىنىـڭ دەردىنـى يەتكـۈچـە تارتقـان شـائىر 1971 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىـڭ 24 ـ كۈنـى ئېچىنىشـلىق هالـدا بـۇ دۇنيـا بىلـەن خوشلاشـقان.

نىمشـېھىت «بىلىـم ئىشـقىدا»، «ئاسـارەتتە تـۇرۇپ قالغانلارغـا خىتـاب»، «هەپسـىدە كەتكـەن دوسـتۇم لۇتپۇلـلا مۇتەللىپكـە»، «ئالدىـدا»، «ۋەتـەن قۇربانلىـرى خاتىرىسـىگە»، «ئويغـان»، «پېقىرنىـڭ ئىقرارى» قاتارلىـق بىـر تۈركـۈم نادىـر شـېئىرلارنى ۋە «مىـڭ ئـۆي ۋە پەرهـاد ـ شـېرىن» ناملىـق داسـتاننى يازغـان.

3 ـ هاجى ئەلـەم ئاخۇنـۇم 1886 ـ يىلى شايار ناهيەسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايلور يېزىسىدا تۇغۇلغان. تەخمىنەن 1892 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۇچا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1899 ـ يىلى دىنىي مەلۇماتى كامىل، قارىلىقتىن ئۆتكەن هاجى ئەلەم ئاخۇنۇم قايلور يېزىسىدىكى دۈشەنبە بازار مەسچىتىگە كىچىك تۇرۇپلا ئىمام بولغان. 1903 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1908 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1913 ـ يىلى هەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ 1916 ـ يىلى هاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەن. 1919 ـ يىلى ئەينى دەۋردىكى ياڭزېڭشىنىڭ هۆكۈمىتى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن رۇسىيەگە چىقىپ كەتكەن. 1927 ـ يىلى شايارغا قايتىپ كېلىپ، ئەينى چاغدىكى مۇستەبىت هۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلغان. خوجا نىياز هاجى كۇچارغا كەلگەندە خوجا نىياز هاجىنىڭ سېپىغا قوشۇلغان. 1933 ـ يىلى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» هۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا هۆكۈمەتنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1937 ـ يىلى خوجا نىياز هاجى ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى شىڭشىسەي هۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشكە قاتنىشىپ، ئەسكىرىي قوماندان بولغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ئاقسۇغا بېسىپ كىرگەندە ئۇلارغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغان. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئابدۇنىياز كامال هاجى ئەلەم ئاخۇنۇمغا چەتئەلگە چىقىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ئەمما هاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئاخىرقى نەپەسى قالغۇچە جەڭ قىلىپ، شېهىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن.

4 ـ هەسەن داموللاهاجىم 1928 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كۇچا ناهىيە بېهىشباغ يېزىسى بېهىشباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ

يىلىدىن باشلاپ مۇسايىپ داموللا ھاجىم مۇدەررىسلىك قىلغان ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1948 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ھەسەن داموللا ھاجىم مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا دىنىي بىلىم ئېلىشتىن سىرت تېبابەتكە دائىر ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە ئۇستا تېۋىپلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى تەييارلاش ۋە كېسەل داۋالاش جەھەتلەردە يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرگەن. ھەسەن داموللا ھاجىم 1971 ـ يىلىدىن باشلاپ كۇچادا مىللىي شىپاخانىلاردا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىدىن تاكى 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر كۇچا ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

ھەسەن داموللا ھاجىم «مۇلەخساتى تېببىي» ناملىق ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە رېتسېپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابنى نەشر قىلدۇرغان ۋە ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسىنىڭ 7 ـ جىلتى بولغان «خام دورىلار قىسمى» نى يېزىشقا قاتناشقان ھەم بۇ قامۇسنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولغان.

5 ـ جامالىددىن مەۋلى بىننى داموللا ھاجى 1817 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە كۇچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ 8 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىمى ۋە مەشھۇر تېۋىپى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، مۇدەررىسلىك ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلغان كۇچا «ئاقبۇرۇت بۇغراخان» مەدرىسىدە كۆپلىگەن دىنىي ئۆلىمالارنى ۋە ئۇستا ھۆكۈمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇ 1902 ـ يىلى 85 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ «ئاب ۋە ئاتەشنىڭ كىيەل داۋالاشتىكى رولى» ناملىق ئەسىرى تاكى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا قولىيازما ھالەتتە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

كۇچا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان يەنە كۆپلىگەن ئۆلىما، ئەدىب، جامائەت ئەربابى ۋە مۇدەررىسلەر بولۇپ، بىز بۇ ماقالىدا پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشىلەرنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


- لى جىنشىن «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2003 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
- تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، 1989 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
- موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»، 2007 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى.
- مىرزا ھەيدەر كورگان «تارىخى رەشىدى»، 2007 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
- «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ 6 ـ سانلىرى
- قاھار نىياز «كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر»، 2012 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى.
- «شايار تارىخ ماتېرىياللىرى»
- «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2013 ـ يىلى 1 ـ سان.
- «نىمشېھىت ئەسەرلىرى»، 1995 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
- 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي ستوكھولم
- مەنبە: «مەرىپەت» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 4 ـ سان

## «نەگە بارسەن قاغا؟» دېگەن ناخشىنىڭ تارىخىي يىلتىزى

### قىسقىچە مەزمۇنى

كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىكى شېۋە پۇرىقى كۈچلۈك، رايون ئالاھىدىلىكى ئېنىق، تارىخى ئۇزۇن، كۈي - مېلودىيەلىرى ئۆزگىچە بولغان بىر تۈر بولۇپ، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۇچالىقلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. كۇچا رايونى تارىختىن بۇيان ناخشا - ئۇسۇل ماكانى دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى نامىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ناخشىلار ئەمەلىيەتتە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆزى ياكى ئازراق ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرىدۇر.

بۇ ماقالىدا دەل ئاشۇ كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان «نەگە بارسەن قاغا» ناملىق ناخشىنىڭ تارىخىي يىلتىزى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق بۇ ناخشىنىڭ قاچانلاردا ئىجاد قىلىنغانلىقىغا دائىر ئىلمىي پەرەز ۋە مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ناخشىدىكى «ئەركەشتام» ۋە «ئەنجان» قاتارلىق قاراتمىلىقى ۋە تارىخىي ئاساسى كۈچلۈك بولغان ئاتالغۇلار ئارقىلىق ناخشىنىڭ زامان چېگراسى ئېنىقلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: كۇچا، خەلق ناخشىسى، ئەركەشتام، راشىدىنخان.

«نەگە بارسەن قاغا؟» كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئىپادىلەنگەن ۋەكىللىك ناخشىلارنىڭ بىرىدۇر. كۇچا خەلق ناخشىلىرى ھەققىدە سۆز بولغاندا كۆپىنچە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇش، ئاياللارنىڭ ئاۋازى روشەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاتىرىلىنىدۇ. تىپىك كۇچا خەلق ناخشىسى ھېسابلانغان «نەگە بارسەن قاغا؟» دېگەن بۇ ناخشا دەل ئاشۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ناخشا بولۇپ، ئاشىقىغا زار بولغان بىر قىزنىڭ سېغىنىشلىق ھەسرىتىنى ياكى مۇرەببەسىنى كۆتۈۋاتقان بىر سادىق ئايالنىڭ ئىنتىزارلىق تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن.

ئەھەت داۋۇت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «كۇچا خەلق ناخ- شىلىرى» دېگەن توپلامنىڭ مۇندەرىجىسىدە بۇ ناخشا بەشىنچى ئورۇندا ئۇچرايدۇ. ناخشا پەقەت ئىككى كۇپلېت بولۇپ، كۇپلېت ئاخىرلىرىغا «ئۆرگىلىمەن، ھەر جايدا مېنىڭ يارىم» دېگەن نەقرات قوشۇلغان. ئەمما «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» ناملىق ۋېسدىي توپلىمىدا بۇ ناخشا تۆت كۇپلېت قىلىپ، ئېيتىلغان بولۇپ، ناخشىغا «ئۇچلىماڭ بىلەگىمنى» دېگەن نامنى بەرگەن. ئەمما ناخشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ۋە مۇزىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سالساق ناخشىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كۇپلېتى بىلەن كەينىدىكى ئىككى كۇپلېتىنىڭ ئارىسىدا تەبىئىي بىر باغلىنىشنىڭ يوقلۇقىنى، ناخشىنىڭ ئەسلىدىنلا ئىككى كۇپلېت بولۇپ، ئالدىدىكى ئىككى كۇپلېتىنىڭ چاتما قىلىپ ئېيتىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشىنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېتىغا «ئۇچلىماڭ بىلىكىمنى، كۆيدۈرمەڭ يۈرىكىمنى» دېگەن نەقرات قوشۇلغان بولۇپ، كېيىنكى ئىككى كۇپلېتىغا ھېچقانداق نەقرات قوشۇلمىغان. شۇڭا ناخشىنى ئەھەت داۋۇت تۈزگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تېكىست بويىچە

تەھلىل قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

بۇ ناخشا خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ناخشا بولسىمۇ، ئەمما ناخشىنىڭ قاچانلاردا يېزىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق يازما ياكى ئېغىزاكى ماتېرىيال يوق. ناخشىنىڭ تارىخىنى بىلىش ئۈچۈن يەنىلا ناخشا تېكىستىنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ناخشىنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغان:

*نەگە بارىسەن قاغا؟ (داۋۇت، 2004)*
*ئەركەشتامدىكى يارغا،*
*كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،*
*يۈرەك قانمىدى يارغا.*

بىرىنچى مىسرادىكى قاغا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خەۋەرچى، ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بېشارەت بەرگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا:

*«كېتىپ بارغان قاغىلار،*
*كۆرۈپ كەلگىن يارىمنى.*
*ئۆزۈڭ ھەر جايدا بولساڭ،*
*قويۇپ كېلەي جانىمنى.»*

*دېگەن قوشاق تارقالغان. (ئەبەي، ئىمىن، 2006)*

ناخشىدا قاغا ئارقىلىق يارىغا ئۇچۇر يەتكۈزمەكچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالىمنى يوللىماقچى بولغان قىز قاغىغا تەلمۈرۈپ ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى مىسرادا قاغىنىڭ بارار جايى يەنى يارىنىڭ يىراقتىكى مەنزىلى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ مەنزىل دەل يارى كەتكەن ماكان ئەركەشتام بولۇپ، ناخشىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەڭ ھالقىلىق سۆز ھېسابلىنىدۇ.

ئەركەشتام ئۇلۇغچات ناھىيەسى جىغىن يېزىسى، سىمخانە كەنتىگە جايلاشقان چېگرا ئېغىزى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي كارۋان يولىدۇر. مەسىلىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى كۆچا بىلەن بىۋاستە چېگرىلانمايدىغان، كۆچادىن مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن ئۇزاقلىقتا بولغان، كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئەركەشتامدەك بىر يەرنىڭ ناخشىدا نىشان قىلىنىپ تاللىنىشىدۇر. بەلكىم بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك. ئەركەشتام ناخشىنىڭ قايسى دەۋرلەردە ئىجات قىلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى ئېنىقلاشتىكى مۇھىم تارىخىي نام ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە كۆرە ئەركەشتام تارىختا بۈيۈك كارۋان يولى دەپ ئاتالغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسىدىكى مەركىزى شەھەر قەشقەردىن پەرغانە ۋادىسىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى مۇھىم تاغ ئېغىزى بولۇپ، قەشقەر بىلەن پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجاننى بىۋاستە باغلاپ تۇرىدىغان ئۆتەڭ بولغان. گەرچە خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەركەشتام چېگرا ئېغىزى 1884 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا ئىمزالانغان «قەشقەر چېگرا لىنىيەسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇ تاغ ئېغىزىنىڭ يىپەك يولى باشلانغان دەۋردىلا سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم كارۋان يوللىرىنىڭ بىرى بولغان، دەپ قارىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە قەشقەرنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسى كۆك تۈركلەر دەۋرىدىن تاكى مانجۇ دەۋرىگىچە

بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي مۇساپىدە ئاساسەن ئوخشاش بىر سىياسىي گەۋدىنىڭ ئاستىدا بولغان بولۇپ، ئەركەشتام قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرى بۇ ئىككى ۋادىدىكى خەلقلەرنىڭ رىشتىسىنى باغلايدىغان ئاساسلىق يول ئېغىزلىرى بولغان بولسا، مانجۇ ئىستىبلاسىدىن كېيىن ئەركەشتام تاغ ئېغىزى ئىككى ۋادىدىكى خەلقلەرنىڭ سودا ئالاقىسىدىكى مۇھىم يول بولۇپلا قالماي بەلكى تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچىدىغان ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسلىق يولىغا ئايلانغان. چۈنكى چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان «ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، ئۈچ ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزى بېسىۋالغان جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. بۇنداق ئۈچ ئېلىش قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتە سۇ رايونىغا كوللېكتىپ ھالدا قېچىش دولقۇنلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.» (تۇرسۇن، 2012) دەل مۇشۇنداق قېچىش دولقۇنىنىڭ بىرى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولۇپ، چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تارىم ۋادىسىنى قايتا قايتۇرۇۋالغان مەزگىلدە يۈز بەردى.

1864 ـ يىلى كۇچادا قوزغالغان راشىدىن خان ھاكىمىيىتى كۇچارنىڭ شەرقى ۋە غەربى تەرەپلىرىگە كېڭەيگەن مەزگىللىرىدە كۇچا دائىرىسىدىن نۇرغۇن ئاھالىلەر راشىدىنخان قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ لەشكەرلىرىگە ۋە ئەمەلدارلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى. كېيىن راشىدىنخان ھاكىمىيىتى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلىدە راشىدىنخان قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان كۇچا قوشۇنلىرى ياقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەگ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ئەركەشتام تاغ ئېغىزى قەشقەرىيە دۆلىتى بىلەن چاررۇسىيە ئارىسىدىكى مۇھىم پاسىل، چېگرا ئېغىزىغا ئايلانغان بولۇپ، چاررۇسىيە بۇ يەرنى ئىزچىل تۈردە ئۆز تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىش غەرىزىدە بولۇپ كەلگەن. ياقۇپ بەگ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ساراسىمىگە چۈشكەن ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى چىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشمايلا پات - پاراق بولۇپ، بىر قىسمى تاراپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى قەشقەرگە قاراپ چېكىندى. مەيلى تاراپ كەتكەنلەر ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى قاچقانلار ئارىسىدا بولسۇن ھەممىسىدە زور تۈركۈمدە كۆچالىقلار بار ئىدى. ئۇلار مانجۇ لەشكەرلىرىنىڭ قىرغىن قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، يۇرت تېشىغا ھىجرەت قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ قىسقا، ئىشەنچلىك يول ئەركەشتام كارۋان يولى ئىدى. تىل ئوقۇشىدىغان، تۇرمۇشتىن قىينالمايدىغان ئەڭ بىختەر يەر پەرغانە ۋادىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا كۆچادا «قوزغىلاڭغا باش بولغانلار ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار بولسىمۇ، يەنە تېگى قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردىن بولغان ئۇيغۇرلار، قوقەن خانلىقىدىن كەلگەن «ئەنجانلىقلار» لارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان.» (جون، 2014) شۇڭا ئۇلارنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئەركەشتام ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىغا كېتىشى بىردىن - بىر تاللاش ئىدى. ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

*سىنى ئەنجاندا دەپ ئاڭلاپ، (داۋۇت، 2004)*
*بىلىمنى سەيلىدە باغلاپ.*
*سىنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،*
*باياۋان چۆلىدە يىغلاپ.*

ئەنجان پەرغانە ۋادىسىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ، مانجۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىقى مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئەنجان شەھىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بۇ نوختىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

كۇچانىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى مەركىزى ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلىكى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ۋە بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋەتلىرىدە يەتتە سۇ رايونىغا تۇتۇشىدىغان پەسىل مۇمكىنچىلىكىگە تايانغان، خەتەرلىك تاغ يولىدىكى كارۋان يولىنى ئەمەس بەلكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىسى زور بولغان قەدىمي شەھەر قەشقەر ئارقىلىق ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ، پەرغانە ۋادىسىغا بارىدىغان كارۋان يولىنى بېكىتكەن. شۇڭا بۇ دەۋرلەردە كۇچادىن ئەنجانغا بارىدىغان سودىگەرلەرمۇ كۆپ بولغان ھەم ئەنجاندىن كۇچاغا سودا ئىشلىرى بىلەن كەلگەن ۋە كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەنجانلىقلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. ئادىل ھېكمەت بەيىنىڭ «ئاسىيادىكى بەش تۈرك»، نوشىرۋان ياۋشېفنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، ئەخمەت كامال ئېلكۈلنىڭ «چىن خاتىرىلىرى» دېگەن كىتاپلاردىمۇ كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە سودا قىلىۋاتقان ئەنجانلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ناخشىنىڭ مەزمۇنىدىن ئالغاندا، ناخشىدا بىر قىزنىڭ ياكى بىر ئايالنىڭ ئەركەشتام ئارقىلىق ئەنجانغا كەتكەن ئاشىقىنىڭ يولىغا قاراپ، دىدارىغا زار بولغان ئاتەشلىك ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ناخشىدا تەسۋىرلەنگەن يىگىت ئەنجانغا بەلكىم سودا ئىشلىرى بىلەن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنىمۇ قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنىڭ 3 مىسراسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن بۇ قىياسىمىزنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ.

ناخشىدىكى بۇ مىسرا ئەنجانغا كەتكەن يىگىتنىڭ كۈچاغا كەلمەيدىغانلىقىدەك بىر ئۈچۈر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر ئەنجانغا سودا ئىشلىرى بىلەن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن كەتكەن بولسا مەشۇقىنى زار قاقشىتىپ، ئەنجاندا قېلىپ قېلىشىنى نىيەت قىلماس ئىدى. دېمەك بۇ يىگىتنىڭ مەشۇقىغا قايتىپ بارمايدىغانلىقىدەك بىر ئۈچۈرنى يەتكۈزۈشى بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قاچقانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەينى يىللىرى مانجۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ پەرغانىگە كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەممىسى دېگۈدەك شۇ رايوندىكى ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئالغاندىمۇ قىز دەسلەپتە يىگىتنىڭ ئەركەشتامدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ، ئاندىن ئەنجاندا ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. بۇ نوختىدىن ئالغاندا يىگىت قىز ياكى ئايالى بىلەن خوشلىشىپ ماڭغان ئەمەس، يىگىتنىڭ سەپىرىدىن قىزنىڭ پۈتۈنلەي خەۋىرى يوق، قىز پەقەت باشقىلاردىن يىگىتنىڭ دەسلەپتە ئەركەشتامدا ئىكەنلىكىنى، كېيىن ئەنجانغا كەتكەنلىكى، ئاندىن يىگىتنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ قىزنىڭ «باياۋان چۆلدە يىغلاپ»، پەرياد قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

گەرچە ناخشا قارماققا بىر ئاددىي مۇھەببەت ناخشىسىدەك قىلسىمۇ ئەمما تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا بىر دەۋرنىڭ تارىخى سىڭگەندۇر. كۈچانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۈچالىقلارنىڭ

يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ ئەركەشتام ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجانغا قېچىشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ چوڭ تارىخىي ۋەقە دەل راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشىدۇر. ئۇندىن كېيىن يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر بۇنداق بىر مۇمكىنچىلىكنىڭ بولۇشىنى چەتكە قاقىدۇ.

1884 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا «قەشقەر چېگرا لىنىيەسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، ئەركەشتام چېگرا ئېغىزى قاراۋۇلخانىسى قورۇلغاندىن كېيىن، مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بۆلىكىنى باغلاپ تۇرىدىغان كارۋان يولىدىكى مۇھىم تاغ ئېغىزى بولغان ئەركەشتام چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدىكى چېگرا ئېغىزىغا ئايلىنىدۇ. چار رۇسىيە تەۋەسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئەركەشتامنى ئاساس قىلغان كارۋان يولى چۆلدەرەپ، لاداق يولىنى ئاساس قىلغان كارۋان يولى ئاۋاتلىششقا باشلايدۇ. 1950 - يىلدىن باشلاپ ھەر ئىككىلا يول پۈتۈنلەي تاقىلىدۇ.

دېمەك ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى باشلانغان 1879 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ «نەگە بارسەن قارغا» ناملىق كۇچا خەلق ناخشىسى ئىجات بولغىلى ئاز دېگەندىمۇ 130 يىلدىن ئاشقان بولىدۇ.

مەنبە ۋە پايدىلانمىلار

[1] ئەھمەت داۋۇت، كۇچا خەلق ناخشىلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 1نەشرى،31 - بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[2] ـ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، 4 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[3] ـ نەبىجان تۇرسۇننىڭ «پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقالغان خەلق ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىسى.

http://www.akademiye.org/ug/?p=705

[4] ـ سوگاراۋا جۇننىڭ «1864 ـ 1865 ـ يىلىدىكى كۇچا غوجىلىرىنىڭ غازىتى ۋە باشقا تەسىر كۆچلەر» ناملىق ماقالىسى، «ئانا يۇرت» پەسىللىك ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 4 ـ سان،37 ـ بەت

[5] ئەھمەت داۋۇت، كۇچا خەلق ناخشىلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1نەشرى،31 ـ بەت

[6] ئەھمەت داۋۇت، كۇچا خەلق ناخشىلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1نەشرى،31 ـ بەت

*2016 ـ يىلى،ستوكھولم*

## گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش يەنە بىر يۈزى

گۇننار ياررىڭ ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان شىۋىتسىيەلىك تۈركولوگ ۋە دىپلومات. ئۇ ئۇيغۇرلارغا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ئارقىلىق تونۇلغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ۋە قەشقەر دىيارىدىن توپلىغان ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك زور مىقداردىكى ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غايەت زور شۆھرەت تاپقان. گۇننار ياررىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەقەت بىلىم ئىخلاسمەنلىرىگە تونۇشلۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاۋام خەلق ئارىسىمۇ زور تەسىرگە ئىگە.

گۇننار ياررىڭ 1929 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلغىچە قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىغا ئىگە بولدۇ. گۇننار ياررىڭ ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بېرىشىنى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن «قەشقەرگە قىلغان تىل ئۆگىنىش سەپىرى» دەپ ئاتايدۇ. گەرچە گۇننار ياررىڭنىڭ قەشقەر سەپىرى ئۇنى تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى نام ـ شۆھرەتكە يېتەكلىگەن بولسىمۇ، تەتقىقاتىغا تۈگىمەس مەنبە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ھەققى سالاھىيىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى تەتقىقات ساھەسىدە ئەمەس بەلكى سىياسىي سەھنىدە ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە شىۋىتسىيە جەمئىيىتىدە تۈركولوگ نامى بىلەن ئەمەس بەلكى مەشھۇر دىپلومات نامى بىلەن قەدىرلەنمەكتە.

گۇننار ياررىڭ شىۋىتسىيەنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان لۇند

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تونجى ئۇيغۇرشۇناس گوستاۋ راكېتنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر. گوستاۋ راكېت شىۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قەشقەردىكى بازىسىدا ئۇزۇن مەزگىل تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان دىنىي جەمئىيەتنىڭ غوللۇق ئەزاسى ئىدى. گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا قەشقەرگە قىلغان سەپىرىنى ئاشۇ ئۇستازى بولغان گوستاۋ راكېتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولغان دەپ بايان قىلىدۇ. بىز بۈگۈن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئوقۇۋاتقان گۇننار ياررىڭنىڭ پاكىز تەرجىمىھالى ئۇنىڭ قەشقەر سەپىرىنىڭ مۇددىئاسى گوستاۋ راكېتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ماتېرىياللار ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدا يېزىلماي كېلىۋاتقان بىر قىسىم يوشۇرۇن ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىغا يېڭى مەنىلەرنى قوشماقتا.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا گېرمانىيەنى مەركەز قىلىپ تارقالغان ناتسىستلىق ئىدىيەسىگە ئىگە مىللەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى جانلانغان يىللار ئىدى. لۇند شەھىرى ئەينى چاغدىكى شىۋېتسىيە مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇۋىسى ھېسابلىناتتى. بۇ شەھەردە شىۋېتسىيە ناتسىستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان تونجى مىللەتچى پارتىيە «شىۋېتسىيە مىللەتچىلىرى مەملىكەتلىك بىرلىكى» ئاكتىپ ھەرىكەت قىلاتتى. لۇند شەھىرىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ئادۋوكات، ساقچى، ئەسكەر ۋە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بۇ پارتىيەنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى ئىدى.

29يېشىدىلا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان گۇننار ياررىڭ لۇند شەھىرىدىكى تەسىرى بار ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، شىۋېتسىيە ناتسىستلىرى ئاتالغان «شىۋېتسىيە مىللەتچىلىرى مەملىكەتلىك بىرلىكى» نىڭ غوللۇق

ئەزاسى ئىدى.(1) ئۇنىڭ مىللەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان ناتسىست ئىدىيەسى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىلا باشلانغان بولۇپ، 1926 - يىلى مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى» غا ئەزا بولىدۇ.(2) 1936 - يىلى شۋېتسىيە پارلامېنت سايلىمىغا «شۋېتسىيە مىللەتچىلىرى مەملىكەتلىك بىرلىكى» نىڭ ئاساسلىق نامزاتىنىڭ بىرى بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئۇ سايلام نۇتۇقلىرىدا: «كۆچمەنلەرنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىپ شۋېت خەلقىنى يات ئامىللاردىن ساقلاپ قېلىش» (3) نى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ چاغدا گۇننار ياررىڭ «شۋېتسىيە مىللەتچىلىرى مەملىكەتلىك بىرلىكى» دىكى غوللۇق 6ئادەمنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ بۇ يىللاردا لۇند ۋە مالمۆ قاتارلىق شەھەرلەردىكى مىللەتچىلەر كۇلۇبلىرىدا نۇتۇقلار سۆزلەيدۇ، ماقالىلەر ئوقۇيدۇ. شۋېتسىيە مىللەتچىلىرىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ناخۇنېل يۇل» «داگىنىس پوست» دېگەندەك ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىدۇ. (4). گۇننار ياررىڭ بىر تەرەپتىن ماقالىلىرى، نۇتۇقلىرى ۋە سىياسىي پارتىيەسىدىكى ئوبرازى ئارقىلىق ناتسىست ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن شۋېتسىيە ھەربىيلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «چېگرا ئاگېنتلىقى» دا خىزمەت قىلىدۇ. «چېگرا ئاگېنتلىقى» شۋېتسىيە ھەربىيلىرىنىڭ 1939 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە ۋەزىپىدە بولغان مەخپىي ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گىتلېر گېرمانىيەسى بىلەن قويۇق ھەمكارلىقتا بولغان. گۇننار ياررىڭ «چېگرا ئاگېنتلىقى» دا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ناتسىست گېرمانىيەسى تەرىپىدىن 1942 - يىلى ناتسىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن «گېرمانىيە بۈركۈتى» ناملىق ئوردېنغا ئېرىشىدۇ. (5) «گېرمانىيە بۈركۈتى» ناملىق ئوردېن ھېتلېر گېرمانىيەسى تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسىس قىلىنغان گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن چەتئەل پۇقرالىرىغا تارقىتىدىغان ئوردېن ئىدى.

گۈننار ياررىڭنىڭ مىللەتچىلىككە تولغان ناتسىست ئىدىيەسى 1930 - يىللىرىدىن كېيىن تازا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئۇ گىتلېر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارىيانلار ئىرقى نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان ئىدى. گىتلېرنىڭ تەشەببۇسىدىكى ساپ ئارىيان ئىرقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار شۇ دەۋردە پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەسلىنى ئىزدەش ۋە ئۆزلىرىنى ئارىيان ئىرقىغا باغلاش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچى، ئارخېئولوگ ۋە ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان پۈتكۈل ئاسىيا ئىقلىمىدا جاھانكەزدىلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. گۈننار ياررىڭ ئاشۇ تەۋەككۈلچى جاھانكەزدىلەرنىڭ قاتارىدىكى ئارىيان ئىرقى نەزەرىيەسىگە مەستانە بولغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدىن كېيىن يازغان ماقالىلىرىدىكى ئارىيانلار ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلار ئۇنىڭ ئاسىيا سەپىرىنىڭ مۇددىئاسىغا گۇمانىي تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئارىيانلارنىڭ ئەسلى يۇرتى كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئورال تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلاردا ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقى مەلۇم. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ خېلى زور بىر تۈركۈمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ - سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ئارىيانلارنىڭ بىر بۆلىكى تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تارىخىدا كۆپ

تىلغا ئېلىنىدىغان ساكلار، سوغدىلار، توخارلار ئارىيانلارنىڭ ھەر خىل ماكانىدا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىشى دەپ قارالماقتا. ئارىيانلار تارىختا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزلىرىنى ئارىيان ئىرقىغا باغلاپ چۈشەندۇرۇشى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل ھادىسە گىتلېر تەرىپىدىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» دېگەن كىتابىدا «ئارىيانلار قۇرۇشچان، باتۇر، ئىنتىپاقچان، ئەقىللىق، ئىشچان، چىرايلىق خەلقتۇر. يەھۇدىيلار پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇزغۇنچى، ھىيلىگەر، زەھەرخەندە، ئاچكۆز، شەخسىيەتچى، پاسكىنا، سەت خەلقتۇر» (6) دەپ تەسۋىرلەيدۇ ۋە گېرمانلارنى بىردىن ـ بىر ساپ ئىرقلىق ئارىيانلار، دەپ ئاتايدۇ. ھىتلېر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ساپ ئارىيان ئىرقى نەزەرىيەسى ياۋروپادا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئارىيان ئىرقىغا باغلاپ چۈشەندۇرۇشى ۋە باشقا خەلقلەرنى پەس كۆرۈشىگە چوڭ نەزەرىيەۋى ئاساس تىكلەپ بېرىدۇ. گۇننار ياررىڭ تەشەببۇس قىلغان «كۆچمەنلەرنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ شىۋېت خەلقىنى يات ئامىللاردىن ساقلاپ قېلىش» نەزەرىيەسىمۇ ئەمەلىيەتتە گىتلېرنىڭ ئارىيانلارنى ئۇلۇغلاپ، باشقىلارنى پەس كۆرۈش ئىدىيەسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «يەر شارىدىكى جەننەت» دېگەن ماقالىسىدە بۇ توختىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

گۇننار ياررىڭ 1935 ـ يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى قايتا زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئەينى چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت سەۋەبىدىن ئىلتىماسى رەت قىلىنىپ چېگرادىن كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئافغانىستان ۋە كەشمىرلەردە زىيارەت ۋە تەكشۈرۈشلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، 1936 - يىلى ۋەتىنى شىۋېتسىيەگە قايتىدۇ ۋە شۇ يىلى ئۆزى تەۋە بولغان پارتىيە «شىۋېتسىيە مىللەتچىلىرى مەملىكەتلىك بىرلىكى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ناخۇنال يۇل» دا «يەر شارىدىكى جەننەت» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدە كەشمىر رايونىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ، «كەشمىرنىڭ دالىيىن، كىرىك سىرىناگار دېگەن يۇرتلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا بارسىڭىز ئۇ يەردە ئەركىن، خۇشال، ئوچۇق، مېھماندوست، دوستانە، ياتلاردىن ئالتۇن ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئويلىمايدىغان خەلق بىلەن ئۇچرىشىسىز. تەلىيىمىزگە كەشمىردىمۇ ياخشى خەلق بار ئىكەن. چۈنكى، كەشمىردە ئارىيانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق پەزىلەتلەر بار بولغان ھەقىقىي ئارىيانلار ياشاۋېتىپتۇ.» (7) دەپ يازىدۇ. ماقالىدا ئەكس ئەتكەن بۇ نۇقتىئىنەزەرلەردىن گۈننار ياررىڭنىڭ ئافغانىستان ۋە كەشمىرى زىيارىتىنىڭ مەقسىتىنى تىل تەتقىقاتىنى مەقسەت قىلغان دېگەندىن كۆرە ئارىيانلار ئىرقىنى تەكشۈرۈشنى نىشان قىلغان دەپ قىياس قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىقمىز. چۈنكى ئافغانىستان ۋە كەشمىرلەر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئارىيانلار ياشىغان ماكانلار دەپ قارىلىۋاتقان كەڭ زېمىنلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمەلىيەتتە گۈننار ياررىڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايونلار بولۇپ، ئەگەر سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولغان تەقدىردە گۈننار ياررىڭنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنىڭ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. بەلكىم تەكلىماكان رايونىغا ماكانلاشقان ئارىيانلار ھەققىدە بەزى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

گۈننار ياررىڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قەشقەر زىيارىتى 1929 - يىلىدىن 1930 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ

بىرلىغان بولۇپ، بۇ چاغدا گۇننار ياررىڭ ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ياش بولۇشىغا قارىماي قەشقەر قاتارلىق ئۆزگە يۇرتلەي ناتونۇش بولغان بىر ماكاندا، ناتونۇش بىر خەلق ئارىسىدا يەككە يىگانە زىيارەتكە تەۋەككۇل قىلىشى شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاددىي بىر مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۇرت - يۇرتلارنى ئارىلىشى ۋە ۋە توختىماي قەدىمىي قول يازمىلارنى يىغىشى ئۇنىڭ ئاددىيغىلا تىل ئۆگىنىش مەقسىتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن دېيىشكە بولاتتى. بۇ مەزگىلدە گۇننار ياررىڭ شۋېتسىيەدىكى «مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى» نىڭ 3 يىللىق سىننىقىدىن ئۆتكەن كونا ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئالىلىقاچان ياۋروپا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلەرنىڭ ناتسىست ئىدىسى بىلەن يۇقۇملىنىپ بولۇنغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ شۇنچە يىراق ياۋروپانىڭ بىر بۇرجىكىدىن شۇنچە جاپالىق مۇساپىلەرنى بېسىپ قەشقەرگە كېلىشىنى ئاددىيلا «تىل ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان» دېيىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى تىل ئۆگەنگۈچىدىن كۆپرەك مەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدىگۈچىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۋېتسىيەدە «شىۋېتلار قەشقەردىن كەلگەن» (7) دېگەن رىۋايەت تۇسىنى ئالغان بىر تارىخ بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان ۋە قەشقەرگە بېرىشقا تەۋەككۇل قىلغان گۇننار ياررىڭنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى تىكلىگەن قىزىقارلىق بىر مەنبە دېيىشكە بولاتتى. گەرچە بۇ شىۋېتلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان ۋە تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان بىر رىۋايەت بولسىمۇ ئەمما 30 يىللاردىكى ئۆزىنى ئىزدىگۈچىلەر ۋە ئۆزىنى ئارىيانلارغا باغلىغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بىر ماتېرىيال ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ گۇننار ياررىڭدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۋېتسىيەدىكى مىللەتچى پارتىيەنىڭ غوللۇق 6 ئادىمىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ناتسىست مىللەتچىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەمما ئۇ قەشقەر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ 1934 ـ يىلى «جەنۇبىي شۋېتسىيە كۈندىلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «شەرقى تۈركىستاندىكى كىتاپچىلىق» دېگەن ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارغىمۇ ئانچە ئىجابىي بولمىغان نەزەردە بولىدۇ. ئۇ قەشقەر كوچىلىرىدىكى كىتابپۇرۇشلارنى «ئۇلاردا كىتابلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بىر چەت ئەللىككە سېتىپ بېرىدىغان راي زادىلا يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيەسى سوغۇق تەلەتلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.» دەپ تەسۋىرلىسە، كىتابپۇرۇش رۇزىئاخۇننى «مەن كىتابپۇرۇشلاردىن روزى ئاخۇن بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالدىم. بۇ ئادەم بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە سەللىلىكلەر ئادەتتە باشقىلارغا قارىغاندا بىلىملىك كېلەرمىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا سەللە ئىناۋەت، بىلىمنىڭ سىمۋولىكەن. مېنىڭچە ئۇ كىشىنىڭ ھېيلىگەر ۋە قۇۋلۇقى ئۇنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقىنى بېسىپ چۈشەتتى.» «ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇ ئاللا ئالدىدا گۇناھىنى تونۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ مەندەك بىر ئىسلام دىنى مۇرتى بولمىغان بىر بەندىگە كىتاب ساتقاندا» بىسمىللا«دەپ قويۇپلا سېتىۋەردى، بىرقانچە قېتىم قۇرئاننى سىڭا قولى بىلەن ياكى سول قولى بىلەن تۇتۇپ سالدى. ئۇ قەبرە بېشىدا قىلغان دۇئالىرى بىلەن ئاللاھنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېگە بولۇشنى ئويلايتتى. گەرچە ئۇ مېنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ مەندىن نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرۇۋالغان ۋە مەن تەمىنلىگەن شۋېتچە گېزىتلەردىن كۆپ پۇل تېپىۋالغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ مەككىگە قىلغان بۇ ئۇلۇغ سەپىرىگە مەدەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭ ھاجى بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» دەپ يازىدۇ.(8)

ئۇنىڭ مىللەتچىلىككە تويۇنغان ئىدىيىسى تاكى 70 ـ يىللارغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇ شوۋېتسىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن چىقىپ كېتىشىنى، شوۋېتسىيەنى كۆچمەنلەردىن ئۇنۇملۇك قوغداپ، شوۋېت خەلقىنى ناتونۇش ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە شوۋېتسىيەدە باش كۆتۈرگەن شوۋېت مىللەتچىلىرىنىڭ پارلامېنتتىكى تەشەببۇسلىرىمۇ گۇننار ياررىڭنىڭ ئەينى چاغدىكى تەشەببۇسلىرىدىن قىلچە پەرقسىزدۇر.

ئۇنىڭ بۈگۈن بازارغا سېلىنغان تەرجىمھالى يۇقىرىقىلاردىن مۇستەسنا پەردازلانغان پاك ـ پاكىز تەرجىمھال بولۇپ، ئۇ بۈگۈن كىتابلاردا شوۋېتسىيەدە تونۇلغان دىپلومات، ئىلىم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۈركولوگ بولۇپ يېزىلماقتا. گۇننار ياررىڭنىڭ ئىدىيەسىنى 30 يىللارچە قامال قىلغان مىللەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ناتسىستلارغا باغلىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەرجىمھالىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىنىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىلغان، بولۇپمۇ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى ئادەمدە گۇمان قوزغايدۇ.

ئىزاھات ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر:

1 ـ شوۋېتسىيە مىللىي سوتسىيالىزمنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلار 1931 ـ 1945

2 ـ شوۋېتسىيە كەچلىك گېزىتى، 1972 ـ يىلى، شوۋېتچە نەشرى

3 ـ نېمە ئۈچۈن مىللەتچىلەر ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن. 2000 ـ يىلى، شوۋېتچە نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى تارقىتىش

4 ـ «ناخۇنال يۇل» 1936 ـ يىللىق سانى، شۋېتچە نەشرى
4 ـ شۋېتسىيە كەچلىك گېزىتى، 1972 ـ يىلى، شۋېتچە نەشرى
5 ـ قەشقەرگە قايتا سەپەر، ئۇيغۇرچە نەشرى
6 ـ ئۆزلۈك ۋە كىملىك، ئۇيغۇرچە نەشرى
7 ـ ۋىكىپېدىيا تور قامۇسى شۋېتچە نەشرى
8 ـ ئوكيان تور قامۇسى
9 ـ ئورقۇن تور بېتى. ئارىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى.
10 ـ لوندىدىكى مەدەنىيەت دەرۋازىسى تورى، شۋېتچە نەشرى
11 ـ شەرقى تۈركىستاندىكى كىتاپچىلىق، جەنۇبى شۋېتسىيە كەچلىك گېزىتى 1934 ـ يىلى، زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى
12 ـ شۋېتسىيە كۈندۈزلۈك گېزىتى، 2006 ـ يىلى، شۋېتچە

*2013 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ستوكھولم*

# ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىدە دوپپا

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىتى، ياشام شەكلى، گۈزەللىك قارشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىي ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزگىچە باش كىيىم مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى كۈچلۈك، ۋەكىل خاراكتېرلىك تاشقى كۆرۈنۈشى ئېنىق بولۇپ، مىللىي كىملىكنىڭ تاشقى پوستى سۈپىتىدە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇر باش كىيىملىرى جىنسىي ئايرىمچىلىقى، ياش پەرقى، كەسپىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي قاتلىمىغا ئاساسەن كۆپ خىل تۈرلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، دوپپا بۇنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

دوپپا بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى مىللىي كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان يازلىق باش كىيىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىز ھەر زامان دوپپا ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى، يەنى ئۇيغۇرلۇقىمىزنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىمىز. ھەر خىل پائالىيەتلەردە دوپپا كىيىمىز، دوپپا ھەممىمىزگە يارىشىدۇ، لېكىن دوپپىنىڭ ئۇيغۇرلاردا قايسى زامانلاردىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقى، قايسى زامانلاردىن باشلاپ دوپپا دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» دېگەن كىتابىدا «بۆك (دوپپا) نىڭ تۈرى

كۆپ، شەكلى ھەر خىل، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم... پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە قەدىمكى بۆك سىدام، كىزەكسىز، تالالىق ئىكەن. بۆك كېيىنچە «دوپپا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان» دەپ يازىدۇ. تۆۋەندىكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىدىنمۇ بۆك بىلەن دوپپىنىڭ بىر خىل باش كىيىم ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

«ئەپەندىم بىرەر بۆكمۇ ئېلىپ كىيەلمىگەنلىكتىن نالە قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، قوشنىسى ئاڭلاپ تامدىن بىر تال كونا، پىلتىسى چىقىپ كەتكەن بۆكنى تاشلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم بۆكنى كۆرۈپ قايتۇرۇپ تاشلىۋېتىپتۇ ۋە:

- مەن سەندىن كونا بۆك سورىغىنىم يوق، بۇنى جەبرائىل كەيسۇن- دەپتۇ.»

گەرچە تارىخىي مەنبەلىرىمىزدە دوپپىنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى بولغان بۆك ھەققىدە كۆپ ئۇچۇرلار بولمىسىمۇ، يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى ۋە چەتئەل ئېكسپېدىيەچىلىرىنىڭ يازمىلىرى بىلەن ساقلىنىپ قالغان ماددىي ئۆرنەكلىرىدىن بەزى بىر ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قىزغىلىغ بۆرك، سوقارلاپ بۆرك دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان بۇ سۆزلەر تارىخىي مەنبەلىرىمىزدە تىلغا ئېلىنغان بۆك ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇرلار بولۇپ، قىزغىلىغ بۆرك - جىيەكلىك بۆك، سوقىرلاپ بۆرك - ئۇزۇن قالپاق ياكى ئۇزۇن بۆك دېگەنلىك بولىدۇ. تارىم بوستانلىقىدىن تېپىلغان مۇمىيالارنىڭ باش كىيىملىرىدىن مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان يۇقىرىقى بۆكلەرنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى كۆرگىلى

بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز بۈگۈن كىيىۋاتقان بۆكلىرىمىز بىلەن تارىختا ئەجدادلىرىمىز كىيگەن بۆكلەرنىڭ تىكىلىش شەكلى ۋە تاشقى ئۇسلۇبىدا روشەن پەرقلەر بولۇپ، بۇرۇنقى بۆكلەرنىڭ باشقا كىيىدىغان ئاستىنقى قىسمى يۇمىلاق، ئۈستى تەرىپى ئۇزۇن كونۇس شەكىللىك ياكى گۈمبەز شەكىللىك بولغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنىمۇ كۇچا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تەلئەت ئۇبۇل قاسىم تۇمەن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى كۇسەن سەنئىتى» دېگەن كىتابىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى بايانلارنى بېرىدۇ. «كۇچادىكى سىم - سىم مىڭئۆيىدىكى مىلادىيە 5 - ئەسىردە قېزىلغان 42 - غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تېمىغا سىزىلغان «سودىگەرلەرنىڭ بۇددىغا پەرھىز تامىقى سەدىقە قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەپ ھېكايىسىدىكى ئۈچ سودىگەرنىڭ كىيىملىرى ئالاھىدە بولۇپ، كىيىملەر كۆركەملىكى بىلەن ئادەمنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئۈچ سودىگەر ئوڭ تىزى بىلەن تىزلىنىپ، ھۆرمەت بىلەن بۇددىغا سەدىقە تامىقى تۇتۇۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ياللىۋاش، قالغان ئىككىسى بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، دوپپىلىرىنىڭ شەكلى ۋە گۈلىدىن قارىغاندا، ئۇچلۇقراق كەلگەن گىلەم دوپپىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.» بۇ ھەققىدە شۋېتسىيەلىك مۇتەخەسسىس ۋىۋى سىلۋانمۇ بەزى ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «كرورانىنىڭ يوك توقۇلما بۇيۇملىرى» دېگەن كىتابىدا قۇم دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان 36 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالنىڭ باش كىيىمى ھەققىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: «مومىيا بېشىغا ئىككى قات باش كىيىم كىيگەن. ئىچكى باش كىيىمى سارغۇچ رەڭدە بولۇپ، يۇڭدىن توقۇلغان. باش كىيىم يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئىككى قۇلىقىنى يېپىپ، بېشىغا چاپلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ. ئېگىزلىك تەخمىنەن 27 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تېشىدىكى باش كىيىمى كېگىزدىن تىكىلگەن دوپپا بولۇپ، تۇقۇلۇشى ئانچە سۇپەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى چىڭ ئىدى. دوپپىنىڭ ئۈستىگە قىزىل چۆچا ۋە ئۇزۇن پەيلەر قادالغانىدى.»

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىگىلىرىلا دوپپىدىن ئىبارەت باش كىيىمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىز بۈگۈنكى كۈندە كىيىۋاتقان دوپپىمىز بىلەن قەدىمكى دوپپىلىرىمىزنىڭ تىكىلىش شەكلى جەھەتتە روشەن پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى بولغان دوپپا يەنى بۆك تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تىكىلىش جەھەتتە ئاساسەن ئاستى يۇمىلاق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇقراق ياكى گۈمبەز شەكلىدە بولۇشتەك ئۇسلۇبنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇنى شۋېتسىيە ئارخېئولوگلىرى ۋە مىسسىيونېرلىرى قالدۇرغان يازمىلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا ۋە تۇماقلىرىنىڭ گۈمبەز شەكلىدە بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

دېمەك يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىلىرى ئاستى يۇمىلاق ئۇچى ئۇچلۇق بولۇشتىن ئاستا ـ ئاستا ئاستى يۇمىلاق، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولۇشقا، ئاندىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تىكىلىش شەكلى جەھەتتە تەدرىجىي يوسۇندا ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولۇشتىن ئۈستى تۆت قىرلىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزگە كېلىمىز. ھازىر دوپپىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە

ئاستىمۇ، ئۈستىمۇ تۆت چاسا ياكى تۆت قىرلىق دوپپىلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنپۇ دوپپا، تۈگۈچ مەنپۇ دوپپا، ئۈنچە دوپپا، كالتۈن دوپپا، چىمەن دوپپا، تور باسقان دوپپا، مارجان دوپپا، دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، ئۈستى قاداق دوپپا، ئاستى قاداق دوپپا، قوش قاداق دوپپا قاتارلىقلار بىر قەدەر ئومۇملاشقان تۈرلەردۇر. دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جەۋھەر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ يارقىن جۇلاسى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ دوپپىلىرىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. ئەرلەرنىڭ چىمەن دوپپا بىلەن بادام دوپپىنى، ئاياللارنىڭ گىلەم دوپپا، ئۈنچە دوپپا ۋە جىيەكلىك يۇمىلاق دوپپىنى كىيىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئادەتتە ياشلار بادام دوپپىنى كۆپرەك كەيسە، پېشقەدەملەر ۋە ياشانغانلار چىمەن دوپپىنى كۆپرەك كىيىدۇ. كىچىك قىزلارنىڭ ئۈنچە دوپپا كىيىشى، بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ گىلەم دوپپا كىيىشى، ياشانغان ئاياللارنىڭ جىيەكلىك يۇمىلاق دوپپا كىيىشى كۆپ كۆرۈلىدۇ. دوپپا ئۇيغۇرلاردا نوقۇل باش كىيىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر خىل سەنئەت ۋە بېزەك بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تېخىمۇ شۇنداق. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا ھەر خىل دوپپىلارنى ئېسىپ قويۇش بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دوپپا ئارقىلىق ئۆيىگە زىننەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوپپا يەنە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە مەلۇم ئىدېئولوگىيە ۋە مەلۇم سىياسىي كۆز قاراشلارنىڭ سىمۋولى بولغانلىقىمۇ مەلۇم. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مۇھىم يىللار بولغان 30 ۋە 40 - يىللاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان، ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان غۇلامىدىن پاختا ئاكىمىزنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەينى يىللىرى قىزىل تەقىيە دوپپا كىيگەنلەر كوممۇنىستىك ئىدىيەدىكىلەرگە، چىمەن دوپپا كىيگەنلەر، ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەرگە، بادام دوپپا كىيگەنلەر مىللەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلغانىكەن. كىشىلەر باشقىلارنىڭ كىيگەن دوپپىسىغا قاراپ ئۇ ئادەمنىڭ قايسى خىل ئېقىمدىكى ئادەملىكىگە باھا بېرىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خەلقئارالىق سەھنىلەردە ئورۇن ئېلىپ كېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دوپپىلىرىمىزنى يەنىلا باش كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇيغۇر كىملىكىمىزنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، «ئۇيغۇر دوپپا بايرىمى» ئوخشاش ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز ناھايىتى مۇھىم.

*2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ستوكھولم*

## كۇچا «مىڭ تەن ئاتام مازىرى» دىكى مىڭ شېھىت

«مىڭ تەن ئاتام مازىرى» كۇچا ئىشخالا بازىرى قۇمئېرىق كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى «يېسۋاش سېيى» نىڭ بويىغا جايلاشقان قەدىمىي قەبرىستانلىقتۇر. كۇچادا بۇنداق قەدىمىي قەبرە، مازار، قەبرىستانلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرىگە «ئاتام» ئاتىقى بېرىلگەن. گەرچە بۇ قەدىمىي قەبرە، مازار، قەبرىستانلىقلارنىڭ تارىخ ۋە تەزكىرىلىرى تېخىچە تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەل ئىچىگە تارقالغان رىۋايەت ۋە ئېغىزاكى تەزكىرىلەردىن كۇچا تارىخىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ شاھىتلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلار كۇچا تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلامدىن كېيىنكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ماددىي مەنبەلەر بولۇپ، كۇچا تارىخىنىڭ بىزگە نامەلۇم بولغان سىرلىرىنى ئېچىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

«مىڭتەن ئاتام مازىرى» مەلۇم تارىخىي پاكىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مازار بولۇپ، ئۇ بىر قېتىملىق قانلىق جەڭنىڭ شاھىتىدۇر. خەلق ئارىسىدا ۋە بىر قىسىم يازما ماتېرىياللاردا «مىڭتەن ئاتام مازىرى» ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان.

يەكەننى مەركەز قىلغان مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۇددىست ئۇيغۇرلار كۇچاغا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرغان. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىسلام قوشۇنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۇچاغا يېتىپ كېلىپ، ئىشخالا يېزىسىغا قاراشلىق قۇمئېرىق كەنتىگە چۈشكۈن قىلغان. ئۇلارنىڭ چۈشكۈن قىلغان ۋاقتى دەل بامدات ناماز ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا تەرەددۇت قىلغان. گەرچە لەشكەر بېشى نامازنى قىسقا ئايەت بىلەن تېز تۈگىتىش پەرمانى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىمام جىددىيلىشىپ، قىسقا ئايەت ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن بىر سۈرىنى باشلاپ سېلىپ، نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتكەن. بۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلگەن نەچچە مىڭلىغان بۇددىست لەشكەرلەر باستۇرۇپ كېلىپ، بىرەر مىڭچە ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتكەن. ئىسلام لەشكەرلىرى نامازلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇددىست لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مىڭ ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغان لەشكەر بېشى لەشكەرلىرىگە چېكىنىش بۇيرۇقى بەرگەن. ئۇلار جەڭدە شېھىت بولغان مىڭ نەپەر لەشكىرىنىڭ تېنىنى قۇمئېرىق كەنتىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سايلىقتا دەپنە قىلىپ، باشلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. بىراق بۇ ياز پەسلى بولغاچقا، بۇ مىڭ باشنى قەشقەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولمىغان. باشلار ئاقسۇ دىيارىغا كەلگۈچە سېسىپ، پۇراشقا باشلىغان. لەشكەر بېشى بۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر ئارىسىدا كېسەللىك تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ مىڭ لەشكەرنىڭ بېشىنى ئاقسۇنىڭ قۇمباش دېگەن يېرىگە دەپنە قىلدۇرۇۋەتكەن. بۇ مىڭ لەشكەرنىڭ بېشى كۆمۈلگەن جاي كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن «مىڭ باش ئاتام» مازىرى دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىقى بۇ رىۋايەت كۇچا قۇمئېرىقتىكى «مىڭتەن ئاتام مازىرى» بىلەن ئاقسۇ قۇمباشتىكى «مىڭباش ئاتام» مازىرىنى بىر - بىرىگە چاتقان بولۇپ، كۇچادا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشنىڭ تارىخي چىنلىقىنى نامايان قىلغان. «مىڭتەن ئاتام

مازىرى» ھەققىدىكى ئۇچۇرلار «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي رەشىدى زەيلى» ۋە «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى» ۋە كۇچادا ئىشلەنگەن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەك ۋە رىۋايەتلىرى» دە ئۇچۇرسىمۇ ئەمما تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلمىگەن. كۇچالىق شائىر قارى بائىز تۇردىنىڭ «مىڭتەن ئاتام» ناملىق شېئىرىدا «مىڭتەن ئاتام» سۆزىگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «مىڭتەن ئاتا ـ كۇچا يېڭى شەھەرنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر بىر مازارنىڭ نامى. رىۋايەت ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مازار كۇچانىڭ ئاتاقلىق مىڭ تەن باتۇرلىرىنىڭ بولۇپ، سوقۇشتا قۇربان بولغان، بېشى كېسىلىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىلگەن. ھازىرقى قۇمباشتىكى «مىڭ باش ئاتا» مازىرى بۇ مىڭ تەن ئاتىنىڭ باشلىرى ئىكەن. بۇ ۋەقە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن) قۇمباش قۇم دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان چاغدا بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن»[1]

«ئاقسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا بېرىلگەن بۇ ئىزاھات يۇقىرىدىكى رىۋايەتتىن تولىمۇ پەرقلىق بولۇپ، يۈز بەرگەن ۋاقتىنىمۇ تولىمۇ ئۇزۇن بىر زامانغا سۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇددا لەشكەرلىرى ۋە ئىسلام لەشكەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇممۇ يوق. مازارلارنىڭ «مىڭ تەن ئاتام»، «مىڭ باش ئاتام» نامىدا «ئاتام» ئاتىقى بېرىلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى، بۇ ۋەقەنىڭ كۇچا رايونىدا يۈز بەرگەن بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىكلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. چۈنكى كۇچا رايونى تارىختا بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇددا دىنىغا ۋە بۇددا مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك

---

[1] «ئاقسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق1 ـ سان 79 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئۇزۇن قەدىمىي جاي، قەبرە، تۇر، مىلىك ئۆيلەر ۋە باشقا ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ساقلانغان. ئەمما ھېچقايسىسىغا «ئاتا» ياكى «ئاتام» نامىدىكى ھۆرمەت سۆزى قوشۇلمىغان. پەقەت ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىغىلا «ئاتام» ياكى «ئاتا» نامىدىكى ھۆرمەت ئاتىقى قوشۇلغان.

يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە ۋەقەنىڭ مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە يۈز بەرگەنلىكىنى بايان قىلىنمىسىمۇ، ئەمما رىۋايەتتە بايان قىلىنغان بەزى تەپسىلاتلارنىڭ مىرزا ئابابەكرى دەۋرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مىرزا ئابابەكرى تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقارغان ۋەزىر بۇلاجىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دەسلەپتە يەكەننى، ئاندىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ھاكىمىيەت سۈرگەن ئۇيغۇرلاشقان موغۇل بېگى ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەردە ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان ۋاقتى 1483 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ[1]. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى شەرقىي چېگراسى ھازىرقى باي ناھىيەسى بولۇپ، كۇچا بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلانغان. ئەمما تارىخىي ماتېرىياللاردا مىرزا ئابابەكرى قوشۇنلىرىنىڭ كۇچاغا بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى رىۋايەتتە قەشقەردىن كەلگەن ئىسلام لەشكەرلىرى ۋە تۇرپاندىن كەلگەن بۇددىست ئۇيغۇرلار دېگەن ئۇقۇملار ئورۇن ئالغان بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى زامانىدا مەيلى كۇچا بولسۇن، مەيلى تۇرپان رايونى بولسۇن ئاساسەن ئىسلاملىشىپ بولغان بولۇپ، تۇرپاندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىر قىسىم بۇددىست ئۇيغۇرلار بار دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ كۇچاغا بېسىپ كەلگۈدەك كۈچى يوق ئىدى.

كۇچا تارىخىغا نەزەر سالساق كۇچادا دىنغا مۇناسىۋەتلىك

[1] ئۇيغۇر تارىخى، لىن زىنشاۋ، 1 ـ قىسىم 643 ـ بەت

قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتلار يەنىلا قاراخانىيلار ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان قەشقەردىن كەلگەن ئىسلام لەشكەرلىرى ۋە تۇرپانلىق بۇددىست ئۇيغۇرلار كەلىمىسىمۇ پەقەت مۇشۇ دەۋرگە خاس ئۇقۇمدۇر. رىۋايەتتە بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندىن كۇچاغا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە غەربتىكى چېگراسى كۇچا بولغان. پەقەت كۇچانىڭ غەربىدىن قەشقەر ئەتراپىغىچە بولغان جايلارلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىلكىدە تۇراتتى.[1] قاراخانىيلارنىڭ خانلىق تەختىگە سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان چىققاندىن كېيىن قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ئالدى بىلەن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا، ئاندىن تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۇددىست ئۇيغۇرلارغا يۈرۈش قىلىش بولغان. گەرچە ئۇ هايات ۋاقتىدا بۇ ئىككى رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاملىشىشىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايونلاردا بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقان بىر مىللەتكە تەۋە ئىككى دىن ساھىبلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرگەن ھەمدە بۇ رايونلاردا ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىز تارتىشىغا ئاساس سالغان. يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مىڭ تەن ئاتام» ھەققىدىكى ۋەقەلىك دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىگە تەۋە بولۇپ، 10 ـ ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كۇچادا شېھىت بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بېشىنى قەشقەر تەرەپكە قايتۇرۇپ كېتىشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىلدۇر.

«مىڭ تەن» شېھىتلىرىغا تەۋە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ

[1] ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى، ئەسقەر ھۇسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر،140 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاچانلاردىن باشلاپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ «مىڭ تەن ئاتام» مازىرى دەپ ئاتالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما ئۇيغۇر مازارلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ھەر خىل قەبرىلەرگە ھەر خىل ناملارنى بېرىپ، ئۇلۇغلاش پائالىيەتلىرى 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردە بىر قەدەر ئومۇملاشقان دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ قەبرىلەر ئەسىرلەر بويى سانىسىزلىغان تارىخىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ، كۆنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاتالمىش قارا كۈنلەردە قەبرىلەر، قەبرىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان گۈمبەزلەر ۋە قەبرىلەرگە ئەسىرلەر بويى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد قاراپ كەلگەن شەيخلەرنىڭ ئۆيلىرى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. كېيىنچە توپىلىرى ئېتىزلارغا ئوغۇت قىلىنىش ئۈچۈن توشۇپ كېتىلگەن. بۈگۈن «مىڭ تەن ئاتام» مازىرىنىڭ پەقەت ئىزناسى قالغان بولسىمۇ، ئەمما «مىڭ تەن ئاتام» مازارلىقىدىكى مىڭ شېھىتنىڭ نامى يەنىلا خەلق ئارىسىدا رىۋايەت شەكلىدە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

ئاقسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى 1986 ـ يىلى 1 ـ سان

«كۆسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2015 ـ يىلى 1 ـ سان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى، ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر، 1987 ـ يىلى 1 ـ نەشرى

ئۇيغۇر تارىخى، لىن زىشاۋ، 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى

*2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ستوكھولم*

## ياقۇببەگنىڭ نەسەپنامىسى

شۋېتسىيە خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ستوكھولمدىكى ئارخىپخانىسىدا مۇكەممەل ساقلانغان ۋە رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى كۆركەم ئىشلەنگەن بىر پارچە نەسەبنامە بار ئىدى. بۇ نەسەبنامە شىۋېت مىسسىيونېرلىرى قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىرىدە يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئارخىپخانىنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. نەسەبنامە پۈتۈنلەي ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تۇركولوگ گۇننار ياررىڭ نەسەبنامىنىڭ ئاخىرىغا «بۇ ياقۇپ بەگنىڭ نەسەبنامىسىدۇر، 1982 ـ يىلى» دەپ ئىزاھات يېزىپ قويغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئوقۇپ كۆرۈشۈمچە نەسەبنامە ئادەم ئاتامدىن باشلىنىپ ياقۇپ بەگ بىلەن ئاخىرلاشقان. 2007 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر كۈنى گۇننار ياررىڭ تۇغۇلغان ـ لىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇراسىمى ستوكھولمدا ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇ نەسەبنامىنى خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپخانىسىدىكى كاتېرىنا خانىم لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا گۇننار ياررىڭ يىغىپ ساقلىغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قول يازمىلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۈنېللا تۆرىنىۋاللىغا تەقدىم قىلغان ئىدى. ھازىر بۇ نەسەبنامە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. نەسەبنامىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 9 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. نەسەبنامىنىڭ قايسى يىللاردا يېزىلغانلىقىغا دائىر مەلۇمات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرلىمگەنلىكى ئۈچۈن نەسەبنامىنى 1865 ـ يىللاردىن 1875 ـ يىلارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياسقا كېلىمىز. چۈنكى بۇ دەۋر ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ياقۇپ بەگ قەلەم ئىگىلىرىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ نەسەبنامىسىنى يازدۇرغانلىقى رېئاللىققا ئۇيغۇن. ياقۇپ بەگ ۋاپاتىدىن كېيىنكى تارىخى رېئاللىق بۇنداق بىر نەسەبنامىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى چەتكە قاقىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ نەسەبنامە ئاز دېگەندە 125يىلدىن 130 يىلغىچە تارىخقا ئىگە.

*2007 ـ يىلى، ستوكھولم*

## كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ پېشۋاسى نىساخان ئابدۇۋەلىي ۋە «مىراجىخان»

قەدىمكى كۇسەن دىيارى ئاتالغان كۇچادا «نىساخان جىلدىر» نامى بىلەن تونۇلغان بىر خەلق سەنئەتكارى ياشاپ ئۆتكەن ئىدى، ئۇ كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولغان «مىراجىخان» ناخشىسىنى ئاھاڭغا سالغان نىساخان ئابدۇۋەلىيدۇر.

«مىراجىخان 16 - ئەسىردە كۇچانىڭ شەرقىدىكى ياقا يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان رېئال شەخس بولۇپ، بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئەقىللىق ۋە نومۇسچان قىزى ئىدى. مىراجىخان بويىغا يېتىپ، رەسىدە بولغاندا كۇچانىڭ جەنۇبىدىكى چىمەن يېزىسىدىكى بىر باي كىشىگە ياتلىق قىلىنىپتۇ. بىراق ئارىدىن شۇنچە كۆپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما مىراجىخاننىڭ ھېچبىر دېرىكى ياكى خەت - ئۇچۇرى بولماپتۇ. قىزىنىڭ دېرىكىنى ياكى خەت - ئۇچۇرىنى ئالالمىغان ئانا قىزىنىڭ دەردىدە كۈن بويى چىمەن يېزىسى تەرەپكە قاراپ ياش تۆكۈپ ھەسرەت بىلەن ياشاپتۇ. كۆڭلىدىكى سېغىنىشلىرىنى قوشاقلارغا قېتىپتۇ. قىزىنىڭ دەردىدە يۈرىكى پۇچىلانغان ئانا ئاخىرى دەرد - ئەلەم ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئانىنىڭ قىزى مىراجىخانغا بېغىشلاپ ئوقۇغان بۇ قوشىقى كېيىنچە «مىراجىخان» نامىدا ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ، كۇچا خەلق قوشاقلىرى ۋە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ قاتارىدا مەشرەپ ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئېيتىلىپ يۈرگەن. پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىساخان ئابدۇۋەلىيلا بۇ قوشاقنى رەسمىي ئاھاڭغا سېلىپ، سەھنىگە ئېلىپ چىققان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «مىراجىخان» ناملىق بۇ ناخشا 500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا.

نىساخان ئابدۇۋەلىي كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامانغا يېتىپ كېلىشىدە تۆھپىسى زور سەنئەتكار بولۇپ قالماستىن يەنە، بىر قولىدا داپ، يەنە بىر قولىدا دۇتار چېلىپ، ناخشىسىنى ئۆزى ئورۇنداشتەك ماھارەتنى ئىجات قىلغان ماھىر سازەندىدۇر. نىساخان ئابدۇۋەلىي 1902 - يىلى كۇچا كونا شەھەردە بىر خەلق سەنئەتكارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. نامراتلىق ۋە تەڭسىزلىك سەۋەبىدىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغان نىساخان ئائىلىسى يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ، ناخشا - مۇزىكا بىلەن جان باققان. سەرسانلىق داۋامىدا ئانىسى دەرد يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىشى ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن نىساخاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. نىساخان كىچىكىدىنلا تەڭسىز جەمئىيەتنىڭ زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ناخشىلىرىدا تەڭسىزلىككە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەپ «كارىز ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەينى چاغدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ قول - چوماقچىلىرى بولغان بەگ - خوجىلارنى تەنقىد قىلغان. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قىسىملىرىنىڭ بايغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى خەۋىرى كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە، نىساخان كىشىلەرنى كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلدى. گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق ساقچى، ھەربىيلىرى بىر تەرەپتىن نىساخاننىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ، ئۇنى

جەمئىيەتتە سىستېماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىساخانغا يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنى باي ناھىيەسىگە قاچۇرۇۋېتىدۇ. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئالغاندىن كېيىن كۇچاغا قايتىپ كېلىپ قايتىدىن سەنئەت ھاياتىنى باشلايدۇ. ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن 300 دىن ئارتۇق كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ سىستېمىلىششى ۋە كېيىنكى ئەۋلاد ئىزباسارلارنىڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرى بويىچە تەربىيەلىنىشىگە ئاساس يارىتىدۇ. رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا مۇھەممەد، ئايتىللا ئەلا، رابىيە مۇھەممەد، تۇرسۇنگۇل سامساق قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ناخشىچىلار ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن مېڭىپ ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تونۇلغان ناخشىچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ خەلق سەنئەتكارى ئاتالغان نىساخان ئابدۇۋەلىي پۈتۈن ئۆمرىنى كۇچا خەلق ناخشىلىرىغا بېغىشلايدۇ. تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە قولىدىن دۇتار بىلەن داپنى، ئېغىزىدىن كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى چۈشۈرمىگەن بۇ ناخشىچى 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. گەرچە تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى نىساخان ئابدۇۋەلىي ئارىمىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ياشلار تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقماقتا.

بۇ تونۇلغان سەنئەتكارنىڭ ھاياتى ھەققىدە كىتاب نەشر قىلىنغاندىن سىرت ھەيكىلى كۇچانىڭ مەركىزى مەيدانىغا تىكلەندى. ھازىر ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىغا بېغىشلانغان فىلىم سۈرەتكە ئېلىنىدى.

*2012 ـ يېزىلدى، 2014 ـ يىلى 20 ـ ئۆكتەبىردە تۈزىتىلدى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۇچادىكى بىر قىسىم تارىخىي مەسچىتلەر

تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى گۆھەر زېمىن ھېسابلانغان كۇچا بوستانلىقىدا 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئىسلام دىنى يىلتىز تارتىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگۈچە ئىسلام دىنى بۇ زېمىندا تەلتۆكۈس ئومۇملىشىپ بولالمىدى. گەرچە بۇ ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە كۇچانىڭ بەزى يېزا، قىشلاقلىرىدا بىر قىسىم مەسچىت، مەدرىسلەر سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سەلتەنىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. شۇڭا ھازىرغىچە، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن كۇچا ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسلام دىنىنىڭ بىكارلىق سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەسچىت ـ جامىي، مەدرىس قۇرۇشلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ سېلىنىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر ئۇچۇرمايدۇ.

يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىدىكى مۇھىم شەھەر ھېسابلانغان كۇچا 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بولسا، 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ نامى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمىغا تونۇلدى ۋە بارا ـ بارا ئىسلام دىنى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئىسلام دىنى تەرغىباتچىلىقى ئەينى دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قاتتىق قوللاشقا ئېرىشكەنلىكتىن پۈتۈن كۇچا

مقياسىدا مەسچىت ۋە مەدرىسىلەر كۆپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسچىت سېلىش ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ ساۋابلىق ئىشلارنىڭ بىرى، دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەردە مەسچىت سېلىش قىزغىنلىقىمۇ بولغان. ئەمما پۈتۈن كۇچا مقياسىدا قانچىلىك مەسچىتنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىستاتىستىكلىق ماتېرىيال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۇچادا زادى قانچىلىك مەسچىتنىڭ بارلىقى ھەققىدە تاكى 1953 - يىلغىچە ھېچقانداق تارىخى ھۆججەت قالدۇرۇلمىغان.

كۇچا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1953 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا پۈتۈن كۇچادا چوڭ - كىچىك بولۇپ، جەمئىي 635 مەسچىت[1] بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل كۈرەشلەر جەريانىدا بۇ مەسچىتلەرنىڭ بىر قىسمى چېقىۋېتىلىپ، 533 مەسچىت[2] قېلىپ قالغان. 1967 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نامىدا باشلانغان زۇلمەتلىك، قارا كۈنلەردە يالغۇز ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ۋە ئېتىقادى مەۋجۇدىيىتى تەھدىت ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئۆلگىلىك مىراسلىرى بولغان مىمارلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شەھەر، يېزا ۋە مەھەللىلەردىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەرنىڭ شاھىتلىرى بولغان، يۈز يىللارچە تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن، سېلىنىشى نەچچە ئون يىللارغا سوزۇلغان چوڭ - كىچىك مەسچىتلەر ئەقلى كور ئىنسانلار تەرىپىدىن بىر كېچىدە ياكى بىر كۈن ئىچىدە كېرەكسىز خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلدى. مەھەللىمىزدىكى چوڭ دادام ئابىت ھاجىم نامىدىكى مەسچىتمۇ 1967 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئاشۇ ئەقلى كور ئىنسانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانىدى.

چوڭ دادام ئابىت ھاجىم كۇچادىكى نامى بار كاتتا بايلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى بولۇپ، ئۇ كۇچا كونا شەھەر پاختا بازاردىكى ۋە ئىشخالا يېزىسىنىڭ تۇۋەن بىجاق كەنتىدىكى نەچچە يۈز گېكتارلىق زېمىنىنىڭ ئىگىسى ئىدى. چوڭ دادام ئابىت ھاجىمنىڭ ئاتىسى شەمشى ھاجىم، شەمشى ھاجىمنىڭ ئاتىسى ئىسمائىل ھاجىم، ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئاتىسى رەخىم ھاجىم بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد تىجارەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، جاھان تۇتقان تەقۋادار ئىنسانلار ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ بەش پەرزىنى تولۇق ئورۇنداپ، باللىرىنى ھەج قىلدۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىكەن.

چوڭ دادام ئابىت ھاجىم 1880 - يىلى كۇچا كونا شەھەردە تۇغۇلۇپ، 1953 - يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، 1920 - يىللىرى ئەتراپىدا ئابىت ھاجىم نامىدىكى مەسچىتنى سالدۇرغان ئىكەن.

ئابىت ھاجىم مەسچىتىنىڭ ئورنى كۇچا كونا شەھەردىكى 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوڭ تەرەپ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە تاكى 2000 - يىلغىچە بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. ئاتام ماڭا دائىم مۇشۇ دوقمۇشتىن تاكى ئابلا قارى ھاجىم (مەرپەت ژۇرنىلى 2017 - يىلى 4 - سانىدىكى «ئۇنتۇلغان ئۆلىما ئابلا قارى ھاجىم» دېگەن ماقالىغا قارالسۇن) نىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغىچە بولغان يەرنى كۆرسىتىپ: «بۇ يەر ئاتام ئابىت ھاجىم سالدۇرغان مەسچىتنىڭ ئورنى ئىدى، ھازىر باشقىلار ئىگىلىۋالدى» ، دەيتتى. ئاتامنىڭ دېيىشىچە، ئابىت ھاجىم مەسچىتى 350 كىشى سىغىدىغان، چوڭ ھويلىلىق مەسچىت بولۇپ، بىر كېچىدىلا چېقىپ تاشلانغان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، 1978 - يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ساق قالغان مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى پەقەت

102[3] بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا 533 مەسچىت چېقىپ تاشلانغان ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ ۋەيران قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە ۋەزىيەتتە بىر مەزگىل ياخشىلىنىش بولۇپ، مەسچىت سېلىش قايتىدىن ئەۋجىگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى سانغا ھەرگىز يەتمىگەن. شۇنداقتىمۇ كۇچادىكى تۆۋەندىكى مەسچىتلەرنى تونۇشتۇرۇش كۇچانىڭ ئىسلام تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مەلۇم رولى بار، دەپ قارايمەن.

### ئىشخالا مەسچىتى

ئىشخالا مەسچىتى مىلادىيە 1267 - يىلى ئەتراپىدا كۇچا كونا شەھەر بازىرىغا ئەڭ يېقىن يېزا ھېسابلانغان ئىشخالا يېزىغا سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ مەسچىت كۇچادا سېلىنغان تۇنجى مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 66 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1267 - يىللىرى ئەتراپىدا شەيخ نىزامىدىن دېھلىۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر كىشى كۇچاغا كېلىپ، ئىسلام دىنى تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇ كىشى كۇچانىڭ ئىشخالا دېگەن جايىدا تۇنجى خانىقا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپەيتكەن. خانىقا ئىچىدە مەدرىسە ئېچىپ، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن. بۇ مەدرىسە تاكى 1950 - يىلىغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئەمما بۇ خانىقا ۋە مەدرىسىنىڭ قاچانلاردا چېقىپ تاشلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۇچا يېڭى شەھەرگە ئەڭ يېقىن يېرى ھېسابلانغان ئۇچا كەنتىدە «بەلەخئانا» نامىدا ئاتالغان بىر مەشھۇر مازارلىق بولۇپ، مازارلىقنىڭ يېنىدا «بەلەخئانا مەسچىتى» ۋە «بەلەخئانا» مەدرىسىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ مەسچىتنى ئافغانىستاننىڭ بەلەخ شەھىرىدىن كەلگەن بىر كىشى بىنا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئادەم شۇ يەردە مەدرىسە ئېچىپ، ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلغانىكەن. ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇ ئادەمنى ئاشۇ مەسچىتنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ يەردىكى مازارلىق، مەسچىت ۋە مەدرىسىنى «بەلەخئانا» نامىدا ئاتىغان. ئېچىنىشلىقى يېرى شۇكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «بەلەخئانا» نامىدا ئاتالغان مازارلىق مەسچىت ۋە مەدرىس پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلىنىپ، ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن.

قولىمىزدا بۇ مەسچىتنىڭ قايسى زامانلاردا سېلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تارىخى مەنبە يوق. ئەمما بەزى تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەندە «بەلەخئانا» مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇغانىكەن. مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ كۇچاغا كېلىشى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە تۇغلۇق تۆمۈرخان مىلادىيە 1354 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەن، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا «بەلەخئانا» مەسچىتىنى كېچىككەندىمۇ 1350 ـ يىللاردىن بۇرۇن سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ئۇرتكىلىك رول ئوينىغان مۇھىم شەخس بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈر خان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۇچاغا كەلگەن ۋە كۇچادا ئىسلام دىنى تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر كۇچا يېڭى شەھەرگە تەۋە ئۈچ سېيىنىڭ شەرقى تەرىپىدە مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ نامىغا ئاتالغان «مەۋلانەم مەسچىتى» نامىدا قەدىمىي بىر مەسچىت بار. مەسچىت مۇنارى خېلىلا ئېگىز ياسالغان بولۇپ، چاقچۇق خىش بىلەن بېزەلگەن. مەسچىتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا قويۇق مىللىي بىناكارلىق تۇسىگە ئىگە. مەۋلانە ئەرشىدىن مەسچىتى يەنە مەۋلانە ئەرشىدىن مەدرىسىسى ۋە مەۋلانە ئەرشىدىن مازارلىقى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلار 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

مەۋلانە ئەرشىدىن مەسچىتىنىڭ قاچان سېلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تارىخى ماتېرىيال يوق ھەم كۆز قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس. بىر قىسىم تارىخچىلار مەۋلانە ئەرشىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە يانداشتۇرۇپ مەسچىت سالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم تارىخچىلار مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىت ۋە مەدرىس سېلىپ ۋە شۇ يەرنى مەركەز قىلىپ، ئىسلام دىنى تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دەپ قارايدۇ. بىز مەيلى قايسى خىل تارىخىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالمايلى، ئومۇمەن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسچىتنىڭ سېلىنغان ۋاقتىنىڭ 1364 ـ يىلىدىن كېيىن ۋە 1410 ـ يىللاردىن بۇرۇن سېلىنغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

## ساقساق مەسچىتى

بۇ مەسچىت كۇچا كونا شەھەر ساقساق مەھەللىسىدىكى ساقساق ئۆستەڭنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ساقساق مەسچىتى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

«ساقساق» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئېنىق مەلۇمات يوق. كۇچادىكى يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «ساقساق» دېگەن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ بىرى بولغان ساكلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «ساقساق» دېگەن سۆز «ساق ساك» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ساقساق مەسچىتى 1447 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، بىر قېتىمدا تەخمىنەن 700 ئادەم بىرگە ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئېگەلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 1665كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## قىغدۆك مەسچىتى (كۇچا خانىقا مەسچىتى)

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قىغدۆك مەسچىتى مىلادىيە 1560 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ نامىغا ئاتاپ سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «خانىقا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. كۇچا خانىقاسى كۇچا كونا شەھەر بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قىغدۆك مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 21 مو كېلىدۇ. تارىخىي

ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەزھەپ كۈرۈشىدىن يېڭىلگەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق يەركەن ۋە قەشقەرلەرنى تاشلاپ بىر مەزگىل ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ ۋە كۇچارلاردا ئۆز سۇلۇكىنىڭ تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. ئۇ كۇچادا تۇرغان مەزگىللىرىدە قىغدۆك مەسچىتىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئەتراپىغا مۇرىت توپلىغان. ئۇ خەلققە ئۆزىنى «ئەۋلىيا» دەپ تونۇشتۇرۇپ، قىغدۆك مەسچىتىنىڭ نامىنى «خانىقا» غا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ مەسچىتنى خانىقا دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ مەسچىتنى خانىقا دەپ ئاتايدۇ.

قىغدۆك مەسچىتى 1668 ـ يىلى كۇچالىق باي ئابلاخاننىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ ياسالغان. 1726 ـ يىلى كۇچالىق مەشھۇر تېۋىپ مۇھەممەت بىنىنى شىرىپ ھاجىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم دائىرىسى كېڭەيتىلىپ ياسالغان. 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايلار ئەتراپىدا مەسچىتكە ئوت كېتىپ، ناماز ئوقۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان. 1928 ـ يىلى جامائەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە شۇ چاغدىكى كۇچانىڭ بېگى مەھپۇز ۋاڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مەسچىتنىڭ ئورنىغا قايتىدىن مەسچىت سېلىش ئىشى باشلانغان. مەسچىت قۇرۇلۇشى 1932 ـ يىلى تاماملانغان. 1955 ـ يىلى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ پۇل يىغىپ مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرغان. 1966 ـ يىلى باشلانغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا مەسچىت ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1982 ـ يىلى كۇچا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ، مەسچىتنى دەسلەپكى قەدەمدە رېمونت قىلدۇرغان. 1988 ـ 1989يىللىرى ئارىلىقىدا جامائەت ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، پۇل توپلاپ، مەسچىتنى ناھايىتى چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. بۇ قېتىمقى رېمونت ئىشلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پـۇل تـوپـلاش ۋە ئىقتىسـادنى سـەرپ قىلـىش ئىشلىرىغا مىنـىڭ ئاتـام مۇھەممـەت هاجىـم مەسـئۇل بولغانـىدى. 2002 ـ يىلـى كۇچـا ناهىيەلىـك هۆكۈمەتنىـڭ مەبلـەغ سېلىشـى بىلـەن مەسـچىت يەنـە بىـر قېتىـم ناهايىتـى چوڭ رېمونـت قىلىنغـان. مەسـچىتنىڭ رېمونـت لايىھىسـىنى سـانات ئىنسـتىتۇتى بېكىتكـەن، رېمونـت خىزمىتىنـى قەشـقەر 6 ـ بىناكارلىـق قۇرۇلـۇش ھەسسـىدارلىق شـىركىتىنىڭ 5 ـ شۆبىسـى ئۈسـتىگە ئالغـان.

هازىـر كۇچـا قىنغـدۆك مەسـچىتى ئاپتونـوم رايـون بويىچـە نۇقتىلىـق قوغدىلىدىغـان مەدەنىيـەت يادىكارلىقلىـرى ھېسابلىنىدۇ.

### پىلاڭ مەسچىتى

پـىلاڭ مەسـچىتى 1756 ـ يىلـى سـېلىنغان بولـۇپ، ئىگەلىگـەن يـەر مەيدانـى 666 كـۋادرات مېتـر كېلـىدۇ. بىـر قېتىمـدا 300 ئـادەم تـەڭ نامـاز ئوقۇيالايـدۇ. مەسـچىتنىڭ ئورنـى كۇچـا يېڭـى شـەهەر بازىرىغـا يېقـىن پـىلاڭ مەهەللىسـىگە جايلاشـقان بولـۇپ، بىـز كىچىـك ۋاقتىمىـزدا كۇچـا ناهىيەلىـك 4 ـ ئوتتـۇر مەكتەپنىـڭ كونـا ئورنـى مۇشـۇ مەسـچىتتىن تەخمىنـەن 200 مېتـر نېرىسـىدا ئىـدى.

### شاۋفاڭ تۇڭگان مەسچىتى

شـاۋفاڭ تـۇڭگان مەسـچىتى كۇچـا كونـا شـەهەردىكى تۆگـەدەڭ مەهەللىسـىدە بولـۇپ، 1888 ـ يىلـى سـېلىنغان. بۇ مەسـچىت رەستە بازىرىدىـن سـۇقۇۋۇق مەهەللىسـىگە بارىدىغـان يولنىـڭ ئۈسـتىگە جايلاشـقان بولـۇپ، مـەن كىچىكىمدىـن بـۇ مەسـچىتنىڭ ئالدىدىـن سانسىـزلىغان قېتىـم ئۆتكـەن بولسـاممۇ ئەممـا بـۇ مەسـچىتكە پەقـەت كىرىـپ باقمىغانىكەنمـەن. مەسـچىتنىڭ چوڭلـۇقى ۋە قانچـە ئـادەم سىغدۇرالايدىغانلىقىغا دائىـر هېچقانـداق ئۇچـۇر يـوق.

### داخاللا مەسچىتى

داخاللا مەسچىتى 1890 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۇچا يېزىسىنىڭ داخاللا كەنتىگە جايلاشقان. مەسچىتنىڭ ئىگەللىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 532 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا قېتىمدا 200 ئادەم بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالايدۇ.

داخاللا سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىر قىسىم تارىخچىلار بۇ سۆز بەلكىم داخانلار سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ مەھەللىدە بۇرۇندىن تارتىپ پىر ئوينايدىغان باخشى، داخانلار كۆپ بولغانىكەن.

### پاختا بازار مەسچىتى

پاختا بازار مەسچىتى 1898 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئورنى رەستە مەسچىتىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلەتتى. ئىگەللىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1198 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا قېتىمدا مىڭغا يېقىن ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. گەرچە بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى رەستە مەسچىتى بىلەن ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، يەنىلا بۇ مەسچىتتە ناھايىتى كۆپ ئادەم ناماز ئوقۇيتتى. جۈمە كۈنلىرى مەسچىتكە ئادەم پاتماي قالاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە تاكى مەن چەتئەلگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مەسچىتكە مۆھسىن قارى ھاجىم ئىمامەتچىلىك قىلاتتى.

### رەستە مەسچىت

رەستە مەسچىتى 1908 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، كوچا كونا شەھەر بازىرىنىڭ دەل مەركىزىگە جايلاشقان. ئىگەللىگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3330 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا قېتىمدا 1500 ئادەم تەڭ ناماز ئوقۇيالايدۇ.

### ساقساق ئاق مەسچىتى

ساقساق ئاق مەسچىتى 1927 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، كۇچا كونا شەھەر ساقساق مەھەللىسىگە جايلاشقان. ئېگەلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1465 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بىرلا قېتىمدا مىڭغا يېقىن ئادەم بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالايدۇ.

### قوناس مەسچىتى

قوناس مەسچىتى 1980 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئالاقاغا يېزىسىنىڭ قوناس كەنتىگە جايلاشقان. ئېگەلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1332 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا قېتىمدا 800 ئەتراپىدا ئادەم بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالايدۇ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


- كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى
- قەدىمكى كۇسەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى
- كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى(6)، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى، 2004 ـ يىلى نەشرى
- كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى(5)، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى، 1999 ـ يىلى نەشرى
- كۇچادا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى


*2018 ـ يىلى، ستوكھولم*

## تۇرا قوشىقى

«تۇرا قوشىقى» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئەڭ دەسلەپ شائىر ۋە تارىخچى تۇرغۇن ئالماس 80 - يىللارنىڭ بېشىدا «تارىم» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرغان ئىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىدا تېخىمۇ مۇپەسسەل شەرھلىدى.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە «تۇرا قوشىقى» بۇندىن 1500يىل بۇرۇن شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن تەرىپىدىن يېزىلغان. خوغۇرسۇر ئالتۇن شەرقىي تۇرالارنىڭ خوغۇرسۇر قەبىلىسىدىن بولۇپ، مىلادىيەنىڭ 487 - يىلىدىن 567 - يىلىغىچە ياشىغان.

خوغورسۇر ئالتۇن «تۇرا قوشىقى» دا چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى كۆز يەتكۈسىز چەكسىز يايلاقلارنى، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن سان - ساناقسىز چارۋىلارنى، كۆك ئاسمانىنىڭ غۇبارسىز گۈزەللىكىنى، تۇرالار دەرياسىنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرىنى ئوبرازلىق تىللار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

**تۇرا قوشىقى**

*چوغاينىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،*
*تۇرالار دەرياسى ئويناپ، دولقۇنلاپ.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارگاھسىمان،*
*تۈرىدۇ پايانسىز ئاسماننى قاپلاپ.*
*شۇنچە كۆك، غۇبارسىز، ساماۋى ئاسمان،*
*دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاتش.*
*كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا ـ مال،*
*ئەسكەندە شامالLار ئوتلار ئەگسە باش.*

شائىرنىڭ قەلىمىدە گۈزەللىككە تويۇنغان يايلاقنىڭ كۆرۈنۈشى چوغاي تاغلىرىنى ماكان قىلغان تۇرالارنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ قارىشىچە، تۇرالار ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولۇپ، بۇ شېئىرنى «تۇرا قوشىقى» دېگەندىن كۆرە «ئۇيغۇر قوشىقى» دېگەن ياخشى ئىكەن.

چوغاي تېغى، ئىچكى موڭغۇل بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، ھازىر «يىنشەن تېغى» دەپ ئاتىلىۋاتقان تاغنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ يەر بۇرۇن ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىنلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئەركىن ئابدۇقادىرنىڭ «غوررونامە» دېگەن كىتابلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا «تۇرا قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىر «چى سۇلالىسىنىڭ تارىخى، خوغورسۇر ئالتۇن ھەققىدە قىسسە»، «چى سۇلالىسى نەزمىلىرى» دېگەن كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن. تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، خوغورسۇر ئالتۇن چى ۋە شەرقىي ۋېي سۇلالىلىرىدە ھەربىي، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «تۇرا قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرى بۇ سۇلالىلەرنىڭ

ئەسكەرلىرى ھەربىي يۈرۈشلەردە ئېيتىدىغان جەڭ مارشلىرى بولغانلىقى مەلۇم.

«تۇرا قوشىقى» 80 - يىللاردىن باشلاپ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھىم دەرسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولسا، 90 - يىلاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

«تۇرا قوشىقى» خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن «چى نەزمىلىرى» ئاساسىدا ئوخشىمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شېئىرنى گەۋدىلەندۈرگەن بەدىئىيلىكىمۇ ئوخشىمىغان سەۋىيەدە بولغان. ئەمما دەرسلىكلەرگە تۇرغۇن ئالماسنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى نۇسخىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەڭ ياخشى تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

*2010 - يىلى، ستوكھولم*

www.uyghurkitap.com

## تۇرغۇن ئالماس ۋە باتۇر تەگرىقۇتنىڭ سىزما رەسمى

تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر مەشھۇر تارىخچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھونلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ھونلار ھەققىدە مەخسۇس تارىخي كىتاب يازغان تۇنجى شەخستۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ھونلارنىڭ قانداشلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ھونلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىزچىل گۇمانىي قاراشتا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم تارىخچىلارغا رەددىيە بېرىدۇ.

تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ قارىشىچە، «ھونلار ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، ئۇستىخانلىق، قاڭشارلىق، يۈزلىرى ئاق سۈزۈك بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىياپەتلىرى بىلەن ئىرقىي جەھەتتە ئوخشاش.» شۇڭا تۇرغۇن ئالماس 1987 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا بەرگەن بىر قېتىملىق لېكسىيەسىدە ئېنىق قىلىپ: «قەدىمكى چاغدىكى ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، چىراي شەكلى دېگۈدەك ئوخشاش ئىدى.» ، «ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى چاغدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان، شۇڭا مېنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ تەگرىقۇتى باتۇر

تەڭرىقۇتنىڭ سىزما رەسىمى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ رەسىمىمدۇر، مېنىڭ چىرايىم قەدىمكى هونلارنىڭ چىرايى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ رەسىمىنى سىزىشتا مېنى ئۈلگە قىلىپ سىزغان ئىدى، ئەگەر باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىنى ئېلىۋەتسە ئاستىدىن مەن چىقىمەن» دېگەن ئىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت هون ئىمپېرىيەسىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 210 - يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى174 - يىلغىچە هۆكۈم سۈرگەن تەڭرىقۇتى بولۇپ، هون ئىمپېرىيەسىنى ئەڭ قۇدرەت تاپتۇرغان ئىمپېراتوردۇر. باتۇر تەڭرىقۇت تۇرغۇن ئالماسنىڭ قەلىمىدە ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز شەخس بولۇپ، «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «باتۇر تەڭرىقۇت هونلار تارىخىدا ئۆتكەن هەربىي ئىستراتېگىيە، تاكتىكا سەنئىتى جەھەتتە ئۆز زامانىسىدە تەڭدىشى يوق، سىياسىي دىپلوماتىيەدە ئاجايىپ تۇيغۇن، دۆلەت تەشكىللىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مىسلىسىز تالانت ئىگىسى، جەڭگىۋارلىقتا كارامەت قەهرىماندۇر.» تۇرغۇن ئالماس باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەهرىمانلىق داستانى بولغان «ئوغۇزخان» داستانىدىكى ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك خاقانى، دەپ ئاتىغان ئوغۇزخاننىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارايدۇ. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ رەسىمى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سىزىلغان هون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ بىردىن - بىر رەسىمىدۇر.

*2010 - يىلى، ستوكهولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شاتگۈل ئۇيغۇر ۋە شائىر ياسىن ئىمىن

مەن بەش يىل ئىلگىرى شاتگۈل ئۇيغۇر ھەققىدە قىسقا بىر يازما يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى بلوگۇمغا چاپلاپ قويغانىدىم. بىراق ھازىرغىچە مەيلى چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا بولسۇن، مەيلى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن شاتگۈل ئۇيغۇر ھەققىدە بىرەر يازما يازغان كىشىنى كۆرمىدىم. ئەلۋەتتە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شاتگۈل ھەققىدە بىرەر نەرسە يازالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ۋەتەندە شاتگۈل چەكلەنمىگەن بىلەن «شاتگۈل» ناملىق كىتاب چەكلەنگەنىدى. بۇ كىتابنىڭ چەكلىنىشى ئۇيغۇرلارغا شاتگۈلنىڭ چەكلەنگەنلىكىدەك بىر ئۇچۇرنى بېرىشى تەبىئىي ئىدى. راست، شاتگۈل ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۇنچىلىك مۇھىم ۋە داڭدار شەخسمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت 80 - يىللاردا ئۇيغۇرچە كىنولاردا رول ئېلىپ، يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان يارامىلىق ئاكتىيور ئىدى. بىراق ئۇ ياش ھاياتىنى بەدەل قىلىپ، بىر كىتابنىڭ يېزىلىشىغا، ئەجدادلىرىنىڭ قىسمەتلىرىنى يورۇتۇشقا، بىر يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ھوقۇقىنىڭ مەڭگۈلۈك چەكلىنىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇ ئۆلۈمى ئارقىلىق خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالدى ھەم خەلق قەلبىدىن ئۆچتى. ئۇ 80 - يىللاردا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق تېررور ھۇجۇمىنىڭ قۇربانى بولدى. ئۇنىڭ سىرى تېخى ئاشكارا بولمىدى.

شاتگۈل ئۇيغۇر 1988 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىشىكىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان سۇ نازارىتىنىڭ ماشىنىسى پارتلاپ

كېتىپ قازا قىلغان ئىدى.

مەرھۇم شاتگۈل ئۇيغۇر 80 ـ يىللاردا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق كىنو ئارتىسلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، 1980 ـ يىلى چاڭچۇن كىنو ستۇدىيەسى ئىشلىگەن «قالدۇق قار» ناملىق ھېكايە فىلىمدا رول ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تۇنجى ئېكران ھاياتىنى باشلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن «رەنانىڭ تويى»، «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «سىرلىق كارۋان» قاتارلىق فىلىملاردا ئارقا ـ ئارقىدىن رول ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاكتيورلۇق ساھەسىدىكى تالانتىنى نامايان قىلغان ئىدى.

شاتگۈل ئۇيغۇر 1960 ـ يىلى، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ۋەقەگە يولۇققان ۋاقتىدا ئەمدىلا 28 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بەرنا قىز ئىدى.

شاتگۈل ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمى 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تەسىرى زور بولغان، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى. شوڭا شائىر ياسىن ئىمىن «شاتگۈل» نامدا كىتاب يېزىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلدۇرغان ئىدى. كىتابتا شاتگۈل، دادىسى ئۇيغۇر مىنوف ۋە چوڭ دادىسى مىنوفئاخۇن قاتارلىق 3 ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، كىتابقا يەنە شاتگۈلنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن سۈرەتلەر كىرگۈزۈلگەن. كىتاب نەشر قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت تەرەپتىن چەكلەنگەن كىتابلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، كىتابخانىلاردا سېتىلىشى مەنئي قىلىندى ۋە ئاپتورى ياسىن ئىمىننىڭ يېزىقچىلىق ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. «شاتگۈل» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، شاتگۈل ئۇيغۇرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭ دادىسى مىنوفئاخۇن 1947 ـ يىلى ـ 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن خىتاي گومىنداڭچىلىرىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەرگە قارشى قوزغىغان 25 ـ فېۋرال ۋەقەسىدە پوقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. مىنوفئاخۇن شۇ يىللىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بىرى بولغان بۇرھان شەھىدىنىڭ شوپۇرى ھەم قوغدىغۇچىسى بولغان.

مەن ھەر قېتىم شاتگۈل ئۇيغۇر ھەققىدە ئەسلىمىدە بولغىنىمدا كۆپرەك شاتگۈلنى ئەمەس بەلكى، «شاتگۈل» كىتابىنىڭ ئاپتورى ياسىن ئىمىن ئاكىمىزنى ئەسلەيمەن. ياسىن ئىمىن ئاكىمىز ئەينى چاغلاردا، گەرچە داڭدار شائىرلار قاتارىدا بولمىسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان مول ھوسۇللۇق شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى. ياسىن ئىمىن ئاكىمىز ئۇ چاغلاردا ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ غوللۇق تەھرىرى ئىدى. تۆگەدەك(بېيمىن) دىكى نەشرىياتنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇراتتى. مېنىڭ تاغام ئىبراھىم مۆمىن شائىر ياسىن ئىمىننىڭ خىزمەتدىشى بولۇپ، شۇ قورۇدا ئولتۇراتتى. شۇڭا مەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى شائىر يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلەتتىم. بولۇپمۇ «شاتگۈل» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنغان 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى بىر قانچە ئايدا مەن تاغامنىڭ ئۆيىدە بولدۇم. چۈنكى تاغام بۇ مەزگىللەردە راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى ئازابلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەتتىن قالمىغانىدى. ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كېچىلىرى بېرىلىپ ئىشلەتتى. تاغامنىڭ قولىدا نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ بىر مىڭ

ئىككى يۈز بەتلىك ئورىگىنالى بار ئىدى. تاغام بۇ كىتابنى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا پۈتتۈردى. مەن بۇ بىر ئاي جەريانىدا تاغامنىڭ يېنىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدىم. توپلىمىنىڭ ھەربىر ۋارىقىنى ھەربىر سۆزىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ بېرىپ، ياردەمدە بولدۇم. دەل مۇشۇ مەزگىللەر شائىر ياسىن ئىمىننىڭ «شاتگۈل» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىپ، تازا غۇلغۇلا بولۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى. قوشنىلار ھويلىدا ئۇچۇرۇشۇپ قالسا، كىتاب ھەققىدە گەپ سۆزلەر بولاتتى. مەنمۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. ھازىر بۇ كىتابىم يۇرتۇمدا قالغان ئىككى مىڭ پارچە كىتابىمنىڭ ئارىسىدا بار. مەن بۇ مەزگىللەردە ياسىن ئىمىن ئاكىمىزنى ناھايىتى كۆپ كۆرگەن ۋە پاراڭلاشقان ئىدىم.

شائىر ياسىن ئىمىن بويى پاكارراق كەلگەن، خۇشچاقچاق، ئەمما چىرايىدىن كەسكىنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. قولىدا ھەمىشە بىر سومكا كۆتۈرۈۋالاتتى. شائىرنىڭ «شاتگۈل» ناملىق كىتابى بىلەن بىرلىكتە ئىجادىيەت ھوقۇقىمۇ چەكلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ياسىن ئىمىننىڭ ئەسەرلىرىمۇ پۈتۈن نەشر ئەپكارلىرىدىن يوقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۆزىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە «شاتگۈل» ناملىق كىتابنى ۋە ئاپتورى ياسىن ئىمىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. ھازىر شائىر ياسىن ئىمىننىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما بۇ شائىرىمىزنى مەڭگۈ ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن.

*2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېزىلدى، 2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۈزىتىلدى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گوستاۋ راكېت ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ 1894 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە بولغان 40 نەچچە يىللىق دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى بىر تەرەپتىن شۋېتسىيەدىكى بىر تۈركۈم دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇرشۇناسلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ 20 ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇرەككەپ تارىخى رېئاللىقىنى ۋە شۇ دەۋردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ياشاش شەكلى، تىل ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان غايەت زور مەنىۋى بايلىقنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان.

ئەينى چاغدا شىنجاڭغا بارغان مىسسىئونېرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشىمىغان كەسىپلەردە تەربىيەلەنگەن كەسپى خادىملار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار دىني تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەر بولغان قول يازمىلارنى يىغىش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان.

شۋېتسىيەدىكى ئاتاقلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ (Gunnar Jarring) نىڭ ئۇستازى بولغان گوستاف راكېت (Gustaf Raquette) ئەينى زاماندا ئۇيغۇر ئىلىغا بارغان شۋېد مىسسىئونېرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1896 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، شۋېد مىسسىيونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىدا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر دىئالېكتىكسىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئەسلىدە ئۇ دوختۇرلۇق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر شەخس بولسىمۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان قىزغىنلىقى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىگە قەدەم بېسىشقا نىيەت قىلغان.

گوستاف راكېت 1907 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن يېزىپ تاماملىغان تۇنجى ئەسىرى بولغان «شەرقى تۈركىستاننىڭ شەھەر ـ بازارلىرى، دەريالىرى ۋە ئۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋاللىرى ھەمدە مىسسىئونېرلار مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەمۇرى رايونلارغا جايلىشىشى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئىلمى دوكلاتىنى شۋېتسىيە دىنىي باش جەمئىيىتىگە يوللىغان. ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى ئەينى چاغدا تاش مەتبەئەدە بېسىپ تارقىتىلغان بولۇپ، شۋېتسىيە خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشىدىكى تۇنجى ماتېرىيال بولۇپ قالغان. بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

گوستاف راكېت قەشقەردە ياشىغان 25 يىل جەريانىدا بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىدا ئىشلەپ، ئەينى چاغدىكى نامرات ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالىنىشقا كۆچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۋېتسىيە مىسسىيونىرلىرى قەشقەردە قۇرغان باسمىخانىنىڭ باشقۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ 1907 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ لايىھىلىشى ۋە تۈزۈشى بىلەن «شەرقى تۈركىستان تەقۋىم كالېندارى» يەنى يىل، ئاي، كۈننىڭ ھېسابى» دېگەن كالېندارنى نەشىر قىلىپ تارقاتقان. 1912 ـ يىلى «شەرقىي تۈرك تىلى گراммاتىكىسى» نامىدا ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە تىلدا سېلىشتۇرۇپ شەرھلەنگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرغان. 1914 ـ يىلى گوستاف راكېت ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىپ «ئالتە شەھەر ئايلىق گېزىتى» نىڭ سىناق نۇسخىسنى يولغا قويغان. ئەمما بۇ گېزىتنىڭ سىناق نۇسخىسى نەشىر قىلىنىپلا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشىر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان. بۇ سىناق نۇسخىسى ھازىر لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گوستاف راكېت بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورىغا دائىر يازما ئەسەرلەرنى يىغىش، توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەنمۇ ئاكتىپ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى شۋېتسىيە ۋە ياۋروپادىكى ھەر خىل گېزىت ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. گوستاف راكېت 1921 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىدىكى 25 يىللىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شۋېتسىيەگە قايتىپ كەلگەن. 1924 ـ شۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بولغان لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ شۇندىن باشلاپ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن شەرقىي تۈرك تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

1926 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ ۋە گوستاف راكېتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى تاللاپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلايدۇ. بۇ گۇننار ياررىڭنىڭ كېيىنكى چاغلاردا دۇنياغا تونۇلغان تۈركولوگ بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولىدۇ. 1927 ـ يىلى گوستاف راكېت تۇنجى «ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» نى تۈزۈپ چىقىپ، نەشر قىلدۇرىدۇ. گەرچە ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە گۇننار ياررىڭدەك ئانچە كۆپ شۆھرەت قازىنالمىغان بولسىمۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە خىزمەت قىلىشتىن توختىمىغان. ئۇ 1945 ـيىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. گەرچە گوستاف راكېت شۋېتسىيەدىكى تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇرشۇناس بولسىمۇ لېكىن شۋېتسىيە ماتېرىياللىرىدا ۋە تور بەتلىرىدە بۇ ئۇيغۇرشۇناس ھەققىدىكى ئۇچۇرلار يوق دېيەرلىك. پەقەت گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، گوستاف راكېت ۋە قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى» دېگەن ئەسەرلىرىدە قىسمەن ئۇچۇرلار مەۋجۇت.

*2008 ـ يىلى، ستوكھولم*

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلاپ ۋە ۋەزىيەت

شۋېتسىيەدە شۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا دائىر كىتابلارنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال مەنبەسى كەڭ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تارىخىي پاكىتلار رېئاللىققا ئۇيغۇن يېزىلغان كىتاب - «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلاب دېگەن كىتاب» تۇر. گەرچە بۇ كىتابنىڭ چوڭ ماۋزۇسى بولىسىمۇ، لېكىن كىتابقا قويۇلغان قوشۇمچە ماۋزۇغا «شۋېتسىيە مىسسىئونېر 1892 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرقى تۈركىستاندىكى ۋەزىپىلىرى» دەپ يېزىلغان. كىتابنى ئاپتور جون خوتۋالل ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، 1981 - يىلى يۇمپسون كىتاب نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا كۆپرەك شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللار، قول يازمىلار، خەت - چەكلەر، رەسىم، ئۇنىڭغۇ لېنتىلىرى ۋە شەخسلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىيارەت خاتىرىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى رېئاللىقى، سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە كۆپ تىرىشقان. گەرچە كىتاب شۋېت مىسسىئونېر شەرقى تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان بولسىمۇ ئەمما كىتابنىڭ ھەربىر ۋاراقلىرىدىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا، شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ كىتابنىڭ بېشىدىكى ۋە ئاخىردىكى بىرقانچە بابلىرى مەخسۇس شەرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئەينى دەۋردىكى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ۋە 30 ـ يىللىرى شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. كىتابقا ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ كىرىش سۆز ئورنىدا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئاپتور جون خوتۋاللىنىڭ بۇ ئىلمى ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. ئاپتور ئۆزىمۇ كىتابىنىڭ باشلانمىسى سۆپىتىدە باھا سۆزى يازغان بولۇپ، باھا سۆزىنىڭ باشلانمىسىدىكى مۇنۇ قۇرلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ»: شەرقى تۈركىستان ياكى شىنجاڭ رايونى بوگۈنكى كۈندە شەرقتىكى گىگانت دەپ ئاتىلىۋاتقان رۇسلار بىلەن خىتاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆيۈۋاتقان بىر نوختا بولۇپ، بۇ يەر تارىختىن بۇيان پەقەت سىياسىي توقۇنۇشلارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالماستىن، يەنە ھەر خىل دىنلارنىڭمۇ ئۇچرىشىش نوختىسى بولغان ئىدى.»
كىتابنىڭ بىرىنچى بابى: شەرقى تۈركىستان ـ يىگانە تۇپراق، لېكىن يەنىلا ئۇچرىشىش ئورنى، شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەسى، خەلقلەر، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر، تارىخى ھەققىدە، دىنىي ئېتىقادلار قاتارلىق بىرقانچە ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بابلاردا شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇپەسسەل باياناتلار بېرىلگەن.
ئاپتورنىڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە بېغىشلانغان بايانلىرى ۋە نۇقتئىينەزەر، مۇلاھىزىلىرى كىتابنىڭ 6 ـ بابىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ بابتا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، تۇڭگانلارنىڭ قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى .....

قاتارلىق بىر قاتار مەزمۇنلار تەھلىللىك بايان قىلىنغان. «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆرەش نىشانى خىتايلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىلغان ئەركىن ئىسلامى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىدى.......... ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى 1933 - يىلى كۈزدە ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى مەركىزى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ، ئەركىن شەرقى تۈركىستان ئىسلامى جۇمھۇرىيىتى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى» دەپ يازىدۇ ئاپتور كىتابىدا. ئاپتورنىڭ كىتابىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خەلقئاراغا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئىمپېرىئالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن بولغان دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇپ ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستان ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ياردەم بېرىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەي بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. ئاپتورنىڭ قارىشىچە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاغدۇرۇلۇشى ئىچكى جەھەتتە ھەر قايسى گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىن بولۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەنگۈدەك بىر مەنبەنىڭ بولماسلىقى

بولسا، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت ئويۇنىنىڭ قۇربانى بولغانلىقىدۇر. ئاپتور كىتابىدا ئەينى يىللىرى قەشقەردە تۇرغان ۋە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قالدۇرغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۇڭگانلارنىڭ قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقىدا 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقىنى ۋە 1933- يىلدىن 1934 -يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەردە ئاز دېگەندە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى يازىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇرۇن شەرقى تۈركىستان، دەپ ئاتالغان بۇ ماكان شىڭ شىسەي دەۋرىدىمۇ مەركىزى ھۆكۈمەتكە بېقىنمىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھالەتتە تۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانى ستالىن ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئەنگلىيە ياكى ياپونىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شىڭ شىسەي ئارقىلىق بۇ رايوننى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشقان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش بىر جۇمھۇرىيىتى سۈپىتىدە قوشۇۋېلىش غەرىزىدىمۇ بولغان، ئەمما گىتلىر گېرمانىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ستالىننىڭ بۇ چۈشىنى بەربات قىلغان. ئاپتور كىتابىنىڭ كېيىنكى بابلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ خىلدىكى بايان ۋە مۇلاھىزىلەرگە كۆپ ئورۇن بېرىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى سىياسىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدىكەن.

*2008 - يىلى، ستوكھولم*

## فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە تارىخىي كىتابلاردا يوق؟

1939 ـ يىلى 30 ـ نويابىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 425 مىڭ كىشىلىك قىزىل ئارمىيەسى تانكا ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە فىنلاندىيە زېمىنىغا بېسىپ كىردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇش قىسقىغىنا ئۈچ ئاي داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. ئەسلىدە فىنلاندىيە شۋېتسىيە ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق زېمىن بولۇپ، پولتاۋا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن شۋېتسىيە ئىمپېرىيەسى 1809 ـ يىلى فىنلاندىيەنى رۇس ئىمپېرىيەسىگە تارتتۇرۇپ قويغان ئىدى. تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە رۇسىيەنىڭ قارامىلىقىدا ياشىغان فىنلاندىيە، 1918 ـ يىلى مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قولدىن كەتكەن ئەسلىدىكى چار رۇسىيەگە قاراشلىق زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش غەرىزىدە يۈرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى، ستالىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە فىنلاندىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، فىنلاندىيەنى بېسىۋېلىش غەرىزىدە بولغان ئىدى. ئەمما ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر بەدەل تۆلىشى بىلەن 1940 ـ يىلى مارتتا ئاخىرلاشتى. گەرچە بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلانمىسىدىكى پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياۋروپانى ھەتتا دۇنيانى تىترەتكەن دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولسىمۇ ئەمما جۇڭگودا نەشر قىلىنغان دۇنيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي كىتابلارغا ۋە دەرسلىك كىتابلارغا بۇ ھەققە ھېچقانداق ئۇچۇر كىرگۈزۈلمىگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشى تېخىمۇ ناتونۇش. مەيلى ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دۇنيا تارىخى كىتابلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۇنيا تارىخى كىتابلىرىدا بولسۇن ياكى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان دۇنيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا بولسۇن، بۇ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ ھازىرغىچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئويلىنىشىغا تېگىشلىك نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

فىنلاندىيە قىشلىق ئۇرۇشى 1939 - يىلى 30 - نويابىر باشلىنىپ 1940 - يىلى مارت ئېيىدا ئاخىرلاشقان بولۇپ، جەمئىي 105 كۈن داۋام قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە 425 مىڭ ئەسكەرنى ئۇرۇشقا ئىراقلا سەپەرۋەر قىلغان بولسا، بىر ئايدىن كېيىن بۇ ساننى بىر ھەسسە ئاشۇرغان. ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ۋە فىنلاندىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىچە بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن 998 مىڭ ئەسكەر، 6500 تانكا، 3880 ئۇرۇش ئايروپىلانى ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسا، پەقەت ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاز دېگەندە 250 مىڭ ئەسكىرى ئۆلگەن. فىنلاندىيە تەرەپتىن پەقەت 180 مىڭ ئەسكەر، 32 تانكا، 114 ئۇرۇش ئايروپىلانى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئۇرۇشتا 26 مىڭ ئەسكىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

ياۋروپا تارىخچىلىرى يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، بۇ ئۇرۇش ھازىرقى زامان دۇنيا تارىخىدا ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن، ئاجىزلار كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى، دەپ باھا بەرمەكتە.

*2009 - يىلى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇ قۇياشتەك روشەن، كۆك ئاسماندەك ئوچۇق ياشىدى

*(كۇرەش سۇلتان كۇسەن ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)*

ئارىدىن بىردەمدىلا 10 يىل ئۆتۈپتۇ، بىر ئويلىسا يۈز بەرگەن ئىشلار خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە 10 يىل ئانچە قىسقا ۋاقىتمۇ ئەمەس، شۇ مىنۇتلاردا تۇغۇلغان باللار 10 ياشقا كىرىپ ئېچەككە تاقاشتى. كۈنلەر ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى يوق، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئىنسانغا ھايات ئاتا قىلغان خۇدا ئۆمۈرگە بەرىكەت ئاتا قىلىشنى ئۇنتۇغان بولسا كېرەك. ئارىمىزدىن كەتكەنلەرنىڭ چەكسىز ھەسرىتى بىلەن ھاياتىمىزنىڭ تېرىقتەك دانچىلىرىنى ۋاقىتنىڭ مەنىسىز كەڭلىكلىرىگە چاچىدىكەنمىز. ئەقلىمىزگە كەلگەن بىر كۈنلەردە ئارقىمىزغا قاراپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، پۇشايماندا دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتىدىكەنمىز.

مەن بۇ 10 يىل جەريانىدا پارچە - پۇرات بىرقانچە يازمىلارنى يازغاندىن باشقا تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئەمما داۋاملىق تىرىشتىم، ۋىجدانىمغا يۈز كېلىش، پەرزەنتلىرىمگە ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئىرادەمنى تاشقا ئايلاندۇردۇم، بىراق ئېرىشكەنلىرىم تولىمۇ ئاز بولدى. بۇنداق چاغلاردا كۆپىنچە كۇرەشكامنى ئەسلەيمەن. كۇرەشكام تولىمۇ تالانتلىق ئىدى، ئىرادىسى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىدى، ئۆز كەسپىگە ئىشتىياقى زور ئىدى. كۇرەشكام بىر ئىش قىلىشنى

كۆڭلىگە پۈكسە، شۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمىغۇچە بولدى قىلمايتتى. ئەگەر ئۇ هايات بولغان بولسا بۇ 10 يىل جەريانىدا نىمە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولار ئىدى ـ هە! بەلكىم ئۇ يېزىشقا باشلىغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» نامدىكى توم ـ توم كىتابلىرى تاماملىنىپ، كىشىلەرنى هەيرەتتە قالدۇرغان بولار ئىدى. بىراق ئۇ بۇ دۇنيادىن بالدۇر كەتتى، ئارمان بىلەن كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. ئۇ ئارزۇ ـ ئارمانلارغا باي بىر ئىنسان ئىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا تالاي ئارمانلار بىلەن تۇغۇلۇپ يەنە شۇ ئارمانلار بىلەن كەتتى.

هەر قېتىم ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ خۇشخۇي، كۆلگىن چىرايى كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىدۇ، خۇددى ئۇ يېنىمىزدا تۇرغاندەك قۇلاقلىرىمىز كۆلكىلىرىگە جور بولىدۇ، مەڭزىمىزنى سۆيۈپ ئۆتكەن شاماللاردىن تىنىقىنى هېس قىلىمىز. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ غەمسىز باللىقى، ئۈمىد ۋە شىجائەتكە تولغان قىران ياشلىقى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ياشلىقىغا جور بولسام، ئايالىم ئۇنىڭ بىغۇبار، غەمسىز باللىقى بىلەن سىردىشىدۇ.

ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، كۈرەشكام باللارنىڭ چوڭى بولۇپ، سىڭىللىرىنىڭ هامىيسى ئىكەن. ئۇلار خۇددى قارلىغاچنىڭ باللىرىدەك بىر ئۇۋىدا چوڭ بولۇپتۇ.

مەن كۈرەشكام بىلەن تونۇشقاندا ئۇ ئاللىقاچان باللىق چۈشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ياشلىقنىڭ قىرانلىقىدا كېتىۋاتقان، ئەقىل ۋە جاسارەتكە تولغان ياش چاغلىرى ئىكەنتۇق. هاياتنىڭ بۇ دەۋرلىرى تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، بۈدۈرى چاچلىرى، باشقىلاردىن ئالاهىدە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقىل ـ ئىدراكى 26 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنى قۇرداشلىرىنىڭ سەركىسىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ تونۇشقانچە تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە سەپەرداش بولدۇم، ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە شاھىت بولدۇم، تالاي يوللارنى بىرلىكتە مېڭىپ تاماملىدۇق. ئۇ ھاياتىنىڭ بارلىق تۇز ـ تەمىنى تېتىدى، ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىگە داخىل بولدى، مۆتىۋەرلەر سورۇنلىرىدا ئىززەتكە ئېرىشتى، خەلقنىڭ چاۋاكلىرىدا ئالقىشلاندى، ئاخىر بېرىپ، ھاياتنى خەلقنىڭ ئىشقىدا مېڭىپ تاماملىدى.

بەلكىم ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا سىرداش بولغانلار ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا مۆلدۈرلەپ ياتقان كىچىك بىر بوۋاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەس. ئۇ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئائىلىسىگە چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تارىخ بېتىگە 1959 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دەپ خاتىرىلەپ قويغان ئىدى. بۇ ئۇرۇمچىنىڭ ياز كۈنلىرىنىڭ بىر سەھرى ئىدى. بۇ چاغلاردا دادىسى سۇلتان مەھمۇد قوزىباي ۋە ئاپىسى تىللاخان سەيىد ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق رادىئو ئىستانسىدا ئىشلەيتتى. دادىسى سۇلتان مەھمۇد قوزىباينىڭ ئىنىسى مەھمۇد قوزىباي 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلار 1960 ـ يىلدىن باشلاپ نازارەت ئاستىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن چەتئەلدە تۇققىنى بارلار تەشۋىقات ئورنىدا ئىشلىسە بولمايدۇ دېگەن سەۋەب بىلەن 1963 ـ يىلى كۇچارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا كۈرەشكام 4 ياشتا ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ بالىلىقى كۇچاردا ئۆتىدۇ. 1966 ـ يىلى دادىسى سۇلتان مەھمۇد قوزىباي نەزەربەندكە ئېلىنىپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنىدۇ. كۈرەشكام شۇ يىلى

ئۆزىنىڭ ئوقۇش ھاياتىنى باشلايدۇ، ئەمما ئۇ مەكتەپكە كىرىپ 3 يىلغىچە مەكتەپ ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ ۋە ھەر خىل خورلۇقلارغا دۇچ كېلىدۇ. 1969 - يىلى دادىسى سۇلتان مەھمۇد رەسمىي قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. كۈرەشكام شۇ يىلى مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. 1970 - يىلى ئۇ ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە غۇلجىنىڭ جىلىلىيۈزى ناھىيەسى چولىنقاي يېزىسىغا بېرىپ پاناھلىنىدۇ. 1974 - يىلى غۇلجىدىن كۇچارغا قايتىپ كېلىدۇ. كۇچارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆيدە سىڭلىلىرىدىن دەرس ئۆگىنىدۇ. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدىن ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كۇچاغا ئادەم كېلىدۇ. كۈرەشكام ناخشا ئېيتىشتا بىرىنچى بولۇپ تاللانغان بولسىمۇ ئەمما سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى پاك ئەمەس دېگەن سەۋەب بىلەن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. شۇ يىلى يەنە مەركىزى مىللەتلەر تىياتىر ئۆمىكىگە تاللىنىدۇ، ئەمما يەنە شۇ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەكتە قوشۇمچە ھەۋەسكارلار قاتارىدا ئىشلەيدۇ، ئەمما بىر قانچە ئايدىن كېيىن يەنە شۇ سىياسىي سەۋەب بىلەن ئۇ يەردىنمۇ قالدۇرۇلىدۇ. قايتا - قايتا كەلگەن بۇ ئەلەملەردىن كۆڭلى يېرىم بولغان كۈرەشكام ناخشا ئېيتىشنى توختىتىپ، دەرس ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن رەسساملىققا شاگىرتلىققا كىرىپ، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىدۇ. 1978 - يىلدىن باشلاپ كۇچار تاشقى سودا قارمىقىدىكى گىلەم زاۋۇتىغا كىرىپ ئىشلەيدۇ.

1979 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپىنىڭ مۇزىكا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1982 - يىلى سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ ۋە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالدۇ. 1985 - يىلغىچە شۇ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ. 1985 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. 1986 - يىلدىن باشلاپ تېلېۋىزورلاردا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى ياش سەنئەتكارلارنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ، نام چىقىرىدۇ. 1987 - يىلى 9 - ئايدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا تاللىنىدۇ، ئەمما كۈرەشكام سەنئەتنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1991 - يىلى 7 - ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتىدۇ. 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتىپ بېرىشنى لايىق كۆرمەي، شەخسىي ئىش باشلايدۇ. بۇ جەرياندا «كۆز مونچاق»، «ھەسرەت» «ئېچىنىش»، «ئەركەك سۇ» نامدا ئۈن ئالغۇ لېنتىسى چىقىرىدۇ. 1995 - 10 - 25 - كۈنى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1996 - قىرغىزىستانغا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئويغان تۈركىستان نامدا 4 قىسىملىق ئۈن ئالغۇ لېنتىسى ئىشلەيدۇ.1999 - يىلى 12 - 25 - كۈنى شۋېتسىيەگە كېلىدۇ. ئۇ شۋېتسىيەدە ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسىنىڭ قايناملىرىدا تاۋلانغان، سەنئەتنىڭ يېڭى بىر ئاسمىنىدا قۇشلاردەك پەرۋاز قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا ئىجاد قىلغان «ئاتلاندۇق» ناملىق ناخشىسى يورۇقلۇققا تەلپۈنگەن خەلقىنىڭ مىسكىن روھىغا ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ئارىمىزدىن خۇددى يۇلتۇزدەك ۋاقىتسىز سارقىپ كەتتى. 2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىنى ياشاپ، كەچكى قۇياش بىلەن تەڭ قارا يەرگە باش قويدى، بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 47 ياشقا كىرگەنىدى.

كۆرەشكام سەنئەتخۇمار ئىنسانىدى، ئېزىز خەلقىنى سۆيەتتى. خەلقى بىلەن ئوخشاش تۇپراقتا دەسسەپ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يىراقتىكى ۋەتىنىگە تەلپۈنۈپ كۆز يېشى قىلاتتى. يۈرىكىدىكى ھەسرەتلىرىنى سازلىرىغا تۆكەتتى، يىغانى ئۆرلىگەن، قەلبى جاراھەتلەنگەن چاغلاردا دۇتارى بىلەن مۇڭدىشاتتى، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، سېغىنىشىغا مەلھەم ئىزدەيتتى.

كۆرەشكام شەخسىيەتسىز زات ئىدى. خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۇنىڭ ئىستىكى ئىدى.

كۆرەشكام سۆزىدىن يانماس، يولىدىن تايماس ئەر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرى، كۆزلىگەن مەنزىللىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھاياتىنى بەدەل قىلىشقىمۇ رازى ئىدى. ھەرقانداق بىر قارشىلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى تەسەددۇق ئەتتى.

ئۇ مۇھەببەتنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيەتتى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى چاڭقاشتىن قۇرۇغان ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى پەقەت ئۆزىنىڭ غايىسىگىلا كۆمۈلگەن ئىدى. بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن شاتلانغاندۇ، بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن مۇڭلانغاندۇ، بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن گۇماللەنگەندۇ.

ئەجدادلىرىمىز «ھايات تېپىشماق، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن ئىكەن، ئەمما ئۇ قۇياشتەك روشەن، كۆك ئاسماندەك ئوچۇق ياشىدى، پەقەت ئۆلۈمى تېپىشماقتەك سىر بولۇپ قالدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سىيماسى ئەسلىمىمىزدىن خىرەلەشكەن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ يەنىلا تېپىشماق دۇنياسىدا كەزمەكتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە دىدارلىشىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ روھىغا ئاللادىن جەننەت تىلەيمەن.

*2016 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ستوكھولم.*

## تەۋپىق بەي كىم؟

30 ـ يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قاپلىغان ئىنقىلابىنىڭ كاتىباشلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەرگە توپلانغانىدى. بۇ يەردە خوتەن ئىنقىلابىنىڭ سەردارلىرىمۇ، خوجانىياز ھاجىغا تەۋە قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى مەھمۇد مۇھىدىنىڭ سەرۋازلىرىمۇ، تۆمۈردەك يەككە قوشۇنىڭ باتۇرلىرىمۇ، يەرلىكتىن توپلانغان قوشۇنىڭ ئاتامانلىرىمۇ، قەشقەر يېڭى شەھەرگە قامىلىپ قالغان چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ قانخورلىرى، ھەتتا شىڭ شىسەيگە يېگلىگەن تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ قاۋانلىرىمۇ بار ئىدى. تارىختا قىزىققۇچى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا 30 ـ يىللارنىڭ تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان كىشىلەر ئانچە ناتونۇش ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن زور ۋەقە بولغاچقا، ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە شۇ تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن ئەسلىمىلەر ئارقىلىق يورۇتۇلۇپ بېرىلدى. بىر قىسىم مۇرەككەپ ۋەقەلەر تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئاشكارا قىلىندى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان تەۋپىق بەي ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىدى. مەيلى تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرە ـ تارىخ كىتابلاردا بولسۇن، مەيلى يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي رومانلىرىمىزدا بولسۇن تەۋپىق بەي ھەققىدە بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەلۇمات ئۇچراتمايمىز.

ئۇنداقتا تارىخچىلىرىمىزنىڭ قەلىمىدىن چۈشۈپ قالغان تەۋپىق بەي كىم؟ مەن ئۆزۈم ئىگەللىگەن بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، تەۋپىق بەي ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. ئىزدىنىشىم تامامەن شىۋېتچە ماتېرىياللار ئاساسىدا بولدى. چۈنكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرى قەشقەر رايونىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ۋە ئۇيغۇرلار زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇشقا، ماقالە، ئەسەرلەر يېزىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇ دەۋرلەردە كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان بولسا يەنە بىر قىسمى خەت - چەك ھالىتىدە شىۋېتسىيەدىكى بىر قىسىم ئارخىپخانىلاردا ساقلانماقتا.

مەن تەۋپىق بەي ھەققىدە ماتېرىيال ئىزدەشكە كىرىشكەندىن بۇيان، قەشقەر رايونىدا تۇرغان مىسسىئونېر ئاپتورلار تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىۋېتسىيەدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم شىۋېتچە كىتابلارنى ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ، سېتىۋالدىم. يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئارخىپخانىلاردىن كۆردۈم. ئىزدىنىشىمگە يارىشا ئاخىرى تەۋپىق بەي ھەققىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم.

تەۋپىق بەينىڭ ئەسلى ئىسمى سايىد ئەخمەت تەۋپىق بەي شىرىپ ئەپەندى بولۇپ، سۈرىيەدە تۇغۇلغان. لېكىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ 1933 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەرگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن، سابىت داموللام تەرىپىدىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمەي قوغلىۋېتىلگەن. لېكىن ئۇ قەشقەردىن كەتمەي، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، بىر گۇرۇپپا

## لوۋىسانىڭ خەتلىرى - لوۋىسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر

لوۋىسا ئىنگىۋال شىۋېتسىيەنىڭ كارلىسكوگ ناھىيەسىدىن بولۇپ، 1900 - يىلى شىۋېتسىيە مىسسىيونىرلىرى تەركىبىدە قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىدا 35 ياشتا بولۇپ، تېخى توي قىلمىغان قىز ئىدى. ئۇ 1906 - يىلى شىۋېتسىيەگە بىر قايتىپ كېتىپ، 1908 - يىلى قەشقەرگە قايتا كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇ مىسسىئونېرلار ئاچقان دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر يىگىتى توختاخۇننى ياخشى كۆرۈپ قالغان. لوۋىسانىڭ بۇ ھەرىكىتى شىۋېت مىسسىئونېر تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ ئۇنى مەجبۇرىي شىۋېتسىيەگە كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولغان. ئەمما لوۋىسا 1912 - يىلى توختاخۇن بىلەن چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىگە قېچىپ بارغان ۋە شۇ يەردە توختاخۇن بىلەن توي قىلغان. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئوشتىن قەشقەرگە بىرلىكتە قايتىپ كەلگەن، ئەمما ئۇلار قەشقەردە ئۇزاق تۇرماي، ئۇدۇل كۇچارغا كەتكەن. ئۇلار كۇچاردا تاكى 1935 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىغىچە تۇرغان. لوۋىسا ئۇيغۇر يىگىتى توختاخۇن بىلەن كۇچاردا تۇرغان بۇ 23 يىل جەريانىدا كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيەلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە پىششىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنگەن، ئۇ يەرلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇ يەرلەردە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا، خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىنقىلابلىرىغا شاھىت بولغان. لوۋسا بۇ جەرياندا شىۋېتسىيەدىكى سىڭلىسى كىرستىيناغا ئۈزلۈكسىز خەت يېزىپ تۇرغان. ئۇ يازغان بۇ خەتلىرىدە ئۆزى شاھىت بولغان ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەردىن مەلۇماتلار بېرىپ تۇرغان. لوۋسانىڭ سىڭلىسىغا يازغان خەتلىرى 1900 - يىلى تېرەكداۋاندا يازغان تۇنجى خېتى بىلەن باشلىنىپ، 1935 - يىلى قەشقەردە يازغان ئاخىرقى خېتى بىلەن ئاخىرلاشقان. لوۋسا ھەر قېتىم سىڭلىسىغا خەت سالغاندا خەت بىلەن بىرگە بىرقانچە پارچە رەسىم سالغان بولۇپ، رەسىملەردە كۇچارغا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكى مەلۇم، بىراق بۇ رەسىملەرنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. لوۋسا قەشقەردىن سىرت رايونلاردا تۇرغان بىردىن - بىر شىۋېت مىسسىئونېرى بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا مىسسىئونېرلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغان ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ كۇچاردا تۇرغان مەزگىللىرىدە دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالىغاندىن سىرت تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي يېزا - قىشلاقلارغىچە بېرىپ ئانىلارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەمدە بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشى بىلىشى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان.

لوۋسا ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ۋە ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن 1935 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ئانا ۋەتىنى شىۋېتسىيەگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن. توختاخۇن لوۋسا بىلەن چېگراغىچە بىرگە كەلگەن. ئەسلىدە توختاخۇن لوۋسا بىلەن

بىرگە شۋېتسىيەگە بىرگە كېتىش نىيىتىدە بولسىمۇ ئەمما قولىدا قانۇنلۇق پاسپورت بولمىغانلىقى ئۈچۈن لوۋىسا بىلەن چېگرادا خوشلىشىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيمىغان هالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، چېگرا سىزىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاخىرقى قېتىم بىر ـ بىرى بىلەن ۋىدالاشقان. لوۋىسا مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىدە موسكۋاغا يېقىن قالغان بىر يېزىدا 70 ياشقا تولىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا ۋاپات بولغان. ئەمما توختاخۇنىنىڭ كېيىنكى هاياتى هەققىدە باشقا مىسسىئونېرلارنىڭ ماتېرىياللىرىدىمۇ هېچبىر ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان.

لوۋىسا 1900 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر ۋە كۇچاردىن شۋېتسىيەدىكى سىڭلىسىغا 200 پارچە خەت يازغان بولۇپ، كېيىن يازغۇچى مارىيا گوستاۋ بۇ خەتلەر ئاساسىدا «لوۋىسانىڭ خەتلىرى» نامىدا بىر كىتاب يېزىپ چىققان. كىتابتا لوۋىسانىڭ قەشقەر ۋە كۇچاردا ياشىغان35 يىللىق هايات سەرگۈزەشتلىرى، قەشقەر ۋە كۇچارلاردا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەر هەققىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى، ئۇيغۇر يىگىتى توختاخۇن بىلەن بولغان مۇهەببەت ۋە توي هېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن. بىراق كىتاب لوۋىسانىڭ يازغان خەتلىرى ئارقىلىق باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن كىتابتىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە كۇچارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار لوۋىسانىڭ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىدىن كۆپ ئاز بولغان. لوۋىسا شاهىت بولغان تارىخى ۋەقەلەرگە قارىغاندا ئۇششاق تۇرمۇش تەسۋىرلىرى كۆپ بولغان. كىتابقا ماتېرىيال بولغان بۇ خەتلەر هازىر لوۋىسانىڭ سىڭلىسى كىرستىنانىڭ نەۋرىلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ خەتلەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا. گەرچە بۇ لوۋىسانىڭ خەتلىرى ئاساسىدا باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ 20 ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىممەتلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

*2010 ـ يىلى، ستوكھولم*

## شۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى

تارىخى بايانلارغا ئاساسلانغاندا شۋېتسىيە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئەڭ بالدۇر يەتكەن زېمىنلارنىڭ بىرى ھېسابلانسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان تارىم بوستانلىقى، جۇڭغار ۋادىلىرىمۇ شىۋېتلار ئۈچۈن ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى قەدەم باسقان سىرلىق زېمىنلارنىڭ بىرىدۇر. گەرچە بۈگۈنكى شۋېت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنىڭ قەشقەر بوستانلىقىغا باغلىنىدىغانلىقىدىن بىر رىۋايەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىسىمۇ ئەمما ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدەك بىر تارىخنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن، ياشىغان ئۆمرىدىن، ئېلىپ بارغان ئىش - پائالىيەتلىرىدىن تارىخ قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن شىۋېت خەلقى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز قوينىدا ساقلىماقتا. تارىخ يارىتىشنى بىلىپ، ئۇنى ساقلاشنى بىلمىگەن خەلق ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. شىۋېتلار ئۈچۈن قىممەتلىك، ئەمما بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئانچە قىممەتلىك تۇيۇلمىغان بۇ ماتېرىياللار كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى بىر مەنبە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسەن تۆۋەندىكى 6 ئورۇنغا مەركەزلەشكەن.

www.uyghurkitap.com

## 1- لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى

لوند ئۇنىۋېرسىتېتى شۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇراھال شەھەر لوندقا جايلاشقان بولۇپ، گوستاۋ راكېت، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ يەردە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ھازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخانىسىدا «گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى» نامىدا 560 پارچە قول يازما ماتېرىيال ساقلانماقتا. بۇ ماتېرىياللارنى گۇننار ياررىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىرىدىن ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ۋە كېرەكسىز گېزىت پارچىلىرىغا تېگىشىۋالغان. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ بالدۇرى 16- ئەسىرگە ئائىت بولسا كېيىنكىسى 19- ئەسىرلەرگە ئائىتتۇر.

بۇ قول يازمىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىنچىكە تارماق تۈرلەر بويىچە ئىپادىلەش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1- رىسالە تىپىدىكى قول يازمىلار، 2- تەزكىرىلەر، 3- ھېكايەتلەر، 4- دىنىي تۈس ئالغان ھەر خىل پۈتۈك، دۇئا، قىسسە ۋە قوللانمىلار، 5- تارىخى ئەسەرلەر، 6- شېئىر، غەزەللەر، 7- ئەدەبىي ئەسەرلەر، 8- باشقا ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلەر.

بۇ قول يازمىلارنىڭ تەپسىلىي تىزىملىكى لوند ئۇنىۋېرسىتېتى تور بېكىتىنىڭ «گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى» نامىدىكى تور بېتىگە تەپسىلىي قويۇلغان بولۇپ، ھەممە قول يازمىلارنىڭ مۇقاۋىسى ۋە بىرىنچى بېتىنىڭ فوتوكوپىيىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياسىغان ساپال قاچىلارنى، توغراقتىن ياسىغان ياغاچ ئۆيملارنى ۋە قەدىمىي رەخت پارچىلىرىنى ئۇچۇرتۇشقا بولىدۇ.

### 5- شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسى

شۋېتسىيە مىسسىئونېر ئارخىپخانىسى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك زور مىقداردىكى ماتېرىياللار ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر ئارخىپخانا بولۇپ، بۇ يەردىكى ماتېرىياللار ئۇزاق يىللاردىن بېرى رەتلەنمەي تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن چەتتە قالغان. دوكتور ئەسئەت سۇلايمان 2004- يىلى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر جامائىتىگە ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى زىيارەت قىلىدىغان ۋە بۇ يەرگە قىزىقىدىغانلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپەيمەكتە. بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم قول يازمىلار، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر باسمىخانىسىدا بېسىلغان ھەر خىل كىتابلار ۋە باشقا بۇيۇملار بولغاندىن سىرت ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تۈركۈم رەسىملەر ساقلانماقتا. ئارخىپخانا ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئارخىپخانا بۇ يىل 1- ئايدىن باشلاپ بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەش، تىزىملاش ۋە كومپيۇتېرغا ئېلىش خىزمىتىنى باشلىغان بولۇپ، ئارخىپخانا ئامبىرىدا سۇلياۋ لېنتىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر تۈكۈم ئاشكارىلانمىغان يېڭى رەسىملەر كومپيۇتېرغا ئېلىنغان ۋە قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن. ئەمما ئارخىپخانىنى كۆچۈرۈش سەۋەبىدىن ئارخىپخانىدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسىغا تاپشۇرۇۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 6- شۇېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى

شۇېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى شۇېتسىيەدىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇزىكا ئارخىپخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇيغۇر سەنئەتكارى كۆرەش سۇلتان كۆسەننىڭ يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللىرى، قول يازمىلىرى، شەخسىي خەت - چەكلىرى، مۇزىكا ئەسەرلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرى قويۇلغان. كۆرەش كۆسەنگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇچۇرلار ئارخىپخانىنىڭ كومپيۇتېرىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆرەش كۆسەن توغرۇلۇق ئۇچۇر ئىزدىگۈچىلەر ئۇ يەردىن بىمالال تاپالايدۇ. كۆرەش سۇلتاننىڭ «ئەركەك سۇ» نامدىكى ناخشا لېنتىسى شۇېتسىيەدىكى خەلق مۇزىكىلىرىنى باھالاشتا 2011 - يىلدىكى ئەڭ نادىر ئون ئۇن لېنتىسىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ باھالاندى.

شۇېتسىيەنىڭ ئارخىپخانا ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ماتېرىياللار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلاردىن باشقىلارغا ئانچە مۇھىم ھېسابلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئەمما ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى بىرلىشىپ مۇشۇ يىلى 10- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن باشلاپ ئۆرۈمچىدە شۇېتسىيە مىسسىئونېر ئارخىپخانىسىدىكى ماتېرىياللار كۆرگەزمىسى ئاچىدىغانلىقى ئاشكارىلانماقتا. ئەسلىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 10- ئايدا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە مۇزېيدىن بىر تۈركۈم خىتاي مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە شۇېتسىيەلەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ

ئۆمەك گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئابدۇرېشىت ياقۇپنىڭ ھەمراھلىقىدا شۋېتسىيەگە كەلگەن. ئۇلار شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسىدىكى ماتېرىياللار ۋە رەسىملەرنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە ئېچىشقا پۈتۈشكەن. ئۇنداقتا بۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ دېگەن بىر سوئال كاللىمىزدا تۇغۇلماي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، سەل چۈشقۇر ئويلىساقلا «شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى»نى يېزىش نىشانىنىڭ بىرى بولغان «شىنجاڭدا ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان» دېگەن كۆز قارىشىغا ئىلمىي ئىسپات كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىرلىكتە باش قاتۇرۇپ، بۇندىن 80 يىللار ئىلگىرى كۈچار ۋە شايار ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېتسىيەلىك دىن تارقاتقۇچى ئايال لوۋىسا ئىنگۋال ئۈچۈن شايارنىڭ چىمەن يېزىسىغا ھەيكەل قاتۇرۇشنى پىلانلىمىغان بولار ئىدى.

*2012 - يىلى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شۋېتسىيىلىكلەر تەرپىدىن 1720 - يىللاردا سىزىلغان جوڭغارىيە خەرىتىسى

يوھان گوستاۋ رېنات 1682 ـ يىلدىن 1744 ـ يىلغىچە ياشىغان شۋېتسىيە پادىشاھلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى ۋە خەرىتە سىزغۇچىسى بولۇپ، 1709 ـ يىلى بولغان پولتاۋا ئۇرۇشىدا رۇس ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشكەن. چار پادىشاھ ئەسىرگە چۈشكەن شۋېت ئەسكەرلىرىدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى 1716 ـ يىلى جوڭغارىيەگە ئالتۇن ئىپپىشقا ئەۋەتكەن. يوھان گوستاۋ رېناتمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدا جوڭغارىيەنى كونتروللۇقىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قالماقلارغا تۇتقۇن بولۇپ قالغان. يوھان گوستاۋ رېنات جوڭغارىيەدە 17 يىل قالماقلارنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ ياشىغان. ئۇ بۇ جەرياندا قالماقلارغا شۋېتسىيەنىڭ ئىلغار زەمبىرەك ياساش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتكەندىن سىرت جوڭغارىيەنىڭ يەر شەكلىنى تەپسىلىي خەرىتىگە ئالغان. ئۇ بۇ خەرىتىنى ئۆزى بىلەن بىرگە 1734 ـ يىلى شۋېتسىيەگە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خەرىتە ئەينى چاغدا شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلىنغان. بۇ خەرىتە كېيىن كىشىلەر نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ تاكى 1878 ـ يىلغىچە كۇتۇپخانا ئامبىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ قالغان. ھازىر بۇ خەرىتە شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ساقلانماقتا. خەرىتىگە جوڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى ۋە لوپنۇر كۆلى

تەپسىلىي چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بىر قىسىم شىۋېتسىيەلىك تارىخ تەتقىقاتچىلىرى لوپنۇر كۆلىنىڭ دەسلەپ بايقىغۇچى سۋېن ھېدىن بولماستىن بەلكى يوھان گوستاۋ رېنات بولۇپ، سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر كۆلىنى بايقىغانلىق نەزەرىيەسى بىر تارىخى خاتالىقتۇر دەپ قارايدۇ.

*2009 - يىلى، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ياكوپ ئېستېفان

ياكوپ ئېستېفان يەكەنلىك يېتىم بالا، بولۇپ كىچىكىدە يەكەندىكى شىۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىلكىدىكى «دارئىلتام» دا چوڭ بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېتىقاد ئۈچۈن كۆچمەن بولۇش» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىشىچە، ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاپىسى قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ئەمدىلا 2ياشقا كىرگەن ياقۇپنى يەكەندىكى شىۋېت مىسسىئونېر ئاچقان «دارئىلتام»غا تاشلاپ كەتكەن. ئۇ شۇ يەردە ياقوپ ئېستېفان دېگەن نام بىلەن چوڭ بولغان.

1933 - يىلى 20 - ئاپرېل كۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەمىرى يەنى مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر يەكەندىكى شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا بېسىپ كىرىپ، شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنى ۋە «دارئىلتام» دىكى بارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. تۈرمىگە تاشلانغانلارنىڭ ئارىسىدا ياقوپ ئېستېفان ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى ھابىلمۇ بار ئىدى. ياقوپ ئېستېفان دوستى ھابىلنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئەتىسى شاھ مەنسۇر ھابىلنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېتىپ تاشلىغان. ياقوپ ئېستېفان تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن كارۋانلارغا ئەگىشىپ، ھىندىستانغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ھىندىستاندا 14 يىل ياشاپ 1947 - يىلى شىۋېتسىيەگە كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇ شىۋېتسىيەدە ماكانلاشقاندىن

كېيىن تېخنىكا كەسپىدە ئوقۇپ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان تېخنىك خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ باشقىلارغا دەپ بېرىشىچە، بىر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا باشقا دۆلەتتىن كەلگەن بىر ئۆلچەش ئەسۋابىنى ياسايدىغان بىر ئىش كېلىپ قالغان. ئۇ ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئېچىپ قارىسا ئاشۇ يىراقتا قالغان ۋەتىنى شىنجاڭدىن كەلگەنلىكى مەلۇم بولغان. ئۇ ئۆلچەش ئەسۋابىنى ياساۋېتىپ شۇنچىلىك هاياجانلانغان، ئەمما هېچكىمگە تىنمىغان پەقەت بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ئۇ بۇ خۇشاللىقنى يېقىن دوستى گۇننار ياررىڭغا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ شىۋېتسىيەگە كەلگەندىن كېيىن شىۋېتسىيەلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان، ئۇنىڭ هازىر گۇنىللا ئىستېفان ئىسىملىك بىر قىزى بار. بۇ شىۋېتسىيەدىكى تونۇلغان ئوپېرا ناخشىچىسى. ياكوپ ئىستېفان 1991 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى» دېگەن بىر كىتابمۇ يېزىپ قالدۇرغان. گۇننار ياررىڭ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولغان. ئۇلار بىر يەرگە كەلسىلا ئاشۇ يىراقتىكى ئالتۇندەك قۇملۇق زېمىن، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلى هەققىدە توختاشماي سۆزلەشكەن. ئۇ كۆپ قېتىم يىراقتا قالغان ۋەتىنىگە بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

*2009 ـ يىلى، ستوكهولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئاجراشماڭلار ئاتا - ئانىلار» ناخشىسىنى كىم ئىجاد قىلغان

مەرھۇم ناخشىچى مىرزات ئالىم ئىجراسىدىكى «ئاجراشماڭلار ئاتا - ئانىلار» ناخشىسى ئاتا - ئانىسىدىن تىرىك تۇرۇپ ئايرىلغان يېتىم باللارنىڭ يۈرەك ساداسى، بەختلىك ئائىلىسى بۇزۇلغان ئەر - ئاياللارنىڭ قەلب نىداسى سۈپىتىدە 20 يىللاردىن بىرى سەھنىدىن سەھنىگە، ئېكراندىن ئېكرانغا كۆچۈپ، تالاي ناخشىچىلارنىڭ ئېغىزىدا ۋايىغا يېتىپ ئورۇندىلىپ كەلمەكتە. ئەمما بۇ ناخشىنى كىم قانداق شەكىلدە ئىيتىمسۇن بۇ ناخشا ناخشىنى سەھنىگە تۇنجى قېتىم ئېلىپ چىققان ناخشىچى مىرزات ئالىمنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ،»مىرزات ئالىمنىڭ ناخشىسى «دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ناخشىسى، دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ناخشىلار ئەمەلىيەتتە مەلۇم شەخسلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ناخشىلار خەلقنىڭ ناخشىسى بولۇپ، تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ بىر تەرەپتىن بۇ ناخشىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئاڭلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما ئاپتورىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ئەھۋالدا ئىجادچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى خەلقنىڭ بىلىپ قويۇشى يەنىلا خەلقنىڭ ئىجادچىغا بولغان بىر خىل ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. «ئاجراشماڭلار ئاتا - ئانىلار» دېگەن بۇ ناخشىنى كۆرەش كۈسەن 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى سەنئەت ئىنىستىتۇتىدا

ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئىجاد قىلغان نادىر ناخشىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ناخشىنى مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىنى ۋە ھايات كەچۈرمىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ ئىشلەپ چىققان.

كۈرەش كۆسەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ناخشىچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «كۆز مونچاق»، «ئەركەك سۇ» قاتارلىق ناخشا لىرىكىلىرىنىڭ ئىجادچىسى، «ھەسرەت»، «ئىچىنىش» قاتارلىق ناخشا لىرىكىلىرىنىڭ ئىجادچىسىدۇر. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۈگۈنكى كۈندە ئەل ئارىسىدا خەلق ناخشىسى سۈپىتىدە نام - نىشانسىز ئېيتىلىپ كەلمەكتە، بەزى ناخشىلىرىنىڭ تېكىستى باشقا ئاھاڭلارغا سېلىنسا، بەزى ئاھاڭلىرىغا باشقا تېكىست سېلىنىپ ئورۇندالماقتا. مەسىلەن: «ئاداش»، «سۆيىمەن»، «ئانامغا خەت»، «ياشىسام دەيمەن»، «سۆزۈم بار»، «ئاجراشماڭلار ئاتا - ئانىلار» ۋە باشقىلار.

كۈرەش كۆسەن ۋە مىرزات ئالىم ھايات ۋاقىتلىرىدا خىزمەتداش ھەم ياخشى دوست سەنئەتكارلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ناخشا ئورۇنداش ماھارىتىدە ۋە ئاھاڭلارنىڭ مېلودىيەسىدىكى پۇراقلارنى چىقىرىشىدىمۇ زور ئوخشاشلىقلار بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈممۇ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈملىرى يېشىلمەس سىرلار ئىچىدە قالدى.

*2010 - يىلى 1 - ئاي، ستوكھولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇشەقەتلىك قەدەم - شەرقى تۈركىستاندىكى 25 يىل

«مۇشەققەتلىك قەدەم ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 ـ يىل» ناملىق بۇ كىتاب شىۋېتسىيەدە 1917 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا دائىر چوڭ ھەجىملىك ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، كىتابقا 1892 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقى تۈركىستاندا تۇرغان مىسسىئونېر يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. 555 بەتلىك بۇ كىتاب جەمئىي 70 پارچە ماقالىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە مازار ـ چىلتەنلىرگىچە چېتىلغان. ماقالىلەرگە يەنە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى رېئاللىقىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى بولغان نۇرغۇن رەسىملەرمۇ قىستۇرما قىلىنغان. گەرچە كىتاب ھەر خىل ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ھەر خىل ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ئەمما مەزمۇنى شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەر سۈپىتىدە بىر سىستېما ھاسىل قىلغان. مەسىلەن كىتابتىكى «شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى»، «تەبىئىي مەنزىرىلىرى»، «كىلىماتى»، «يېزا ـ شەھەرلىرى»، «شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى»، «مەدەنىيەت يۇرسەتلىرى»، «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر»، «شەرقى تۈركىستاندىكى ئاياللار»، «شەرقى تۈركىستاندىكى ئىسلام»، «شەرقى تۈركىستاندىكى مازار ۋە چىلتەنلەر»،

«شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلار» ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ماقالىلەر بۇ نوختىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئاپتورلار ماقالىلىرىدە ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقى ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندەك گۈزەل ۋە باي زېمىندا نامرات، بىخۇد، نادان ۋە ئاجىز ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بەختسىز تەقدىرىنى بۇ زېمىنغا بايلىق ۋە بەخت ئىزدەپ كېلىۋاتقان خىتايلارنىڭ ئاچكۆز خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلغان. مەسىلەن كىتابتىكى «شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلار» دېگەن ماقالىدا «شەرقى تۈركىستان خىتايلار ئۆچۈن خۇددى شىۋېتسىيەلىكلەر 19- ئەسىردە بايلىق ۋە بەخت ئىزدەپ ئامېرىكىغا بارغىنىدەك ئالتۇن ۋە بەخت ئىزدەپ كېلىدىغان ماكاندۇر، ئۇلار بۇ يەردە بىرقانچە يىل ئىچىدە يانچۇقلىرىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى يۇرتلىرىغا كېتىدۇ ۋە بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىدۇ. مەن بۇنداق شەرقى تۈركىستانغا قايتا كەلگەن بىرقانچە خىتايلار بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلار خىتايدىكى يۇرتلىرىدا ئۇنچىلىك خۇشال ياشىيالمايدىغان بولۇپ قاپتىمىش.» كىتابتىكى ماقالىلەر 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىنى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ، تارىخچىلارنىڭ ئىزدىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بولۇپمۇ كىتابتىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى» دېگەن ماقالە باشقا بىر مىللەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى هەققىدە پىكىر بايان قىلغان كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ماتېرىيال بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى هەققىدە تۇزۇك ئىزدىنىپ باقمىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى هەققىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا تۈرتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بولالايدۇ. گەرچە ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سەلبىي تەرەپلەر كۆپرەك بايان قىلىنسىمۇ يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدە قانچىلىك ئوخشاشلىق ۋە قانچىلىك ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىقىشتا ئاساس بولىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن ماقالىدا مۇنداق بايانلار بار: «ئۇيغۇرلار نىڭ ئاسان ئاچچىقى كېلىپ ئاسان ئاچچىقى يانىدۇ. ئۇلارنىڭ هالى چوڭ، قىزىققان، تەرسا، سەۋرى - تاقىتى كەمچىل كېلىدۇ.»...

«ئۇيغۇرلار قورقۇنچاق، يۇرەكسىز، دادىل ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش ئىقتىدارى ناهايىتى ئاجىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە هوقۇق تېگىدىغان بولسا ئۇ دەرهال باشقىلارغا كۆيۈنمەيدىغان رەهىم - شەپقەتسىز زالىم ئادەمگە ئايلىنىدۇ.» دېمەك بۇ كىتاب ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بار ئەسەر هېسابلىنىدۇ.

*2006* - يىلى شۇبىتسىيە

## تارىختىن ئىككى كەلىمە

سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇكەممەل دۆلەت تۈزۈلمىسىگە، كەڭ زېمىنغا، گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولغان بىر خانلىق. ئۇ 1514 ـ يىلدىن تاكى 1759 ـ يىلى مانجۇ خانلىقى سەئىدىيە زېمىنىنى تولۇق ئىشغال قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن. نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا سەئىدىيە خانلىقىنى 1679 ـ يىلى ئىسمائىل خان موڭغۇللارغا ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئاخىرلاشقان دەپ قارايدۇ. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ ئانچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ئەينى چاغدا موڭغۇللارنىڭ ياردىمى بىلەن تەختكە چىققان ئاپئاق غوجا يېڭى بىر ھاكىمىيەت قۇرغان ياكى يېڭى بىر پادىشاھلىق تەشكىل قىلغان بولماستىن بەلكى، سەئىدىيە پادىشاھلىقىنىڭ باشقا جەمەتتىن بولغان پادىشاھى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ سەئىدىيە پادىشاھلىقىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن سىرت سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىگىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن. بىر پادىشاھلىقتا باشقا جەمەتتىن بولغانلارنىڭ پادىشاھ بولۇشى تارىختىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىدا كۆپ كۆرۈلگەن ئەھۋالدۇر. مەسىلەن: بۇرۇنقى مىسىر پادىشاھلىقىدا پادىشاھ جەمەتىگە مەنسۇپ بولمىغان، تۈرك قان سىستېمىسىغا تەۋە ئۈچ كىشىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن سىرت، ھازىرقى شۋېتسىيە پادىشاھلىقىدا ئەسلىدىكى خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولمىغان فىرانسىيەلىك بىرىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى

تارىخقا ئىنىق يېزىلغان. يەنە بىرى، سەئىدىيە دائىرىسىگە بېسىپ كىرگەن موغۇللار كۈچلۈك قوشۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ھېچقانداق دۆلەت ئاپپاراتى، دۆلەت تۈزۈلمىسى ياكى مۇكەممەل باشقۇرۇش سىستېمىسى ھاسىل قىلغان زېمىن تەۋەلىكى بولمىغان ياكى ئۇلار بىر دۆلەت نامى ئاستىغا توپلانغان دۆلەت ئارمىيەسى بولغان ئەمەس.. ئۇلار ئەينى چاغدا پەقەت كۈچلۈك قوراللىق كۈچ سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇلار سەئىدىيە زېمىنغا بېسىپ كىرگەن چاغدىمۇ ئۇلار زېمىن بېسىۋېلىش ياكى سەئىدىيە دۆلىتى دائىرىسىدە ھاكىمىيەت تىكلەش غەرىزىدە ئەمەس، بەلكى بايلىققا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە كىرگەن. شۇڭا ئۇلار سەئىدىيە خانلىقىغا قارىتا گۇمران قىلىش پوزىتسىيەسىدە ئەمەس، بەلكى ئاپئاق غوجىنى قوللىغۇچى كۈچ سۈپىتىدە ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەملىشىپ، داۋاملىق بايلىققا ئېرىشىش غەرىزىدە بولغان. شۇڭا ئۇلار سەئىدىيە زېمىنىدا كۆپ مىقداردا ئەسكەر تۇرغۇزمىغان، پەقەت ۋەكىل سۈپىتىدە مەلۇم موغۇل ئەمەلدارىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئاپئاق غوجا سەئىدىيە دۆلىتىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن موغۇللارغا ھەر يىلى ناھايىتى زور مىقداردا ئولپاڭ تاپشۇرغان. ئەگەر ئاپئاق غوجا پادىشاھلىق قىلغان سەئىدىيە دۆلىتىنى موغۇللارغا ئولپاڭ تاپشۇرغانلىق سەۋەبىدىن گۇمران بولدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئولپاڭ تاپشۇرغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوخشاشلا ئېتىراپ قىلماسلىققا ۋە تاڭ سۇلالىسى زېمىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدىيە مەلىكىلىرىدىن بولغان ئاپئاق غوجىنىڭ خانىشلىرى ئىچىدىكى مۆھتەرەم خېنىم ئاپئاق غوجىدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن 245 يىللىق

تارىخىدا تاكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ 8 ـ پادىشاھى بولغان ئابدۇللا خاننىڭ ھاكىمىيىتى 1667 ـ يىلى ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى گۈللەنگەن بىر تارىخى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ شانلىق دەۋرنى ياراتقان سەئىدىيە تارىخىغا دائىر كىتابلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىشلەتكەن دۆلەت بايرىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بىر ئۇچۇر ماتېرىيالىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئىشلەتكەن ئۇيغۇر بايراقلىرى قاتارىدا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بايرىقى كۆزگە چېلىقمايدۇ. يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرىدىكى بەزى تەسۋىرلەرگە ئاساسلانغاندا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بايرىقى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ قايسىسى تارىخى چىنلىققا ئۇيغۇن، بۇ ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس، ئەمما بۇ ھەققىكى تەتقىقاتنى مەلۇم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىنىڭ قارىشىمچە ئابدۇۋەلىي ئېلىنىڭ «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن رومانىدىكى بەزى تەسۋىرلەر تارىخى رېئاللىققا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىغا بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. روماندا قازاقلار زېمىندىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان سۇلتان ئابدۇرىشىتخان قوشۇنىنىڭ تېگى يېشىل قارچىغىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بايراق كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەنگەن. يېشىل رەڭ ئىسلامىي رەڭ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. سەئىدىيە پادىشاھلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى قويۇق ئىسلامى تۈسكە ئىگە بىر پادىشاھلىق، شۇنداقلا بۇ پۈتۈن سەئىدىيە زېمىنىدا ئىسلام دىنى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر دەۋر بولغاچقا، بايرىقىغا يېشىل رەڭنى ئىشلىتىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال ھەم ئېھتىماللىقى بەك چوڭ رېئاللىق. بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارچىغىنىڭ رەسىمىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى

ئاساس قىلغان يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قارچۇغا ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇشى. ئۇيغۇرلار قارچىغىنى چەبدەس، چاققان، سەزگۈر دەپ قارايدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. ھازىرمۇ يېزىلاردا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قارچۇغا باقىدىن ئادىتىنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەزى تارىخى بايانلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇت قۇشى قارچۇغا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. گەرچە بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تارىخى يىلتىزى ۋە مەدەنىيەت ئاساسىدىن قارىغاندا بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قۇت ھايۋانلىرى» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ قۇت ھايۋىنى «بۇلبۇل» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى، خاراكتېرى، مەدەنىيەت ئاساسى، ياشام شەكلىدىن قارىغاندا بۇلبۇل ئۇيغۇرلارنىڭ قۇت قۇشى بولالىشى ئادەمدە گۇمان تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى بۇلبۇل بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەنىۋى باغلىنىشىنى ئىزدىسەك مەلۇم بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى بايقىمايمىز. «بۇلبۇل» نىڭ ئۇيغۇرلارغا پارس ئەدەبىياتىدىن كىرگەن غايىۋى بىر ئوبراز ئىكەنلىكىدە شەك يوق. دېمەك بۇ نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلغاندا سەئۇدىيە دۆلىتىنىڭ بايرىقىنىڭ قارچىغىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن يېشىل بايراق ئىكەنلىكى بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ئەمما بۇ بىر قىياس، تارىخچىلارنىڭ ئىزدىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدىغان بىر تېما. مەن قولۇمدا ماتېرىياللارنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن پەقەت ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن بىر يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

*2003 - يىلى، ستوكھولوم*

## رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە

2017 ـ يىللىق يازلىق دەم ئېلىشىمنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزدۈم. ئىستانبۇلغا مېڭىشتىن ئىلگىرىلا رەسسام غازى ئەھمەت ئاكىمىزنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق ئەسلىمىسىنى ئوقۇشنى پىلان قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئىستانبۇلدىكى ۋاقىتلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنى دېڭىز ساھىللىرىدا، كىچىك باغچە ۋە چايخانىلاردا كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە پىكىرداش قەلەمكەش دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

رەسسام غازى ئەھمەت ئاكىمىزنىڭ كىتابىنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى 548 ـ بەتلىك بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىشكە كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي جەھەتتە ياخشى بولسىمۇ، ئەمما يېزىقچىلىق جەھەتتە كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتابنىڭ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىشىغا گۇمان قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستانبۇلنىڭ 8 ـ ئاي مەزگىلى ھاۋانىڭ تازا قىزغان مەزگىلى بولۇپ، راھەتلىنىپ كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ قۇلايسىز ئىدى. بىراق مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، ئىككى بەت ئوقۇپلا كىتابقا كىرىشىپ قالدىم. ئون كۈندىمۇ ئوقۇپ بولۇشقا كۆزۈم يەتمىگەن كىتابنى بىر ھەپتىدە ئوقۇپ تۈگىتىپتىمەن. كىتابتىكى ئىنچىكە تەسۋىرلەر، مول تۇرمۇش بىلىملىرى، خەلق تىلىغا يېقىن بولغان بايان شەكلى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. غازى ئەھمەت ئاكىمىز 70 ياشتىن

ئاشقان تۇرۇقلۇق كىتابتا بالىلىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى خۇددى تونۇگۇن يۈز بەرگەن ۋەقەلەردەك ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىنى نامايان قىلغانىدى. ئاپتور كىتابىدا «شىكايەت» ناملىق ساتىرىك شېئىرىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ پىششىق تىلى، مۇكەممەل ۋەزنى، تۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ ئارزۇ ۋەزنىدە شېئىر يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئاپتورنىڭ يەنە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «ئارزۇ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، غازى ئەھمەتنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىنىمۇ تولۇق نامايان قىلىپ بەرگەن. مەن بۇ نۇقتىلاردىن ئەگەر غازى ئەھمەت ئاكىمىز رەسىم سىزماي ئەسەر يازغان بولسا زامانىمىزدىكى مەشھۇر يازغۇچىلىرىمىزدىن ياكى شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ قالار ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم.

بىراق غازى ئەھمەت ئاكىمىز يازغۇچىلىق يولىنى تاللىماي، رەسساملىق يولىنى تاللىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رەسساملىقىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولدى، رەسساملار ئارىسىدا ئۇستاز ئاتالدى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر گۈزەل ـ سەنئەت مائارىپىغا ئاساس سالغۇچى مائارىپ يېتەكچىسى بولدى. بولۇپمۇ «ئادەم رەسىمنى سىزسا گۇناھ بولىدۇ» دېگەن قاراشقا بىرەر مىڭ يىللاردىن بېرى كۆنۈپ قالغان بىر خەلقنىڭ پەرزەنتى»[1] ۋە ئىمامنىڭ بالىسى بولغان غازى ئەھمەتنىڭ سەنئەت ئېكولوگىيەسى زاۋال تاپقان بىر زاماندا رەسساملىققا ھەۋەس قىلىشى ھەقىقەتەن بىر

[1] «ھاياتىمدىكى ئۈچمەس سىزىقلار» 2 ـ بەت

جاسارەت ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەت ئۆزىنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىشىچە، 1933 - يىلى قەشقەرنىڭ شەھرىنىڭ ئەينى چاغدا «قورغان» دەپ ئاتالغان، ھازىر «نەزەرباغ» دەپ ئاتىلىدىغان يېزىسىدا، ئەھمەت قازى ئاخۇنۇم ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ يەتتىنچىسى بوۋىسى ئېلىجان ھاجى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھرىدىن بولۇپ، 1710 - يىلى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى «قورغان» يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ دادىسى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئۆلىما بولغانلىقى ئۈچۈن ئوغلى غازى ئەھمەتنى بەش يېشىدىلا مەھەللىسىدىكى مەدرىسكە ئەۋەتكەن. غازى ئەھمەت مەدرىسىدىكى ۋاقتىدىلا خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغان بولۇپ، كېيىن باشلانغۇچقا كىرىپ ئوقۇغاندا ئانچە قىينالمىغان. 1945 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، 1946 - يىلى 8- ئايدىن تاكى 1949 - يىلغىچە قارىيخانىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ 1949 - يىلىدىن 1951 - يىلى 12 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاياتى پەيزىۋات، مارالبېشى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەردە سەرسان - سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن بولۇپ، ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە غازى ئەھمەت غۇلجىغا چىقىپ ئوقۇش نىيىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي نۇرغۇنلىغان ئەرزىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

1954 - يىلى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قەشقەر

دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەندە غازى ئەھمەتنىڭ رەسىم سەنئىتىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ۋە رەسىم سىزىشقا بولغان زور قىزىقىشىنى بايقاپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلغان. 1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.

رەسسام غازى ئەھمەت ئۆزىنىڭ رەسساملىق كەسپىدە مول نەتىجە قازانغان تەجرىبىلىك رەسسام بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان گۈزەل سەنئەت مائارىپىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان شەخس ئىدى. غازى ئەھمەتنىڭ رەسىملىرى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرى ئۇيغۇر كىشىلىك ئوبرازىنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ياشاش شەكلىنىڭ، مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ، روھى ھالىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ۋە ئېنىق كۆرۈنۈشى ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەت خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بوش قالغان گۈزەل سەنئەت مائارىپىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىچىكىدىن يېتىلگەن سەنئەت قىزىقىشى ۋە كېيىن مەكتەپتە سىستېمىلىق بىلىم ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقىچە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئۇسلۇبتا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. سوتسىيالىستىك رېئالىزم سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان يېڭىچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم ئىجادكارلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. رەسسام غازى ئەھمەت مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى دەل ئاشۇ خىل سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق مائارىپ مودېلى ۋە ئىجادىيەت

ئۇسلۇبى بازار تېپىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، بۇ غازى ئەھمەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى، جۇملىدىن پۈتۈن ھاياتىكى رەسساملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. سوۋېت سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئاتىلىرى ھېسابلانغان گېرىيازوف، چېسكاكوف ۋە رېپىنلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى غايىۋى ئۇستازلىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رېئالىزملىق ئېقىمدىكى بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ يازمىلىرىدا ۋە باشقىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىدە ناھايىتى ئېنىق ئېيتقان بولۇپ، ھازىرقى زامان غەرب رەسسامچىلىقىدا قوللىنىلىۋاتقان ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى بولغان شەكىلسىزلىكنى قوللىمايتتى. ئۇنىڭ ئەسكىچە شەكىلسىز سەنئەت بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. رەسسام غازى ئەھمەت رەسساملىق سەنئىتىدە مۇھىم بولغان رەڭ ۋە نۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئەراپات ھۈسەنجاننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «مۇقام ۋە غازى ئەھمەت» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن. «ئادەتتە رەڭ نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەتىگەندە سوغۇقراق كۆرۈنسە، كەچتىكى شەپەقتە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، ھاۋا تۇتۇق مەزگىللەردىكى رەڭلەرمۇ يەنە مۇھىتقا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. يەنى رەڭ سىزماقچى بولغان ئوبيېكت ياكى مەزمۇنغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاللىنىدىغان رەڭ يەنە شۇ رەسسامنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ مۇھىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. قەشقەرنىڭ ھاۋارايى قۇرغاق، تۇپرىقى كۆپىنچە سېغىز تۇپراق، يەنە قۇممۇ بار. مەن ئاشۇنداق جايدا چوڭ بولغاچقا، ئاشۇ تۇپراقنىڭ رەڭگى، يەنى ئىسسىق رەڭگە بەكرەك مايىلمەن. ئەمما، «قاناس» قاتارلىق رەسىملىرىمدە سوغۇق رەڭنى كۆپرەك ئىشلەتكەنمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رەسىم ئىجادىيىتى ئاساسەن ماي بوياق رەسىمنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جۇڭگوچە رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. خەتتاتلىق ۋە باشقا سەنئەت ئەسەرلىرى قوشۇمچە ھەۋەسلىرى قاتارىدا ئېلىپ بېرىلغان. رەسسام غازى ئەھمەت ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ھەر خىل تېما ۋە ھەر خىل ئۇسلۇپتىكى رەسىملەردىن تەخمىنەن 150 پارچىغا يېقىن رەسىم سىزغان بولۇپ، بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى «ھاياتىمدىكى ئۈچ مەس سۆرەتلەر» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا قىستۇرما قىلىنغان.

مەن رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رەسىمى بىلەن تۇنجى قېتىم 1984 - يىلى ئۇچراشقان ئىدىم. بىز 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلدۇق. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ يەنى 10 - ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىكى يەكشەنبە كۈنى ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مەقبەرىسىگە زىيارەتكە باردۇق. گەرچە 1983 - يىلى ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى دەپ، ئاتىلىۋاتقان قەبرىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا خەلق ئارىسىدا ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى دېگەن نام ئومۇملاشقانىدى. ئۇ چاغدا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ھازىرقىدەك ياسالمىغان بولۇپ، كاكىل لايدىن قاتۇرۇلغان قەبرە كونا گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىراق نىمە ئۈچۈندۇر كونا گۈمبەزنىڭ بىر تەرىپى چېقىۋېتىلىپ، ياغاچ ۋە خىشلىرى بىر تەرەپكە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. شۇ چاغدا بىزگە چۈشەندۈرگۈچى بولغان مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسىنىڭ باققۇچىسى بىزگە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دوپپا كىيىپ يازما ئوقۇۋاتقان رەسىمنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ رەسىمنى رەسسام غازى ئەھمەت 1981 - يىلى سىزغان بولۇپ، مەن بۇ رەسىمنى سىزغۇچى رەسسامنىڭ

غازى ئەھمەت ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلگەنىدىم. بىز بۇ قېتىملىق زىيارىتىمىزدە يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيەنىڭ ۋە 19 ـ ئەسىردىكى كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولغان تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ قەبرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ قەبرىلەر مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇرلىرىنىڭ پىروتوتىپىسى ئاساسى سالماقنى ئىگەلىسە، جۇڭگوچە رەسىملىرىدە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ رېئال كارتىنىلىرى ۋە سەنئەتكە باي خاراكتېرىنىڭ نازۇك قىياپەتلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇردى. «مەھمۇد كاشغەرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «ئامانىنساخان»، «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر»، «مۇقام»، «سەلەي چاققان»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «ناسىركوم»، «مەشرەپ» قاتارلىق ئەسەرلەر رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن بۇ رەسىملەرنى بىلمەيدىغانلارنى ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

رەسسام غازى ئەھمەت شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدا ئۇزۇن يىل باش مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئاتقۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان سەنئەت ساھەسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىكى تالانتى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەردىكى ئاكتىپچانلىقى بىلەن شەرقى گېرمانىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، بۇلغارىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيەدە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان. 1994 ـ يىلى پارىژ، ئەنقەرە، ئىستانبۇلدا، 1998 ـ يىلى ئىراندا ئۆزىنىڭ شەخسىي رەسىم

كۆرگەزمىسىنى ئاچقان.

ھازىرقى غەرب رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن قارىغاندا گەرچە رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ رېئالىستىك ئۇسۇلۇپتىكى رەسىملىرى ئاللىقاچان مودىدىن قالغان سەنئەت ئەسەرلىرى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ پىروتوتىپىسى بىلەن يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە رەسساملىق سەنئەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان رەسسام غازى ئەھمەت 2017 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە مەڭگۈ ياشايدۇ.

*2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ستوكھولم*



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىزنالىرى

ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ جىددىي دىققىتىنى تارتىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاياللار مەسىلىسى تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى مەدەنىيەت ۋە ھەرقايسى ئىلمى ئېقىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى، ھەتتا بەزىلىرى قارىمۇقارشى ھالەتتە بولدى.

گەرچە ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى مەسىلىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قالدۇرغان ھەدىسلەردە ناھايىتى ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەرەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل مىللەتلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىدىن ۋاز كېچەلمىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قالاق يەرلىك ئادەتلىرىنى ۋە مەدەنىيىتىدىكى غەلىتە قىلىقلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ كەمچىلىكلىرى ۋە جىنايى قىلمىشلىرى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلماقتا.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە

ئائىلىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى، باراۋەرلىك ئورنى، مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى، ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقلىرى ئېنىق كەڭدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار ئائىلىدە ئەرلەرنىڭ ماددىي مۈلكى ياكى قۇلى بولماستىن بەلكى ئەركىن ـ ئىكرامغا ئىگە ئانا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىنغان.

گەرچە ئىسلام دىنىدا ئاياللارغا شۇنچە كۆپ ھوقۇقلار بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى دائىم ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن كۆرە ئائىلىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى ۋە ھوقۇقلىرىنى كۆپرەك تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ ياكى يۈزەكى تەسۋىرلەر بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە چاغلاردا كىشىلەردە بىر خىل خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى چەكلىمەدۇ ـ دېگەن گۇمانىي سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنى ھەقىقەتەن ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىششىنى چەكلىمەدۇ؟ بىز بىر ئېغىز گەپ بىلەن كېسىپ ئېيتالايمىزكى ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى بولغان ھەدىسلەردە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىنى چەكلىگەنلىكىگە ئالاقىدار ھېچقانداق ئۇچۇرلار يوق. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، تۇرمۇشنىڭ باش

قوماندانى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاياللار بىلەن ئەرلەر فىزولوگىيىلىك جەھەتتە پەرققە ئىگە بولغاندىن سىرت ھەممە جەھەتلەردە باراۋەردۇر. ئۇلار ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت يەنە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئۆتەش كېرەك. قۇرئاندا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتىمۇ ئۆتەش كېرەك.» (2:228)

ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، پەرزەنت تەربىيەلەش، ئەرلىرىگە ياردەمچى بولۇشتەك ۋەزىپىلىرى بولغاندىن سىرت يەنە ئۇلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ماس كەلگەن مۇئەييەن مىقداردىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشقا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن: دوختۇرلۇق، ئوقۇتقۇچىلىق، سېستىرالىق، كاسسىرلىق، بانكا، ئۇچۇر ئالاقە، پارلامېنت خىزمەتلىرى ۋە باشقىلار.

ئىسلام دىنىدا مەيلى ئايال، مەيلى ئەر بولسۇن پەقەت جەمئىيەتكە پايدىسى بارلا ئىش قىلىدىكەن ئوخشاشلا ئاللا تەرىپىدىن شەرەپ ۋە ئىلتىپاتلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغۇاتقان ئەمەللىرى ئىنسانلارغا پايدىلىقتۇر. «قۇرئان» دا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمىلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.» (16:97)

ئىسلام دىنىدا مۇھىمى ئىشنىڭ كىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانلارغا قانداق پايدا ئېلىپ كەلگەنلىكى

تەكتلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا ئورۇندالغان ھەرقانداق ئەمەللەر مەيلى كىم تەرىپىدىن ئورۇندالغان بولسۇن پەقەت ئۇ ياخشى بىر ئەمەل بولسىلا قىلغان ئەملى بىكار كەتمەيدۇ، قىلغان ئەجرىگە لايىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. «قۇرئان» دا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەملىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن.» (3:195)

گەرچە ئىسلام دىنىدا ئەر - ئاياللار جەمئىيەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتە ھوقۇقتا باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى ئەرلەر ئىشلەيدىغان ھەممە يەرلەردە ئاياللارنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ فىزولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدا مەلۇم پەرقلەرنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ سودا، ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا چەك قويغان ئەمەس. ھەتتا ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا رەھبەر، ھەربىي ئىشلاردا قوماندان، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا تەتقىقاتچى ۋە يولباشچى بولۇشىغا يول قويغان. ئەگەر بىز ئىسلام تارىخىغا ۋە بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە نەزەر سالساق بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرتىمىز. «قۇرئان» دا سەبەئ خەلقىگە پادىشاھلىق قىلىۋاتقان ئايال پادىشاھ بىلقىسنىڭ تىلغا ئېلىنىنشى، خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئەقىللىق ئايال، دەپ قارالغان شىفا بىنتى ئابدۇللاھنى بازار باشقۇرۇشقا مەھسۇل قىلىشى، ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆگە ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىپ،

داڭلىق بىر ھەدىسشۇناسقا ئايلىنىشى ۋە بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋەزىپىلەردە بولۇشى بۇنىڭ ئېنىق مىساللىرىدۇر.

ئىسلام دىنىدا كىمنىڭ قانداق ئىشتا بولۇشى ئۇلارنىڭ جىنسىي پەرقىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى، لاياقىتى ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئەلۋەتتە بىر ئىشنىڭ ئەھلى بولۇش ۋە ئىقتىدار ۋە لاياقەتنى يېتىلدۈرۈش مائارىپ جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. گەرچە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئىلىم ئېلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىندى» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى ئاياللارغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئاياللارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئېزچىل سەل قارىلىپ كەلدى. ئۆگىنىش بىر خىل بىلىم ئېلىش ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ پەقەت دىنىي بىلىمنىلا ئەمەس بەلكى ئىقتىدارنى ئۆستۈرىدىغان، تونۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان بارلىق پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم ئېلىشتىكى مەقسەت ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. بىلىم ئېلىشتا ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا تەڭ باراۋەر بولۇپ، ئورۇن، ۋاقىت، ياش ۋە جىنس پەرقى يوقتۇر. ئەلۋەتتە بىلىم ئېلىشتىكى يەنە بىر مەقسەت ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، قۇدرىتىنى بىلىش ۋە ئۇ ياراتقان مەۋجۇداتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر.

گەرچە ئىسلام دىنىدىكى بەزى مەملىكەتلەردە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىدا قىسمەن مەسىلىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىدىكى چەكلىمىلەر بولماستىن بەلكى شۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى سە-ۋەنلىكلەردۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپ هوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ستاتىستىكا قىلىپ سان - سىفىرلار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە هازىرچە ئىمكانىمىز يوق.

ئۇيغۇر ئاياللىرى مەيلى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بولسۇن، مەيلى ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسۇن ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئانىلىق ۋە ئاياللىق ئوبرازلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك هوقۇق، قەدىر - قىممەت، هۆرمەت ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئانىلار ۋە ئاياللار بولغان يۈكسەك هۆرمەت ئىپادىلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

«ئۇماي ئانا» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىلاهىيلاشتۇرۇلغان ئايال ئوبراز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەڭ يۈكسەك هۆرمىتى ئىپادىلەنگەن ئەڭ قەدىمدىكى رىۋايەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. مەهمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇماي» دېگەن سۆزنى «ئانا» دېگەن مەنىدە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇماي ئانا» دىن باشلانغان ئانىلارنى ۋە ئاياللارنى هۆرمەتلەش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ هەممە مەنبەلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدا «... كۈنلەردىن بىر كۈن ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ، بوشاندى» دېگەن بىر جۈملە بار. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار ئاي، قۇياش ۋە ئاسمانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئىلاه سۈپىتىدە چوقۇنغان بولۇپ، بۇ جۈملىدىكى «ئاي» سۆزى

ئىلاھ مەنىسىنى، «قاغان» سۆزى ئەلبېشى، پادىشاھ، دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئاي ئايال ئىلاھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار، ھەتتا ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ھۇجۇم، چېكىنىشلەرمۇ ئاينىڭ چىقىشى، ئاينىڭ تولۇشى ياكى ئاينىڭ تۇتۇلۇشىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇياش ۋە ئاينى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان ھونلار دەۋرىدە ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە يۇكسەك ئورۇن، ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولغاندىن سىرت ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلار ئائىلىدىكى ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپلا قالماي يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىش ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. شۇڭا ئۇيغۇر دۆلىتىدە دۆلەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى داۋاملىق قاغان ۋە خاتۇنلارنىڭ ئىمزالىرى تەڭ قويۇلۇپ تارقىتىلغان. ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدە 5چوڭ شەھەر بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىسىنىڭ نامى «خاتۇنبالىق» ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېگى سېرىق دۆلەت بايرىقىغا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ باش سۈرىتى تەڭ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقتا تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ئىدى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىدىكى ئورنىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ئەۋزەللىكلەر بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى يول قويغان ھوقۇقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان تۇنجى پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنىلا جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرۇي ۋە تېگىشلىك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىيلار دەۋرىدە مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلۈكلەرگە تەپسىلىي ئىزاھات يازغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئاياللارنى «ئۇراغۇت»، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ياكى خان جەمەتىگە تەۋە بولغان ئاياللارنى «قاتۇن»، «ئاغىچا»، «ئىنال»، «تۈركەن قاتۇن»، «ئالتۇن ئۈزۈك»، «ئەردىنى ئۈزۈك» دەپ ئاتىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئاتاقلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلار مەيلى ئوردا ئىچىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن يۇقىرى ئىمتىياز ۋە ئابرۇيلارغا ئىگە ئىدى. تارىخ مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا قاراخانىيلار ئوردىسىنىڭ ئىشىكى ئىشلىرى، مالىيە ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى ئايال ۋەزىرلەرنىڭ باشقۇرغانلىقى مەلۇم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاياللارغا خاس ئاتاق ناملىرى ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىنى، مەرتىۋە دەرىجىسىنى، ياكى ئوردىدىكى ھوقۇق -مەنسىپىنى بىلدۈرەتتى.

قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخان مىلادى 1002 - يىلى خوتەنگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشىدىن كېيىن، خوتەنگە خوتەن خەلقى تەرىپىدىن بىلىملىك، دەپ

قارالغان ۋە خوتەن خەلقى ئارىسىدا ئابرۇيى بار بىر ئايالنى خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا قالدۇرۇپ، قەشقەرگە قايتقان. خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەن بۇ ئايال خوتەندىكى دانىشمەن، ئاقساقاللارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ خوتەندىكى تەسىرى ۋە ئاۋام پۇقرانىڭ ئامانلىقى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم تارىخى ھۆججەتتۇر.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇنداق ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئىگە بولۇشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى يايلاق مەدەنىيىتىدىن قالغان ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ پارلاق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلاردىن باشلانغان بۇ خىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ تارىخى ئېقىنىنى ئۈزۈپ قويغىنى يوق. گەرچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەلۇم تارىخى دەۋرلەردە سوپىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تراگېدىيەسىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىدە ئاساسى ئېقىنىدىن چەتنەپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئائىلىدىكى رولىدا بەزى ئاجىزلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن يەنىلا تۇمارىس تۈركەن قاتۇن، ئامانىساخان، ئىپارخان، نۇزۇگۇم، مايىسخان، راھىلە خانىم، ئايخان ئانا، رىزۋانگۈل قاتارلىق تۈركۈملىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئاياللىرى يېتىشىپ چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بۈيۈك ئىزلارنى قالدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يەنە بىر پەخرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوۋېتتە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە پۈت تىرەپ تۇرماقتا.

دېمەك ئۇيغۇرلار مەيلى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىن، مەيلى ئىسلام دىنى جەھەتتىن بولسۇن ئىزچىل تۈردە بىر خىل مۆتىدىل ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئاياللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي توپلۇقىدا بىر تەرەپتىن ئېتىقادنىڭ شەرمى تەقۋادارلىرى بولالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ كاتتا تۆھپىكارلىرىغا ئايلىنالىغان. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تارىختىن بۇيان قىزلارنىڭ خەتمىسىنى قىلىش، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، قول - پۇتلىرىنى كېسىپ جازالاشتەك قەبىھ ۋاستىلەر زىنھار بولۇپ باقمىغان. ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەردە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىمۇ ئۇيغۇر تارىخىدا ناھايىتى كەمدىن -كەم ئۇچرايدۇ. ھەتتا يوق دېيەرلىك.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

«قۇرئان كەرىم»
«ئۇيغۇر تارىخى تېزىسلىرى»
«شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»
«تۈركى تىللار دىۋانى»
http://www.akademiye.org/ug/?p=440
http://www.sjrt.org/readpost.php?id=498
http://www.mslxx.cn/Art/Html/763.html
http://www.norislam.com/?viewnews _ 9707
http://www.xingbie.org/upfile/20091308263410l.pdf

http://www.islamguiden.com/kvinnan - islam.shtml#.U_O0Ovl_vkg

http://www.islambook.net/xueshu/list.asp?id=820

http://www.norislam.com/?viewnews - 15069

*2010 - يىلى، ستوكهولم*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى سېھرى كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم» چەكسىز مەنىگە ئىگە ئىلاھىي كىتاب، ئۇ ئۆزىگە سىغدۇرغان مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، موللۇقى بىلەن ئىنسانىيەت تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاجايىپ سىرلىق قىممىتىنى ياراتتى. ئۇنىڭدىكى مۆجىزە شۇكى، ئىنسانىيەت تا ھازىرغىچە ھەرقانداق ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» گە ئوخشاش يەنە بىر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى، گەرچە «قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل قىلىنغىنىغا 1400 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتى يەنىلا يۈكسەك، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردىن پەرقلىنىدۇ، كىشىلەرگە ھەرقاچان سېھرىي كۈچ بېغىشلايدۇ. شۇڭا گېرمانىيەنىڭ داڭلىق شائىرى گىيوتى مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم› ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدىغان، ھەر قېتىم ئوقۇغاندا يېڭىدىن - يېڭى مەنە پەيدا قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە».

«قۇرئان كەرىم» نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، ئۇ دىن، پەلسەپە، تارىخ، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، سىياسىي، مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەخلاق، قانۇنچىلىق، مېدىتسىنا... جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆزىدە نامايان قىلغۇچى ئىلاھىي قامۇس، ئۇنىڭ ھەربىر مەزمۇنى چەكسىز تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە چوڭ تېمىلاردۇر.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە

توختالغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ پاساھەتلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ جانلىق ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك. مول بىلىم، بېشارەت ۋە ئەدەبىي سېھرى كۈچكە تولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەرەب دۇنياسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا ئۇلۇغلىنىشىدا ئۇنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىمۇ مۇھىم بىر ئامىلدۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ چەكسىز مەنە - مەزمۇنلىرى، مىسلىسىز ئەدەبىي سېھرىي كۈچى، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن باشقا ساماۋى كىتابلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئالىملار «قۇرئان كەرىم» نى مەيلى مەزمۇن ياكى ئىپادىلەش جەھەتتىن بولسۇن تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئەينى چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھىي ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولغان، لېكىن ئۇنداق قىلالمىغان؛ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزى ئېنىق دەلىل ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ: «بەندىمىز (مۇھەممەدكە) بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا، ئاللادىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى(ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار، - ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر - كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» (27 - سۈرە «بەقەرە»، 23 - 24 - ئايەتلەر)

بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن ھازىرقىدەك دەۋردىمۇ «قۇرئان كەرىم» نى تەقلىد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ يېزىپ چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىپادىلەش جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ ئوخشىتىپ تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇمكىن بولماسلىقىدىن ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 17 ـ سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 88 ـ ئايىتىدە: «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» دەپ ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇمۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرەپتۇر.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل قىلىنىشى ئالدى بىلەن ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى. «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى قەبىلە شېۋىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئورتاق ئەدەبىي تىل بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. ئالاقىدە چۈشىنىش قىيىن بولغان نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب يېزىقىمۇ دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، مەنە ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەرىپ ـ بەلگىلەر تېخى تۇراقلىشىپ كەتمىگەن ئىدى، يېزىقتا ئالاھىدە پۇختا بولمىغان كىشىلەر خەت يېزىش ۋە ئوقۇش دېگەندىن سۆز ئاچالمايتتى. گەرچە بۇ دەۋر ئەرەب ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەن دەۋر بولسىمۇ، خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى، پەقەت قەبىلە شائىرلىرىنىڭ ساددا، قوپال، شېئىرلىرىلا ئەرەب ئەدەبىياتى زېمىنىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئەرەبلەر بۇ دەۋردە نامسىز ۋە ئەدەبىياتسىز بىر مىللەت ئىدى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ تەقدىردىلا ئەمەس،

بەلكى مەدەنىيەت ۋە تىل - ئەدەبىياتىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق ماياك بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، ئەرەب ئەدەبىي تىلى بارلىققا كەلدى ھەم بىرلىككە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت ئۇرۇقى چېچىلغان ھەربىر زېمىنغىچە ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ بىردىنبىر بۈيۈك، نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەزمۇن مەنە جەھەتتىكى چەكسىز سېھرى كۈچى ۋە ئۇسلۇبىتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر. ئۇ نوقۇل قاپىيەنى ئاساس قىلغان شېئىر ئەمەس ياكى ھېس تۇيغۇلار بايان قىلىنغان نەسىر ئەمەس ياكى ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان نۇتۇق تېكىستى ئەمەس، بەلكى كىشى قەلبىنى يورۇتىدىغان ھېكمەتلەر، ھېكايەت، قىسسىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان، تىلى ئېغىز تىلىغا يېقىن، ئىچكى رىتىمى كۈچلۈك ھەم ئاھاڭدارلىقى يۇقىرى بولغان يېگانە، يېتۈك ئەسەردۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇنچە مول، رەڭگارەڭ، تىلى شۇنداق گۈزەلكى، ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن بىرەر ساھەگە تەۋە قىلىپ قويۇشقا ياكى ئەدەبىي ژانىر جەھەتتىن بىرەر تۈرگە ئايرىغىلى بولمايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان چاغلاردا بىر قىسىم كىشىلەر: «(كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن) بەلكى ئۇ (مۇھەممەدنىڭ) قالايمىقان چۈشلىرىدۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر......» (21 - سۈرە «ئەنبىيا»، 5 - ئايەت) دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقان. بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق جاۋاب بار: «ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىپمۇ ئەمەس» (36 ـ سۈرە «ياسىن»، 69 ـ ئايەت). شۇنىسى ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم» نوقۇل شېئىرىي ئەسەر بولمىسىمۇ، لېكى شېئىردىن ھالقىغان گۈزەللىكى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن ئەينى چاغنىڭ ئۇزىدىلا كىشىلەرگە كۈچلۈك شېئىرىي تۇيغۇ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ۋە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى شەخسلىك بايانلاردۇر. «قۇرئان كەرىم» دىكى شەخسلىك بايانلار ناھايىتى جانلىق، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، شەخسلىك بايان تىلى مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمىي ئەسەرلەردە ئاساسەن كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. مىسال: «(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.» (67 ـ سۈرە «مۇلك»، 5 ـ ئايەت). «(ئى مۇھەممەد!)، سېنىڭ كۆكسۈڭنى(ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدىقمۇ؟ سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۇستۇڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق، سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۇستۇن قىلدۇق.» (94 ـ سۈرە «ئىنشىراھ»، 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ بىرىنچىسىدە ئاللاھ تائالا بىرىنچى شەخس (كۆپلۈك) نامىدا، ئىككىنچىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس نامىدا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللا نامىدا بەندىلەرگە يەتكۈزگەنلىكى ئۇچۇن، ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئومۇمەن بىرىنچى شەخس

(كۆپلۈك) تىلىدا كۆپرەك بايان قىلىنىدۇ.

«(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» (1سۈرە «فاتىھە»، 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانى سېغىنىش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللانى مەدھىيەلەش ۋە ئاللادىن مەدەت تىلەش ھېسسىياتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەچكە ئاللاھ تائالا بايان ئوبيېكتى بولغان ھەم ئىككىنچى شەخس نامىدا كەلگەن بۇ خىل شەخس نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن، ئەڭ سەمىمىي يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.

«ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى» (96 ـ سۈرە «ئەلەق»، 2 ـ 4 ـ ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئۈچىنچى شەخس نامىدا كەلگەن، بۇ خىل شەخسلىك بايان شەكلىمۇ «قۇرئان كەرىم» دە كۆپ ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى تۇنجى قوبۇل قىلغۇچى شەخس بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا بايان قىلىنغان، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس نامىدا (بايان ئوبيېكتى سۈپىتىدە) كۆپرەك ئېيتىلىدۇ: «بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ» (108 ـ سۈرە «كەۋسەر» 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللا نامىدىن سۆزلەرنى بايان قىلىشتا(كۆپىنچە دىئالوگلاردا) يەنە بىرىنچى شەخس نامىدىمۇ كېلىدۇ: «ئۇلار‹ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ› دەيدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(ئـى مۇھەممـەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» (67 ـ سۈرە «مۇلك»، 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەچكە، ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» دە ئۇ يەنە نۇقتىلىق بايان ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئۈچىنچى شەخس نامىدىمۇ ئېيتىلغان، مەسىلەن: «(يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر» (36 ـ سۈرە «ياسىن»، 69 ـ 70 ـ ئايەتلەر).

«قۇرئان كەرىم» دە بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە پەقەت ۋەكىل خاراكتېردىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

*مەنبە: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى» 1999 ـ يىللىق 1 ـ سان*

## كوچادا ئۆتكەن مەرپەتپەرۋەر ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىم

1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۇچانىڭ بوز رەڭ ئاسمىنىنى مۇسىبەت قاپلىغانىدى. كۇچا كونا شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى رەستە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئادەملەر بىر تاۋۇتنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، كونا شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا ئادەملەر پاتماي قالغانىدى. كوچىغا پاتماي قالغانلىرى كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىشقان ئىدى. كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىنسانلارنىڭ يىغا ـ زارلىرى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇلار ئالدىلىرىغا ئىنتىلەتتى، قوللىرىنى ئۇزارتىپ تاۋۇتنى تۇتۇشقا تىرىشاتتى. تاۋۇتقا يېقىنلىشالمىغانلار نىڭ تۇتۇپ مېڭىشى ئۈچۈن تاۋۇتقا نەچچە ئون تال خادا ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز مېتىرلىق ئارقانلار باغلانغانىدى. تاۋۇت رەستە مەسچىتى ئالدىدىن ئانچە يىراقلىقتا بولمىغان دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ مېڭىلىۋاتاتتى. بىراق ئادەملەرنىڭ زىيادە زىچلىقىدىن تاۋۇتنى ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتاتتى. ئادەملەر تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن دۆڭ مەھەللىگە قاراپ، سەلدەك ئاقاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياي توقسۇ، شايار، ئاقسۇ، كورلا قەشقەر، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىلەردىن كەلگەن مىڭلىغان ئادەملەر بار ئىدى. تاۋۇت ئاخىر ھېسابتا دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ كېلىندى. ئارقىدىن دەپنە قىلىنىپ، قەبرە توپىسى دۆۋىلەندى. قەبرىنىڭ نىشانسىز قالماسلىقى ئۈچۈن بىر تاختايغا نام ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتىقى يېزىلىپ، قەبرە بېشىغا ۋاقىتلىق سانجىپ قويۇلىدى. تاختايغا «مەرھۇم مۇسايىپ داموللا ھاجىم» دەپ يېزىلغانىدى.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم كۇچا خەلقىنىڭ روھى تۈرۈكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتۈك شاگىرتى ئىدى. بۈگۈن ھەققەتەن كۇچا ئاسمىنىدىن بىر يارقىن يۇلتۇز ساقىغانىدى. ئۇ خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان دىنىي ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات، ئىلىم - ئېرپانىي مول ئۇستاز ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئىلىم - ئېرپانغا باشلاپ، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى ئۆگۈتلىرىگە جور بولىدۇ، مۇتەئەسسىپلىككە، قالاقلىققا قارشى ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كۇچاغا قايتقاندىن كېيىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، جەمئىيەتتە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. رىياكار موللىلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە يات قالاق ئادەتلىرىگە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، نامرات، يېتىم - يېسىر، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ، خاتا ئەقىدىنىڭ ۋىرۇسلىرى بىلەن يۇقۇملانغان خەلققە ئىمانىنىڭ شىپالىق مەلھەملىرىنى ئاتا قىلىدۇ. رىياكارلىقنىڭ تۇمانلىرىدا قاراڭغۇلاشقان دىللارغا يېڭىدىن ئۈمىد ۋە يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، كۇچاغا قايتىپ كەلگەن چاغلىرى يېشىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن قىران چاغلىرى بولۇپ، 35 ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنىڭ بۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى ئۇنىڭ خەلققە سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ مېۋىسى ئىدى.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم 1884 - يىلى كۇچا ناھىيە بېھشباغ يېزىسىنىڭ شوركۆل كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى ئېلاخۇن يېزىنىڭ بېگى ئىدى. مۇسايىپ داموللا ھاجىم ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ۋاقتىدا يېزىسىدىكى ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇستازىدىن دىنىي ئىلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن موزدۇزلۇق كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. 1904 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە شەھەرگە كىرىپ، كۇچا كونا شەھەردىكى ھاشىم قازى ھاجىمنىڭ مەدرىسىدە 5 يىل ئوقۇيدۇ. مۇسايىپ داموللا ھاجىم كىچىكىدىن تىرىشچان، زېھنى ئۆچۈق بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇستازى ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ، داۋاملىق ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. قەشقەر خانلىق مەدرىسىسى ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمىدا نامى بار مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يەردە ئابدۇقادىر داموللام، موللا ئىسلام داموللام، شەمشىدىن داموللام قاتارلىق يېتىلگەن ئۇستازلار بار ئىدى. ئۇ قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ 1909 - يىلدىن 1919 - يىلىغىچە ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇ بۇ 10 يىل جەريانىدا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئۇستازلاردىن ئىلىم ئالغاندىن سىرت، قازى ئوبۇل قاسىم ئاخۇنۇم، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخسۇم، ئىمىن ھاجى خەلپىتىم، ھامۇت مۇپتى خەلپىتىم، قۇتلۇق شەۋقى، موللا سابىت خەلپىتىم، ئابدۇللا نەئىم تۇرپانى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقتىدا ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ئۇنىڭغا ئىخلاس ۋە ئىشەنچ قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدىنى يۈكلەيدۇ.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا كۇچا خەلقى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە ئىلىمسىزلىكنىڭ قارا قازىنىدا

www.uyghurkitap.com

قاينىلىپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان مەزگىل ئىدى. خەلقنىڭ گەجگىسىگە ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىدىن سىرت رىياكار مولىلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقىدىن شەكىللەنگەن قارا كۈنلەرمۇ يۈكلەنگەنىدى. بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەنگەن مۇسايىپ دامولىلا ھاجىم، ھەممە ئىشنى مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىدىن باشلاشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئۆزى ئوقۇغان ھاشىم قازى ھاجىمنىڭ مەدرىسىدە، كېيىن كۇچئېرىق بويى مەدرىسىدە 12 يىل مۇدەررىسلىك قىلىدۇ، ئاخىردا ساقساق مەدرىسىگە يۆتكىلىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە شۇ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان مەدرىسلەردە بۇرۇنقى يالغۇز دىنىي ئوقۇتۇش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان كونا ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا زور ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. دەرسلىكلەرگە ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، تېبابەت قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ، ئوقۇتۇش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىزچىل تۈردە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنىكى خۇراپاتلىقنى، دىنىي بىدئەتچىلىكنى سۆكىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. شۇڭا ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچراپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر كۇچاغا كېلىپ، مۇسايىپ داموللامدىن تەلىم ۋە ئىلىم ئالىدۇ.

1933 ـ يىلى كۇچادا ئابلىمىت مەخسۇم باشچىلىقىدا يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى باشلىنىپ، پەننىي مەكتەپ قۇرۇلىدۇ. مۇسايىپ داموللاھاجىم بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ. ئۇ مەدرىسىدىكى تالىپلارنى دىنىي بىلىپ ئۆگىنىشتىن سىرت پەننىي مەكتەپكە بېرىپ، زامانىۋى، يېڭىچە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇ پەننىي مەكتەپنى

قولـلاش يۈزىسـىدىن ئوغلـى تالىـپ مەخسۇم ۋە خاتىـم مەخسۇم، ئـاۋۇدۇن قارىملارنـى پەنىنـي مەكتەپكـە ئوقۇتقۇچـى بولۇشـقا ئەۋەتـىدۇ. 1946 ـ يىلـى ئەخمەتجـان قاسـىم باشـچىلىقىدىكى شـەرقى تۈركىسـتان ھۆكۈمىتىنىـڭ ۋەكىللـىرى بىلـەن گومىنـداڭ ھۆكۈمىتىنىـڭ ۋەكىللـىرى ئۈرۈمچىـدە 11 ماددىلىـق بىتىـم تـۈزۈپ، بىرلەشـمە ھۆكۈمـەت تەشـكىللىگەندە كۇچـا خەلقىگـە ۋاكالىتـەن ۋەكىـل بولـۇپ، ھامـۇت مەۋلـى داموللاھاجىـم بىلـەن بىرلىكتـە ئۈرۈمچىگـە بېرىـپ، ئەخمەتجـان قاسـىم بىلـەن كۆرۈشـىدۇ ۋە ئەخمەتجـان قاسـىمغا كۇچـا خەلقىنىـڭ دەرد ئەھۋالىنـى، ئـارزۇ ـ تەلەپلىرىنـى يەتكۈزىـدۇ. شۇ يىلـى 11 ـ ئايـدا كۇچـادا تۇرۇشلۇق گومىنـداڭ ئارمىيەسـى كۇچـا تارىخىـدا مەشـھۇر بولغـان «ھورۇنباغ ۋەقەسـى» نـى پەيـدا قىلىـپ، بىگۇنـاھ كىشـىلەرنى قىرغىـن قىلىـدۇ. مەرىپەتپـەرۋەر، ئىلىـم سـۆيەر ۋە تەرەققىيپـەرۋەر كىشـىلەر بولغـان يېڭىچـە مائارىـپ ھەرىكىتىنىـڭ باشـلامچىلىرىدىن ئىبىـز يۈسـۈپ، مۇھەممەتنىيـاز ناسـىروپ، ئابلىـز ھامـۇت قاتارلىقلارنـى تۇتقـۇن قىلىـدۇ. مۇسايىپ داموللاھاجىم بۇلارنى قۇتقـۇزۇش ئۈچۈن ئاممىنـى ھەرىكەتلەنـدۈرۈپ، ئـۆزى بـاش بولـۇپ، «قۇتقـۇزۇش ھەيئىتـى» تەشـكىللەپ، گومىنـداڭ ئارمىيەسـىنىڭ ئەمەلدارلىـرى بىلـەن كۆرۈشـىدۇ. مۇسايىپ دامولـلا ھاجىم گومىنداڭ ئارمىيەسـىگە كېپىـل بېرىـپ، تۇتقـۇن قىلىنغانلارنـى قۇتقـۇزۇپ چىقىـدۇ.

مۇسـايىپ داموللاھاجىـم دىيانەتلىـك ھـەق ـ ئادالەتلىـك زات ئىـدى. جەمئىيەتتىكـى قالاقلىـق، خۇراپاتلىـق، بىدئـەت ئىشـلارغا قارشـى ئىـدى. ئوقۇغۇچىلىرىنـى بـاي ـ كەمبەغـەل دەپ ئايرىمايتتـى. ئەينـى چاغـدا ئادەتكـە ئايلانغـان ئۆشـرە ـ زاكات، نامـاز ھەققـى ئېلىشـتەك ئادەتلەرگـە قارشـى ئىـدى. شۇ يىللاردا پۈتـۈن جەمئىيەتتـە ناماز ھەققى ئېلىش ئومۇمىي يۈزلۈك ئادەتكـە ئايلانغـان بىدئـەت بىر ئىش بولۇپ، ئۆلۈملۈك بولغان،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغان نامرات ئائىلىلەرگە ئورۇنسىز ئېغىر يۈك ئىدى. جىنازا نامىزىغا كەلگەن كىشىلەرگە ئاز دېگەندە بىر ـ ئىككى تەڭگە، ئىماملارغا ئات ـ قېچىرغىچە سوغا قىلىناتتى. نامرات بەزى ئائىلىلەردە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، ناماز ھەققى تارقىتىدىغانغا پۇلى يوق مېيىتنىڭ نامىزى ئوقۇلماي، مېيىت ئۆيدە بىرقانچە كۈن، ھەتتا ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى. بەزى ئائىلىلەر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆي ماكانلىرىنى، مال ـ چارۋىلىرى ياكى ئېتىز ـ يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىگىلىكى ۋەيران بولاتتى. مۇسايىپ داموللام بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، بىر قېتىملىق مېيىت نامىزىدا ناماز ھەققى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ ۋە بۇنى قۇرئان، ھەدىسلەر بىلەن شەرھلەيدۇ. گەرچە بۇنىڭغا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ موللىلار قارشى چىقىپ، ئادەم توپلاپ جېدەل چىقىرىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ھامۇت مەۋلى داموللاھاجىم، ئابدۇللا مەخسۇم، سايىم داموللا ھاجىم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا ناماز ھەققى ئېلىش شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالىدۇ.

مۇسايىپ داموللا ھاجىپ بىلىمى مول دىنىي ئۆلىما، تەجرىبىلىك مائارىپچى، قابىلىيەتلىك ئۇستاز ئىدى. ئۇ 37يىللىق مۇدەررىسلىك ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن شاگىرتلار كېيىنچە يالغۇز كۇچادىلا ئەمەس تارىم، جۇڭغار بوستانلىقلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن، مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلى بولۇپ، نام چىقىرىدۇ. مەسىلەن: كۇچادىن ھەسەن داموللا ھاجىم، سىدىق قارىھاجىم، نەجمىدىن داموللام، تالىپ مەخسۇم ھاجىم، نىياز داموللام.... شاياردىن نامان داموللا ھاجىم، ئۆمەر كاتىپ،

شىرىپ داموللام، ئابدۇخالىق مەخسۇم.... توقسۇدىن ئىسمائىل داموللا ھاجىم، ئابدۇللا داموللا ھاجىم، ئابلىز داموللا ھاجىم.... بايدىن يۇنۇس داموللا ھاجىم، ئەمەت داموللا ھاجىم..... بوگۇردىن ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم... ئاقسۇدىن مەمتىمىن ھاجىم، قاغىلىقتىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم، كورلىدىن ھىدايەتۇللا داموللا ھاجىم، ئۈرۈمچىدىن ئابىت داموللا ھاجىم، تۇرپاندىن شاھمەردان داموللاھاجىم قاتارلىقلار ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئىلىم سۆيەر شاگىرتلار ئىدى.

مەرھۇم مۇسايىپ داموللا ھاجىم ياتقان دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقى كۇچا كونا شەھەردىكى ئەڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بىرى نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ساھىبخانلىق قىلىپ كەلمەكتە. مېنىڭ ئانا جەمەت ئەجدادلىرىمنىڭ قەبرىلىرىمۇ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا بولۇپ، رەھمەتلىك ئاناممۇ 2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ چوڭلار بىلەن بىرگە بۇ قەبرىستانلىققا نۇرغۇن قېتىم بارغان بولساممۇ، ئەمما مۇسايىپ داموللا ھاجىمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئەقلىمگە كەلمەپتىكەن. مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 60 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھۆرمەتلىك زاتنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن ۋە روھىغا جانابى ئاللادىن ئەمىنلىك تىلەيمەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قاھار نىياز، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى ئومۇمىي 5 ـ سان

كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

«كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى

*2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى*

شىۋېتسىيە، ستوكھولم.

## مەن كۆرگەن هامۇت مەۋلىۋى داموللاهاجىم

80 - يىللارنىڭ بېشىدا كۇچا كونا شەھەردىكى رەستە بازىرى مەركىزى بازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردە رەستە مەسچىتىگە قاراشلىق دۇكانلاردىن سىرت، رەستىدىكى مەيدانىڭ ئەتراپىدىمۇ بىر مۇنچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بار ئىدى. ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بارىدىغان تاشما كوچىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى بوشلۇقتا سودىگەرلەرنىڭ لاپاسلىق بازىرى جايلاشقان بولۇپ، بۇ بازار چوڭ سايىغا سىڭىنغان ئەسلىدىكى ياغاچ كۆرۈكنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. بۇ ياغاچ كۆرۈك كېيىن چېقىپ تاشلىنىپ، 1985 - يىلى ئۇنىڭ يۈز مېتىر شىمالىغا ھازىرقى «كۆسەن كېچىكى» نامىدىكى بېتون كۆرۈكنى سالدى. پۈتۈن رەستە بازىرى جۈمە كۈنلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئادەملەرنىڭ زىچلىقىدىن بازاردا بىرنەرسە ئېلىش تۈگۈل، مېڭىشمۇ شۇنچىلىك قىيىن ئىدى. بازاردىكى ئالارمەن ۋە ساتارمەنلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن ئاجايىپ جانلىق بىر مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رەستە مەسچىتىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان پۈتۈن بازار ھەرىكەتتىن توختاپ، ئادەملەر تۇرغان ئورۇنلىرىدا زوڭ ئولتۇرۇشۇپ، مۇڭلۇق ئەزانغا قۇلاق سالاتتى، ئېتىراپنى تۈيۇقسىز شۇنچىلىك جىمجىتلىق باساتتىكى، بۇ ھالەت خۇددى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان تىلسىم قىلىنغان شەھەرگە ئوخشاپ قالاتتى. پەقەت مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىلا شەھەر ئاسمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەزان ئاۋازى توختىغان ھامان بازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتىدىن ئەسلىدىكى قاينام - تاشقىنلىق ھالىتىگە كىرەتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئائىلىنىڭ كىيىم - كېچەك دۇكىنىمۇ دەل ئاشۇ رەستىدىكى لاپاسلىق سودىگەر بازىرىدا ئىدى. مەن بازار كۈنلىرى ۋە يازلىق تەتىللەردە ئۆيدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، دۇكانغا قارىشىپ بېرەتتىم. 9 - سىنىپنى تۈگەتكەن يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بازارغا ئوتتۇرا بويى، سېمىزرەك، يۈزلىرى گۆشلۈك كەلگەن، ئۇچىسىغا ئاق كاسا تون بىلەن ئاق ئىشتان كىيگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بازاردىكى دۇكاندارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزغىن سالاملاشقىلى تۇردى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئالدىغا بېرىپ، سالام بېرىپ، كۆرۈشتۈم. ئۇ ئادەمنىڭ سالاپىتىدىن ۋە سودىگەرلەرنىڭ «ھاجىمكا» دەپ ئاتاشلىرىدىن ئۇ ئادەمنىڭ دىنىي مۆتىۋەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلساممۇ، ئامما كىملىكىنى بىلەلمىگەنىدىم. كېيىن باشقىلاردىن ھىندىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئانام بۇ ئادەم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندەك قىلغانىدى.

ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئابدۇرېھىم قارىم بىلەن ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى كۇچادا ئېلىپ بارغان چوڭ تۇتقۇندا بىرلىكتە تۇتقۇن بولغانىكەن. كېيىن ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم تۈرمىدىن چىقىپ، ساقا - سالامەت كۇچاغا قايتىپ كېلىپتۇ. بۇ تۇتقۇن ھەققىدە كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرىدا تەپسىلىي بىر ئەسلىمە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىمىدە جەمئىي تۇتقۇن قىلىنغان 87 ئادەمنىڭ ئىسمى بېرىلگەن. ئەسلىمىدە ئانامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى 21 - ئورۇندا ئۇچرايدۇ ۋە تۇتقۇن بولغانلاردىن پەقەت ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم قاتارلىق 8ئادەمنىڭلا تۈرمىدىن

چىقىپ، ساق ـ سالامەت كۇچاغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئانامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ ۋەقە 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كۇچادا يۈز بەرگەن بولۇپ، تۇتقۇن بولغان شۇ كېچىسى ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم ساقساقتىكى ئۆيىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇندىن ئامان قالىدۇ. ئەمما بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ، ساقچى ئىدارىسى ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىمنى دەرھال قولغا ئالىدۇ. ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم تاكى 1943 ـ يىلىغىچە ئاقسۇدا تۈرمىدە يېتىپ، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ يۇرتى كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم كۇچادىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ساناقلىق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، كىچىك پېئىل ئىنسان ئىدى. ئۇ 1898 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئۆزۈن يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى دىنىي بىلىملەرنى ئۆز يېزىسىدىكى مەدرىسىلەردە ئالىدۇ. 17 ياشلارغا كىرگەن مەزگىلىدە كۇچا شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئەينى دەۋردىكى كۇچانىڭ مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىمالىرى ھېسابلانغان ئىبراھىم قۇززات ئاخۇنۇم، ھاشىم قازى كالان، ئابدۇمىجىت داموللام قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەردىن دىنىي بىلىم ئالىدۇ. 1922 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىستە ئوقۇيدۇ. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى 1928 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە بېرىپ، دىۋبەند دارىلئولۇمغا ئوقۇشقا بېرىپ، مەۋلىۋى ئۇنۋانىنى ئالىدۇ[1]. 1935 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ كۇچاغا قايتىپ

[1] كۇچادا ئۆتكەن تارىخى شەخسلەر،158 ـ بەت، شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى، 1 ـ نەشرى

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كۇچا خانىقا مەسچىتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان مەھكىمە شەرئىگە قازى كالان بولىدۇ.

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا كۇچا خەلقى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە ئىلىمسىزلىكنىڭ قارا قازىنىدا قاينىلىپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان مەزگىل ئىدى. خەلقنىڭ گەجگىسىگە ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىدىن سىرت رىياكار موللىلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقىدىن شەكىللەنگەن قارا كۈنلەرمۇ يۈكلەنگەنىدى[1]. ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىمغا ياردەملىشىپ، ناماز ھەققى ئېلىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. 1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىم باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندە كۇچا خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋەكىل بولۇپ، مۇسايىپ داموللا ھاجىم بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىم بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئەخمەتجان قاسىمغا كۇچا خەلقىنىڭ دەرد ئەھۋالىنى، ئارزۇ - تەلەپلىرىنى يەتكۈزىدۇ.[2]

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم تاكى مەھكىمە شەرئى ئەمەلدىن قالغۇچە قازى كالانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ قازى كالان بولغان مەھكىمە شەرئىنىڭ ئورنى ھازىرمۇ كۇچا كونا شەھەردىكى خانىقا مەسچىتىنىڭ ئىچىدە بار بولۇپ، مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۇچا خانىقا مەسچىتى سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە سېلىنغان 500 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەسچىت بولۇپ، بىزنىڭ ئۆي ئاشۇ مەسچىتنىڭ يېنىدا

[1] «مەرىپەت ژۇرنىلى» 2017 - يىللىق 1 - سان 50 - بەت
[2] «مەرىپەت ژۇرنىلى» 2017 - يىللىق 1 - سان 51 - بەت

ئىدى. ئاتاممۇ 90 ـ يىللاردا بۇ مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، مەسچىتنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇش ۋە يېڭىدىن سىرلاش ئىشلىرىنى بېجىرگەن ئىدى. مەن كىچىككىمدىن باشلاپ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى مۇشۇ مەسچىتتە ئوقۇغاندىن سىرت، بىكار ۋاقىتلىرىمدا مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىرلىكتە مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئوينايتتىم. شۇ چاغلاردا ھامۇت داموللا ھاجىم قازى كالانلىقتا ئولتۇرغان مەھكىمە شەرئىنى داۋاملىق كۆرەتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم بىلەن مۇشۇ خانىقا مەسچىتتە بىر قانچە قېتىم كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم.

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم 1955 ـ يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمىكىنىڭ زاغۇن باشلىقى سۈپىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بارىدۇ ۋە پادىشاھ خالىد ئابدۇلئەزىزنىڭ كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەج ئۆمىكى ھەجدىن يېنىپ، قاھىرەدە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن مىسىرغا چۈشكەندە پرېزىدېنت جامال ئابدۇل ناسىرمۇ يۇقىرى ئىززەت ـئېھرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مىسىردىن يېنىپ ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيەگە بارغاندىمۇ شۇ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.[1]

ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم دىنىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئاددىي ـ ساددا، چىقىشقاق، كەمتەر مىجەزى، ئادىل ۋە تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ ۋە جامائەت ئارىسىدا يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ مۇھەممەت سالىھ ھاجىم تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان ساناقلىق

[1] كوچادا ئۆتكەن تارىخى شەخسلەر، 160 ـ بەت، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى، 1 ـ نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنىي مۆتىۋەرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشىغا زور تۆھپە قوشىدۇ.

دىنىي بىلىم ۋە ئىنسانىي پەزىلەتتە ئۆزگىچە خاس ئۈلگە ياراتقان بۇ زات 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يۈرەك كېسىلى بىلەن 93 يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەۋلانەم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. مەۋلانەم قەبرىستانلىقى 1354 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋە پۈتۈن كۇچا رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىغا زور تۆھپە قوشقان مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ نامىدا ئاتالغان قەبرىستانلىق بولۇپ، مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەرگە جايلاشقان. بۇ يەر كۇچادىكى مەشھۇر تارىخىي زىيارەتگاھلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختىن بۇيان بۇ قەبرىستانلىققا مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سىرت كۇچادا ئۆتكەن نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالار دەپنە قىلىنغاندۇر. ئەمما يېقىنقى مەزگىلدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ھۆكۈمەت پەقەت مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ قەبرىگاھىنى سىمۋول خاراكتېرلىك ساقلاپ قالغاندىن سىرت باشقا قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ، تۈزلىۋەتكەن. ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىمنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ قاتاردا چېقىپ تاشلانغان. مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاللادىن جەننەت تىلەيمىز.

پايدىلانمىلار


كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997 - يىلى، 1 - نەشرى

«مەرىپەت» ژۇرنىلى 2017 - يىللىق 3 - سان

## ئۇنتۇلغان ئۆلىما ئابلا قارىھاجىم

مەن كىچىك ۋاقتلىرىمدا ھويلىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى بولىدىغان. ئۈجمە دەرىخىنىڭ غوللىرى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، غول شاخلىرى ئەتراپىغا نەچچە ئون مېتىرلىق دائىرىگىچە سوزۇلاتتى. ئاتامنىڭ دېيىشىچە بۇ ئۈجمە دەرەخلىرى ئاتامنىڭ ئاتىسىنىڭ زامانىدىن ئىلگىرىمۇ بار بولۇپ، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن تېگى شايارلىق ئابدۇرەقىپ قارىھاجىم ۋە ئاكىسى ھەسەن ھاجىملار ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئاتامنىڭ بۇ ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان تەۋەررۇكلەر ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ باشقىلارغا ئۈجمە ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىمىدى. ئاتام ئاچچىقى يامان مىجەزى چۇس ئادەم بولۇپ، ئادەتتە باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاسانلىقچە دېمەيدىغان ئادەم ئىدى، پەقەت ئۆزى ھۆرمەت قىلغان ۋە چوڭ بىلگەن ئادەملىرىگىلا مۇشۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. شۇ قېتىمقى سۆھبەت جەريانىدا ئاتام يەنە 1958 ـ يىلى كوچادا يۈز بەرگەن سۇ ئاپىتىدە قوشنا ـ قولۇملارنىڭ مۇشۇ ئۈجمە دەرىخىگە چىقىۋېلىپ جان ساقلىغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى.

ئاتامنىڭ ئۈجمىلەرگە ئالاھىدە ئىشتىياقى بار ئىدى. ئاتامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هەر يىلى ئۈجمە پىشقىدا بامدات نامىزىدىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئۈز قولى بىلەن ئۈجمە تېرىپ يېيىش ئىدى. قوشنا - قولۇملار، مەھەللىدىكىلەر، ھەتتا يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ ھويلىمىز ئالدىغا كېلىپ، ئۈجمە يېسە ئاتام شۇنچىلىك خۇشال بولاتتى. لېكىن كەپسىز باللارنىڭ ئۈجمە دەرىخىگە چىقىپ، ئۈجمەلەرنى قېقىۋەتسە ياكى شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتسە ئاتامنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كېلەتتى. «ئۈجمە دېگەن جەننەتنىڭ مېۋىسى، ئۇنى خار قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ، كايىيتتى.

تام قوشنىمىزنىڭ بىر قانچە باللىرى بولۇپ، بىر ئاز كەپسىز ئىدى. ئۇلار بەزىدە ئۈجمە دەرەخلىرىگە چىقىۋېلىپ، ئۈجمەلەرنى قېقىۋېتەتتى ياكى ئۈجمەلەرنى شېدىشاپقا ئۇگلاپ قاقالماي، زايە قىلىۋېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاتامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ئەگەر ئابلا قارى ھاجىمنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، ئەدىبىڭلارنى تازا بەرگەن بولاتتىم. قارى - قۇرئان ئادەمنىڭ نەۋرىلىرىمۇ مۇشۇنداق كالانپاي چوڭ بولۇپ قالىدىكەن» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. كېيىن يەر دەۋاسى بىلەن بۇ قوشنىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز سەل يىراقلاپ كەتتى. شۇ چاغدىمۇ ئاتامنىڭ ئېغىزىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ چاغلاردا مەنمۇ تېخى بالا، گۆدەك بولغاچقا ئاتامنىڭ ئابلا قارىھاجىم ھەققىدىكى بايانلىرىغا ئانچە زەن قويمىغانكەنمەن. كېيىن مەنمۇ چوڭ بولدۇم، ئوقۇشقا كەتتىم، يۇرتتىن ئايرىلدىم، يىللار ئۆتكەنچە ئەسلىمىلەرمۇ خىرەلەپ كەتتى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئابلا قارىھاجىم دېگەن بۇ ئىسىم كاللامدىن ھېچ ئۆچمىگەنىدى. ئاتامنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئەسلەشكە شۇنچە تىرىشتىم، ئەمما غۇۋا بايانلاردىن باشقا ھېچنېمىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. مەندە ئابلا قارىھاجىم ھەققىدە بىر نەرسە

يېزىش ئۈستىكى قوزغالغاندىن باشلاپ، بار ئىمكانىيەتلىرىمدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ چىقتىم، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدىن ئىزدىدىم، ئەمما ئابلا قارىھاجىم ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ھەتتا «كۇچادا ئۆتكەن تارىخى شەخسلەر» دېگەن كىتابقىمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلمىگەنىدى.

ئاتامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارغا كۆرە، ئابلا قارىھاجىم ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ كۇچا كونا شەھەردە ياشاپ ئۆتكەن دىنىي ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا كۇچادىكى داڭلىق ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىپ، نام چىقارغان. ئابلا قارىھاجىمنىڭ ئاتىسى كۇچا كونا شەھەردىكى رەستە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇپ، 1930 - يىلى ئابلا قارىھاجىم ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ رەستە مەسچىتىگە ئىمام بولغان.

رەستە مەسچىتى كۇچادىكى نامى بار مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1908 - يىلى سېلىنغان، ئومۇمىي كۆلىمى 3330 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تەخمىنەن 1500 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. رەستە مەسچىتى كۇچا كونا شەھەرنىڭ مەركىزىگە، «كوسەن كېچىكى» دەپ ئاتالغان كۆرۈكنىڭ دەل ئۇدۇلىغا جايلاشقان بولۇپ، كونا شەھەر مەركىزىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى ھېسابلىنىدۇ. مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ دۇكانلار سېلىنغان بولۇپ، دۇكانلاردىكى قول - ھۈنەر بۇيۇملىرى مەسچىتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە تېخىمۇ گۈزەل ۋە قەدىمىي تۈس بەرگەن.

ئابلا قارىھاجىم 1894 - يىلى كۇچا كونا شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇ 1935 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئوقۇشى ۋە ھەج پەرزىنى تاماملاپ، كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسايىپ

داموللا ھاجىم، ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتە قالاق ئادەتكە ئايلانغان دەپنە ئىشلىرىدىكى مۇرەككەپ قائىدە - يوسۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، دىندىكى بىدئەت ئەقىدىلەرنى يوقىتىپ كىشىلەرنىڭ ئىغىرچىلىقلىرىنى ئازايتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇ مەدرىسىلەردە تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي بىلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئابلا قارىھاجىمنىڭ زامانداشلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئابلا قارىھاجىم ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن ئىستىبداتلىق، يۈرەكلىك ياش بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللىرى قەشقەر ۋە ئاقسۇلاردا نەشر قىلىنغان ھەر خىل نەشر ئەپكارلىرىدا جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى ھەققىدە قولۇمدا ھېچقانداق بىر پاكىتلىق ئىسپات يوق. بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ۋە ئىمكانىيەتلىرى يار بېرىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، يەنى قۇربان ھېيت كۈنى كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسى 65 - بىرگادىسىنىڭ 383 - پولكىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئەسەبىيلىشىپ، كۇچا كونا شەھەردىكى ئاھالىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، قىز - ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ۋەھشىيلىك قىلىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان ئابلا قارىھاجىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى توسماقچى بولىدۇ، بىراق قانخور گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئابلا قارىھاجىمنى قاتتىق ئۇرۇپ

يارىلاندۇرىدۇ. ئابلا قارىھاجىم بۇ ۋەقەدىن كېيىن پالەچ بولۇپ قالىدۇ. كېيىن داۋالىنىش جەريانىدا سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئابلا قارىھاجىم كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ھەرىكەتلەر جەريانىدا خەلق بىلەن بىر سەپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىگە شېرىك ئىزدەيدۇ. شۇڭا ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان ھامان تارتىپ چىقىرىلىپ، «ئەكسىلئىنقىلاپچى» قالپىقى كىيگۈزۈلىدۇ. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنىپ خارلىنىدۇ. 1977 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىنغان ئابلا قارىھاجىم كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ نامى 1980 - يىلى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ نامى خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نامىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە ئابلا قارى ھاجىم كۇچادا ياشاپ ئۆتكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى نامى ئەل ئارىسىغا تارقالغان ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىن ھەقىقىي ئورۇن ئالغان دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى زور ئىدى. ئابلا قارى ھاجىم كۇچاردىكى مەدرىسىلەردە، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە، ئاندىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مىسىردا ئوقۇغان مۇھەممەت ئىمىن قازى ھاجىم، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇغان مۇسايىپ داموللا ھاجىم، ھىندىستاندا ئوقۇغان ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىملار بىلەن تەڭ قاتاردا سانىلاتتى.[1]

---

[1] كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى (6) 60 - بەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئامبىرى

مەنبە ۋە پايدىلانمىلار:

«كۇچا تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى
«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى»، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى، 2004 ـ يىلى
ئاتامنىڭ ئەسلىمىلىرى

*2017 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ستوكھولم*

## شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار ئارىسىدىكى قولیازما «قۇرئان» لار

شۋېتسىيە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپ ساقلىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسى، شۋېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى قاتارلىق بىر قانچە ئورۇنغا مەركەزلەشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى بىلەن شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسى ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم دىنىي كىتابلار ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلار بولۇپ، بۇ دىنىي كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن تەخمىنەن 10 پارچىغا يېقىن قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان» نۇسخىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ «قۇرئان» نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قاچانلاردا كۆچۈرۈلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئېنىق يىلنامىلىرىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ «قۇرئان» نۇسخىلىرىنى سېتىۋالغان ۋە ساقلىغان تۈركولوگ گۇننار ياررىڭنىڭ ۋە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىغا ئاساسەن مەلۇم سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ قولیازما قۇرئانلارنىڭ بىر قىسمىنى گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كاشىغەرگە قىلغان سەپىرى جەريانىدا قەشقەردىكى كىتابپۇرۇشلاردىن سېتىۋالغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر، يەكەن ۋە يېڭى ھىسارلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىسسىئونېرلىرى سېتىۋالغان.

شىۋېت مىسسىئونېرلىرى 1890 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئاكتىپ پائالىيەتلەردە بولغان. شىۋېت مىسسىئونېرلىرى ئارىسىدىكى يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا شىۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ پائالىيىتى 1930 ـ يىللاردىن كېيىن ئاساسەن تەقىب، بېسىم ۋە كونترول ئاستىدا بولغان بولۇپ، ھەر خىل پائالىيەتلىرى زور دەرىجىدە چەكلەنگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ قول يازما «قۇرئان» نۇسخىلىرىنى سېتىۋېلىشىنى 1930 ـ يىللاردىن بۇرۇن بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇيرۇتۇشى بىلەن مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ۋە قولىيازما سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغان گۇننار ياررىڭنىڭ سەپىرى دەل 1929 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك بۇ توختىلارنى نەزەرگە ئالغاندا بۇ قولىيازما «قۇرئان» نۇسخىلىرىنى ئاز ھېسابلىغاندىمۇ 100 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ قولىيازما «قۇرئان» نۇسخىلىرىنىڭ 9پارچىسى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ گۇننار ياررىڭنىڭ نامىغا بېغىشلانغان «گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قول يازمىلار توپلىمى» قاتارىدا ساقلىنىۋاتقان بولسا يەنە 4 پارچىسى مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسىنىڭ ماتېرىياللار ئامبىرىدا ساقلانماقتا. لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قول يازمىلار توپلىمى» نىڭ مۇندەرىجىسى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردىن جەمئىي560 پارچە قول يازمىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1 ـ قۇرئـان، لوُنـد ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 15].

بـۇ قۇرئـان شىۋېتسـىيە مىسسـىئونېرى گۇننـار ھېرمانسـون تەرىپىدىـن سـېتىۋېلىنغان بولـۇپ، ھىجرىيـە 1347 ـ يىلـى جامادىيەلئـەۋۋەل ئېيىنىـڭ 29 ـ كۈنـى يەنـى مىلادىيـە 1929 ـ يىلـى 6 ـ ئايـدا يەكەنـدە قـول بىلـەن كۆچۈرۈلـۈپ تاماملانغـان. قۇرئاننىـڭ ئېگىزلىكى 23.5 سـانتىمېتىر، كەڭلىكـى 15 سـانتىمېتىر كېلىـدۇ، جەمئىـي 87 بـەت.

2 ـ قۇرئـان، لوُنـد ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغـان تىزىملىكتىكى نومۇرى: [ياررىـك پـرو 106]. بـۇ قۇرئـان جەمئىـي 335بـەت بولـۇپ، ئېگىزلىكـى 20 سـانتىمېتىر، كەڭلىكـى 11 سـانتىمېتىر. بـۇ قۇرئاننـى گۇننـار ياررىـڭ 1929 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىـڭ 16 ـ كۈنـى قەشـقەردە كىتابپـۇرۇش روزىئاخۇندىـن 5 سـەرگە سـېتىۋالغان.

ئەممـا بـۇ قۇرئـان ھىجرىيـە 1307 ـ يىلـى، مىلادىيـە 1889 ـ 1890 يىللىـرى ئەتراپىـدا مۇھەممـەد يۇسـۇپ ھاجـى بىـن تاجـى تەرىپىدىـن كەشـمىرنىڭ سـرىناگار دېگـەن يېرىـدە كۆچۈرۈلگـەن.

3 ـ قۇرئـان، لوُنـد ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 110].

بـۇ قۇرئـان جەمئىـي 304 بـەت بولـۇپ، ئېگىزلىكـى 16،5 سـانتىمېتىر، كەڭلىكـى 11 سـانتىمېتىر كېلىـدۇ. بـۇ قۇرئاننـى گۇننـار ياررىـڭ ئىسـتانبۇلدىن سـېتىۋالغان بولـۇپ، ھىجرىيـە 1286 ـ يىلـى، مىلادىيـە 1869 ـ 1870 يىللىـرى كۆچۈرۈلگـەن.

4 ـ قۇرئـان، لوُنـد ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 254].

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ قۇرئان جەمئىي 296بەت بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان. قۇرئاننىڭ ئېگىزلىكى 28،5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننى گوستاۋ ئالبېرت 1930 ـ يىلى قەشقەردىن سېتىۋالغان بولۇپ، كېيىن گۇننار ياررىڭغا تەقدىم قىلغان.

5 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى: [ياررىڭ پرو 281].

بۇ قۇرئان جەمئىي 400 بەت بولۇپ، ئېگىزلىك 22،5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننى داۋىد گوستافسون 1920 ـ 1930 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يەكەندىن سېتىۋالغان بولۇپ، كېيىن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلغان.

6 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى: [ياررىڭ پرو 289].

بۇ قۇرئان جەمئىي 248 ـ بەت بولۇپ، ئېگىزلىك 21،5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئىگىسى قوبسان هاجى بولۇپ، قۇرئانغا ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قالدۇرغان. كېيىن بۇ قۇرئان مىسسىئونېر لاش ئېرىك هۆگبەرىينىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، لاش ئېرىك هۆگبەرىي قۇرئانغا 1913 ـ يىلى دەپ تامغىسىنى باسقان.

بۇ قۇرئاننىڭ بەزى سۈرە ـ ئايەتلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، تەپسىرلىرى يانداش بېرىلگەن. تەرجىمە ۋە تەپسىر تىلىدىن قارىغاندا قۇرئان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى ئەزەربەيجانلىقلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، بىر قىسىم سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرى كىرگۈزۈلۈپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزگە كېلىمىز.

7 ـ قۇرئـان، لوندـون ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 331].

بـۇ قۇرئـان جەمئىـي 459 بـەت بولـۇپ، ئېگىزلىـك 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىـدۇ. بۇ قۇرئاننى داۋىد گوستافسون يەكەندىـن سېتىۋالغان. قۇرئانغا بىـر قانچە كىشىنىڭ ئىمزاسـى قالدۇرۇلغـان بولـۇپ، بىرىـدە «بـۇ قۇرئاننىـڭ ئىگىسـى مەنكـى توختىئاندۇرمـەن، كىمكـى بـۇ قۇرئاننـى مېنىـڭ دېسـە ئېغىـزى قۇرۇپ كەتسۇن» دەپ يېزىلغـان. يەنـە بىرىـدە «قۇرئـان ئوقۇغۇچـى مەنكـى ئابدۇراخماندۇرمـەن، مېنىـڭ ئىككـى تالىبىـم بـۇ قۇرئاننـى ئوقـۇدى» دەپ يېزىلغـان. ئەممـا بـۇ قۇرئاننىـڭ كىـم تەرىپىدىـن قاچـان كۆچۈرۈلگەنلىكىگـە دائىـر ھېچقانـداق ئۇچـۇر قالدۇرۇلمىغـان.

8 ـ قۇرئـان، لوندـون ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 376].

بـۇ قۇرئـان جەمئىـي 66 بـەت بولـۇپ، خوتـەن قەغىزىگـە يېزىلغـان. ئېگىزلىكـى 18 سـانتىمېتىر، كەڭلىكـى 12سـانتىمېتىر كېلىـدۇ. بـۇ قۇرئاننـى گوسـتاف راكېـت ۋە ئايالـى خاننـا راكېـت 1920 ـ يىلـى يەكەندىـن سـېتىۋالغان بولـۇپ، ھىجرىيە 1306 ـ يىلـى، مىلادىيە 1888 ـ 1889 ـ يىللىـرى ئەتراپىـدا كۆچۈرۈلگـەن بولۇشـى مۇمكىـن دەپ پـەرەز قىلىنىـدۇ.

9 ـ قۇرئـان، لوندـون ئۇنىۋېرسـىتېتى كۈتۈپخانىسـىنىڭ تـور بېتىگـە قويۇلغـان تىزىملىكتىكـى نومـۇرى: [ياررىـك پـرو 515].

بـۇ قۇرئـان جەمئىـي 400 بـەت بولـۇپ، ئېگىزلىكـى 36.5سـانتىمېتىر، كەڭلىكـى 22،5 سـانتىمېتىر كېلىـدۇ، بـۇ قۇرئاننى مىسسىئونېر سىگفرد موېن سېتىۋالغان بولـۇپ، نەدىـن سـېتىۋالغانلىقى ئېنىـدە قالمىغـان. ئەممـا ئـۇ قەشـقەر، ياركەنـت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى يېڭى ھېسسار دىن سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى يەنى 1989 ـ يىلى بۇ قۇرئاننى گۈننار ياررىڭغا ھەدىيە قىلغان.

مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار تېخى تولۇق تىزىملىنىپ، تۈرلەرگە ئايرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئارخىپخانا كاتالوگىدىن بۇ 4 پارچە قولیازما «قۇرئان» نى كۆرگىلى بولىدۇ.

مىسسىئونېرلار ئارخىپخانىسىدىكى بۇ 4 پارچە قۇرئان ئۈچ خىل ئۆلچەمدە بولۇپ، ئىككى دانىسىنىڭ ھەجمى ئاساسەن ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەخمىنەن ئېگىزلىكى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. يەنە بىرى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 22سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇلار ناھايىتى مۇكەممەل ۋە پاكىز ساقلانغان، ھېچقانداق يەرلىرى يىرتىلىپ كەتمىگەن. تۆتىنچى قۇرئاننىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسىدىن تارتىپ، ئىچ ۋاراقلىرىغىچە كونىراپ كەتكەن، ھەتتا بىر قانچە ۋاراقلىرى يىرتىلىپ كەتكەن. قۇرئان قاتتىق ۋە قېلىن قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، مۇقاۋىنىڭ ئۈستىدە چوڭ بىر يېرىق بار. يېرىقنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، يېرىقنىڭ ئۆتكۈر بىر تىغنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن قالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئارخىپخانا خادىمىنىڭ بايان قىلىشىچە، قۇرئاننىڭ ئىگىسى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان قارشى تەرەپنىڭ قىلىچىنى مۇشۇ قۇرئان بىلەن توسقان ئىكەن،

قىلىچ قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ باياننى راست دەپ ئويلىساق، بۇ قۇرئاننى ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن بالدۇر كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ياقۇپ بەگدىن كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا ئاساسەن قىلىچ كۆپ ئىشلىتىلمىگەن.

*2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى. ستوكهولم*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەندە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھوقۇق ۋە ساۋاقداشلىق

يېقىندا تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتۇمغا باردىم. يۇرتۇمنى ۋە يۇرتداشلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بەزى دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشتى، مەنمۇ بەزىلىرىنى ئۆزۈم ئىزدىدىم.

مېنىڭ يېقىن ئۆتكەندىن ئىككى يېقىن ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئىلگىرى ئۇلار مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئۇقسا، شۇ كۈنىلا مېنى ئىزدەپ كېلىشەتتى، بىز ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق. بىراق بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمىدى. ئاتا - ئانىسىنى يوقلىغاچ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنىكەن. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ يەنە بىر ساۋاقدىشىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە تەرەددۇت قىلدىم. بېكەتتە ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقاندا ئەمدىلا بېكەتتە توختىغان مىنىبۇستا مەن ئىزدەپ ماڭغان ساۋاقدىشىمنى كۆرۈپ قالدىم ۋە دەرھاللا مىنىبۇسقا چىقتىم.

- قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش؟

ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمەي، نەزىرىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى. مەن ئۇ مېنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ يېنىغا باردىم ھەم مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ سالام بەردىم. ئۇ ماڭا قارىدى، بىراق ئادەتتىكىچىلا جاۋاب قايتۇردى، مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق يېقىنچىلىق ئالامەتلىرىنى سەزمىدىم.

- مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن ئابدۇشۈكۈر دېدىم ئۇنىڭ

قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

- تونۇدۇم، قاچان كەلگەنىدىڭ؟

ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، مەنمۇ كۆڭلۈم بىر قىسما بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدىم. يەنە بىر بىكەتتىن كېيىن، ئۇ مەن بىلەن ئادەتتىكىچىلا خوشلىشىپ چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ساۋاقدىشىمنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدىم، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۇ ئىشنى بىر ساۋاقدىشىمغا سۆزلەپ بەردىم.

- رەنجىمەيلا قوي، ئۇ روھىي كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان، ئۇنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭ، سەنمۇ شۇنداق قىلاتتىڭ، - دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپتۇ، ئۇ ماڭىلا ئەمەس، ھېلىقى ساۋاقدىشىمغىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن، كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام، شۇ كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان بىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرغانلىقىم خەقنىڭ ئالدىدا ئۇنى چۈشۈرگەنلىكىم ئىكەن. قول ئاستىدىكى ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا چوقۇم مەنمۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشىم كېرەككەن، ئۇ شۇڭا مەندىن رەنجىپ قېلىپتۇ.

مەن ھوقۇقنىڭ ھەممە ئادەمنى ئۆزگەرتىۋەتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەمما نادانلىقنىڭ ئادەمنى ئۆزگەرتىۋەتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مېنىڭچە، بۇ ھوقۇقنىڭ قۇدرىتى ئەمەس، بەلكى روھىي نامراتلىق، زەئىپلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، غورۇرسىزلىقنىڭ قۇدرىتى. يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ: «ئۇ روھىي كېسەل بىلەن

يۇقۇملانغان ... ئۇ سەندىمۇ، مەندىمۇ بار ...» دېگىنى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەگەر مەن ۋە سىز ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالساق، ئەھۋال قانداق بولار...

*(ئىقتىساد گېزىتى)*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## چىن ھېسسىياتتىن تۇغۇلغان كۈي

بىز تۇرمۇشتا ئوخشاش تېما، مەزمۇن، ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، لېكىن ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ۋە روھىي ئوزۇق ئالالمايمىز. چۈنكى ئۇلاردا ياڭراۋاتقىنى يەنىلا كونا ئاھاڭ ـ دە.

سەزگۈر ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا تۇرمۇشتا ھېچقانداق كونا نەرسە يوق. ئۇ مەۋجۇت شەيئى ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىچە، ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تاپالايدۇ. ھەمدە ئۇنى گۈزەل ئۇسلۇب، ئويناق شېئىرى تىل بىلەن كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە جۇشقۇن ھاياجان پەيدا قىلىدۇ.

ئەنە شۇنداق شېئىرلاردىن بىرى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ12 ـ ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىلھام ئەمەتنىڭ «ئۇيقۇدىكى ئاي» شېئىرىدۇر.

شېئىر تېمىسىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە شائىرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى، ئىزدىنىش يولىدىكى جاپالىق ئەمگىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يېزا ھاياتىنىڭ ماھىيەتلىك دېتاللىرىنى ماھىرلىق بىلەن تاللاپ، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ يېزىلارغا جۇشقۇن ھاياتى كۈچ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى شائىرانە تەپەككۇر، گۈزەل، ئويناق تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىگەن.

شېئىر ئەكس ئەتكەن مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ماھىرلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن پايدىلىنىش جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

«ئۆيغۇدىكى ئاي» شېئىرىنىڭ تېمىسىلا ئاجايىپ گۈزەل لىرىكا بولۇپ، شائىر تەبىئىي گۈزەللىك جىلۋىلىنىپ تۇرغان يېزىلارغا يېزا ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ جىمجىت، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. شېئىردا تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گىرەلىشىپ كەتكەن يېزا ھاياتىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەنگەن. خاسلىقتا ئىگە يېزا ھاياتىنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىكى جۇشقۇنلۇقى، جۇشقۇنلۇقى ئىچىدىكى ئازادە جىمجىتلىقى كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

*«پەي ياستۇققا باش قويۇپ ئاستا،*
*جىمجىتلىقنا ئۇخلاپ قالدى ئاي.*
*ناخشىلارغا بۆلەندى دۇنيا،*
*سۆيگۈلەردىن ئاچتى گۈل چىراي.*
*مەيىن سابا ئۆچتى نەلەرگە،*
*ئەنجۈرلۈكتىن ئالدى يۇلتۇز جاي.»*

قارالڭ! بۇ ئوينىاق مىسرالاردا شائىر ھېسسىياتى، شائىر تەپەككۇرى ئىچىگە گۈزەل يېزا مەنزىرىسى، يېزا تۇرمۇشى نەقەدەر ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

شائىرنىڭ يېزا بىلەن شەھەر ھەققىدىكى سېلىشتۇرمىسى بىر تەرەپتىن يېزا ھاياتىغا بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەرق بىر قەدەر چوڭىيىپ كەتكەن يېزىنى شەھەرلەرگە ئوخشاش تەرەققىياتقا ئىگە

قىلىشتەك يۈكسەك غايە، ئۈمىدۋارلىق روھى قىياپىتى سىتروللۇق شەكىلدە نامايان قىلىنغان بولۇپ، كىتابخانلار قەلبىدە ئاشۇ چەتتىكى جىمجىت، لېكىن گۈزەل يېزىغا، يېزىنىڭ ئەمگەكچان، ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىگە، يېزىنىڭ ھازىرى، كېلەچىكى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى چەمبەرچەس باغلىغان يېزا ياشلىرىنىڭ ساپ سۆيگۈ، مۇھەببىتىگە زوقلىنىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ.

قاراڭ! شائىر ۋۇجۇدىدىن تاغ باغرىدىكى خىلۋەت بۇلاقلاردىن سۈزۈك چەشمىلەردەك ئېتىلىپ چىققان بۇ مىسرالارغا:

*«قىيا - چىيا بولمايدۇ ھەرگىز،*
*بىزنىڭ ئاشۇ يىراق قىشلاقتا.*
*خۇيما گۈزەل ناخشىلار تولا.*
*يار سۆزىدەك كىرەك قۇلاقتا.*
*«قوڭغۇز پىكاپ» دەيدۇ «ۋولگا» نى،*
*ئايدا، يىلدا كېلەر بۇ ياققا.»*

شائىر يۈكسەك تەپەككۇر ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ قەدىمىي دىياردىكى مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش، گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى «ئۆكسۈمەيدۇ ناخشا ۋە كۈلكە، تېكىستىدە ئالەمچە لاۋا» دېگەن جەزبىدار مىسرالاردا ئىپادىلىگەن.

دېمەك شائىر قايناق ھېسسىياتىنى مۇكەممەل شېئىرى مۇھىت ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، يېزا ھاياتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى راۋان تىل ۋاستىسى بىلەن ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بېرەلىگەن.

*(ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى)*

www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن بولۇپ قالدى. ھازىرقى كىتابخانلارمۇ ئىلگىرىكى كىتابخانلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگىمۇ بارغانسېرى قىزىقماقتا. ئۇلار نۆۋەتتە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر ھەققىدە جەمئىيەتتە قانداق ئىنكاس بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ۋە زوقلىنىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى خالايدۇ. بىراق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز كىتابخانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان خېلى كۆپ ياخشى ئەسەرلەر ھەم بەزى ناچار ئەسەرلەر تەنقىدچىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ئادەتتىكى ئەسەرلەر توغرىسىدا مەدھىيە خاراكتېرىنى ئالغان لاۋزا ئوبزورلار مەتبۇئاتلاردا كۆپلەپ ئېلان قىلىنماقتا. بۇ ئەھۋال كىتابخانلاردا بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلماقتا. يېقىندىن گۈللىنىشكە باشلىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك تەنقىدچىلىكىمىزدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئىنكار قىلمىغانلىق ئەمەس. بىر قىسىم تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققەتەن مەدھىيەلەشكە

## ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيە مەسىلىسى

ھازىرغىچە نۇرغۇن ئەدەب، يازغۇچىلار ئۆزلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر مۇناسىۋىتىدە، يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىگە، ئۇلارنىڭ ئەسەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا، بەدىئىي تەلپىگە ماسلىشىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇ ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىق پرىنسىپىغا ماس كېلىدۇ. يەنە بەزى يازغۇچىلار ئىجادىيەتتە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ھالقىغان ھالدا يېڭى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھازىرقى سەۋىيەسىگە ماسلىشىش تەشەببۇسىنى چەتكە قاقتى.

زادى قايسى توغرا؟ يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا ماسلىشىشى كېرەكمۇ ياكى ئوقۇرمەنلەر يازغۇچىغا ماسلىشىشى، يازغۇچىغا ئەگىشىشى كېرەكمۇ؟

بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى. مېنىڭچە ئەدەبىياتنى دەۋرنىڭ تەلپى بويىچە ئېلىپ بارىمىز، يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، يازغۇچى چوقۇم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، ئوقۇرمەنلەر يازغۇچىغا ئەگىشىشى كېرەككى، ھەرگىز يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيە تەلپىگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك. ئوقۇرمەنلەر سەۋىيەسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شارائىت ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولۇشى تەبىئىي. ئەگەر يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىنى ئاساس قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق رولنى ئوينايدىغان تۇرۇشى بىلەن قانۇن دەۋرى ئېتىۋارەن ئىجادىيەتتە ئەركىن ئازادە ئىپادىلەش ماھارىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق ئۆلچەممۇ، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ماھارىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرگە سەنئەت قىممىتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

قەدىمدىن بۇيان مەيلى چەت ئەل، مەيلى جۇڭگودا بولسۇن، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نادىر ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇلار دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئىنسانىيەت ئەقىل پاراسىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى سۈپىتىدە ئىززەتلىنىپ كەلدى. ئەجەبا بۇ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان ئاشۇ ئاپتورلار بۇ ئەسەرنى يازغاندا ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى چىقىش قىلغانمۇ؟ ئۇنداقتا شۇ دەۋردىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسى ھازىرقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىدىن ئۈستۈنمۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى ئوقۇرمەنلەر ئىلگىرىكى ئوقۇرمەنلەرگە قارىغاندا، ھەر قايسى جەھەتتىن شەك شۈبھىسىز ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق شۇ دەۋر ئاپتورلىرى ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيەسى ھازىرقى زامان ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە ماس كېلىدۇ، ھەتتا ئېشىپ كېتىدۇ: «دونكىخوت»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «خەمسە»... قاتارلىق ئەسەرلەر، بودېلېر، رېميو ماياكوۋىسكى، بايرون،... قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن ھازىرمۇ شۇنچىلىك قەدىرلەشكە ۋە سۆيۈپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ؟

ناۋايى، ئاتايى، سەككاكى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سەۋىيەسى ئۆز زامانىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆلچەم قىلمىغان. ئەگەر ئۇلار شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى چىقىش قىلغان بولسا، بەلكىم شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى نۇرلۇق

يۇلتۇزلار بولالمىغان بولاتتى.

ئەسەر سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشى، ئاپتورنى ھەم ئەسەرنى مەڭگۈلۈك ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل. ئەگەر بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانساق، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ خەلقنى يېتەكلەش ۋە تەربىيەلەش رولى نەدە قالىدۇ. ئەگەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈپ تۇرساق، ئۇنداقتا ئەدەبىياتنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغانلار دەل يازغۇچى، ئەدىبلەر. ئەگەر ئۇلار يېڭىدىن يېڭى نادىر ئەسەرلەرنى ئىختىرا قىلسا، ئوقۇرمەنلەر يېڭىلىقتىن بىر مەزگىل گاڭگىرىسىمۇ بارا - بارا كۆنۈش ھاسىل قىلىپ، تەپەككۇرنى ئۇرغۇتۇپ، ئەقىل كۆزىنى ئېچىپ، چۈشىنىش، زوق ئېلىش دەرىجىسىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئوقۇرمەنلەرمۇ تەبىئىي يوسۇندا يازغۇچىغا ئەگىشىپ ئىزدىنىدىغان، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسىچۇ؟ ئوقۇرمەنلەر يازغۇچىنىڭ ئاددىي، تومتاق نەرسىلىرىدىن تەييارغا ھەييار بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئىزدەنمەيدۇ، تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدۇ، بەدىئىي زوق ئېلىشقا ئىنتىلمەيدۇ - دە، بارا - بارا يېڭىلىقتىن قورقىدىغان، يېڭى نەرسىلەرنى دەرھال قوبۇل قىلالمايدىغان، چۈشەنمەيدىغان قاتمال ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئەمەس، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ پايدىسىز.

گۈلشەنلەردە خىلمۇ - خىل گۈللەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، ھەر كىم ئۆزى ئامراق گۈلنى پۇراشقا، يېڭىدىن - يېڭى گۈل تۈرلىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. باغۋەن پەقەت گۈلشىنىدىكى ئاشۇ بىر نەچچە خىل گۈل بىلەن قانائەتلىنىپ، يېڭى گۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سورتىنى بەرپا قىلمىسا، گۈل تاماشىبىنلىرىمۇ بىر كۆرگەننى كۆرۈۋېرىپ زېرىكىدۇ، ئەدەبىياتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش.

قىسقىسى، ئىجادىيەتتە يازغۇچىلار دەۋرنىڭ سەزگۈر ئاۋانگارتلىرى بولغان ئىكەن، شۇنىڭغا خاس روھى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ سەۋىيەسىدىن ھالقىغان يېڭىلىقنى يارىتىشى كېرەك.

*(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى،1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)*

## ئەمدى گەپ قوبۇل قىلىشتا قالدى

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشى، ئىزدىنىشى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ مۇئەييەن ئۇنۇملەرگە ئېرىشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخى ئاساسىدا ۋۇجۇددا، روھىدا ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ يېڭىچە مىللىي روھ، مىللىي كەيپىيات يارىتىشقا تىرىشتى. بەزى مىللەتلەر ئوكۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل روھىي ئىنقىلابتىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېپىۋالدى ھەم بۈگۈنكىدەك پارلاق زامانىۋى تۇرمۇشقا ئىگە بولالىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭمۇ ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئابدۇقادىر داموللا، شەۋقى، تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە جەڭگىۋار ئەسەرلىرى بىلەن خەلقنىڭ روھىدا ۋە ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان چاكىنا، يارىماس ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن قامچىلاپ، مىللەتنىڭ چىقىش يولى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ، كاتتا ئەسەرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا ۋابا كېسىلىدەك تارقالغان، ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئەمەلىي مىساللار بىلەن پاكىت كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدا يېڭىچە كەيپىيات ـ يېڭىچە روھىي ھالەت يارىتىشقا تىرىشقانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېڭى ئىدىيەلىرى ئەينى چاغدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن توسقۇنلۇققا

www.uyghurkitap.com

ئۆچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باشلاپ بەرگەن يولى ھېلىھەم ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم يېڭى ئىز باسارلار يېتىشىپ چىقتى. نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ بىردىنلا ئاجايىپ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئۇلار مىللەتنىڭ ۋۇجۇدى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ناچار ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقىنى قىلچە ئاساسى بولمىغان قۇرۇق نەزەرىيە، پاكىتسىز ئىنكار بولماستىن بەلكى روشەن ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە بولغان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ئىدى. ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىگە، خەلقنىڭ قايتۇرغان ئەكس ساداسىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى.

بىردىنلا ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان بۇ تىپتىكى ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ يېڭىچە پىكىرلىرى بىلەن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، چۈشۈرۈلمەي ئوقۇلىدىغان ئەڭ بازارلىق ئەسەرلەرگە ئايلاندى. خەلق ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان يېڭىچە مىڭبىر كېچە ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى - بەزىلىرى ئالقىش سادالار بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاجايىپ تەنتەنىلىك مەدھىيە شوئارىنى ياڭراتتى. يەنە بەزىلىرى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆزلىرىنى ھاقارەتلىگەن ئەدىبلەرنى قارغاپ ھاقارەتلىدى. يەنە بەزىلىرى ھېچقانداق سادا چىقارماستىن ئېغىر خورسىنىپ قويدى - زادى كىمنىڭ توغرا؟ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ھېچكىم ئېنىق بىر جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ھەممىسى ئۆز پىكىرلىرى، ئۆز خىياللىرى بويىچە داۋراڭ سېلىشىدۇ. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە

## ئوبزورچىلىقىمىزدىكى «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» مەسىلىسى

تېخى مۇكەممەل سىستېما ھاسىل قىلىنمىغان ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي تۇرۇپلا يەنە ئويغا سالىدىغان «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» مەسىلىسى پەيدا بولدى. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياشلارنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى بۇ مەسىلىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە يېتىپ كەلدى. بىز 80 _يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوبزورچىلىقىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ مەسىلىنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەدەبىيات قوشۇنىدىكى ياشلارنىڭ غەرب ئەدەبىياتىدىكى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە خىلمۇ خىل ئېقىملارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ياساپ، دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ يېڭى قەدىمىنى باستى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىدا ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ نەتىجىلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ بىز ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە ۋە خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش.

بېكىنمىچىلىك سىرتمىقىدا بوغۇلغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى ھەممىمىزگە ئايان. ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئەدەبىياتىمىزدا مەيلى پېشقەدەملەر ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى ياشلار ئارىسىدا بولسۇن بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوبزورچىلىقىمىزدىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا جانلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولدى. ئەسەرلەرگە ھەقىقىي باھا بەرگەن ئوبزورلارمۇ كۆپەيدى. يېڭىلىق يارىتىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى گەۋدىلىك بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئوبزورچىلىقىمىزدىكى قېلىپلاشقان ئادەتتىكى شەكىل بۇزۇپ تاشلاندى. ئەدەبىياتىمىزدىكى «تىل تەگكۈزۈش» كە بولمايدىغان ئابىدىلەرگە نوقۇل چوقۇنۇش، قارىغۇلارچە ماختاش، ھەتتا بىلىپ تۇرۇپمۇ كۆككە كۆتۈرۈش ھادىسىگە قارىتا جەڭگىۋار روھ، بەدىئىي دىت ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەپسۇس، بۇنىڭ نەتىجىسى ئويلىمىغان يەردىن يوشۇرۇن زىددىيەتكە تولغان «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» مەسىلىسى پەيدا قىلدى.

مەسىلىنى ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، پېشقەدەملەر بىلەن ياشلار ئارىسىدا ئەسەرلەرگە ئۆز ئارا باھا بېرىش مەسىلىسىدە كۆز قاراشتا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ھەتتا ئورۇنسىز شەخسىي غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى پېشقەدەملەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈرۈكى ھەم باشلامچىلىرى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئېسىل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ياشلار ئۈچۈن ياخشى ئۈرنەك. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم. ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش ياشلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. بۇ نۇقتىدا ياشلار سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. بىراق ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارا - قويۇق ياخشى باھا بېرىش، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس. پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش بىلەن ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. كاتتا ئەربابلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. كىتابخانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نادىر ئەسەر بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئوبزورچىلارنىڭ ئەسەرلەرگە ھەرخىل

باھالارنىڭ بېرىشى تەبىئىي. بىز بۇنىڭلىق بىلەن كاتتىلارنى قەدىرلىمىدى، ئۇلارغا تىل تەگكۈزدى دېسەك تازا ئادىللىق بولمايدۇ. يازغۇچىنىڭ بىرەر ئەسىرىگە باھا بەرگەنلىك ھەممە ئىجادىيىتىگە باھا بەرگەنلىك ئەمەس. بىرەر ئەسىرىنى ئىنكار قىلغانلىق پۈتۈن ئەسەرنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. بۇ پەقەت ئايرىم بىر تەرەپ، يازغۇچى يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر.

بىزدە ھازىر ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن ياخشى دېگەن باھادىن باشقا باھانى قوبۇل قىلالماسلىق ھادىسىسى بىر قەدەر ئېغىر. ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ مەقسىتى ئەسەرلەرگە باھا بېرىش. ئوبزورچى قايسى ئەسەر ھەققىدە ئوبزور يازغۇسى كەلسە شۇ ئەسەر ھەققىدە ئوبزور يازىدۇ. ئوبزورچىلىقتا ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشمەسلىك دېگەن ئۆلچەم، پرىنسىپلارمۇ يوق. بۇ ھەممىگە ئايان ئىش. شۇنداق ئىكەن بىز ھەرگىز ئەسەرلىرىمىزگە بېرىلگەن باھالاردىن رەنجىمەسلىكىمىز ياكى تونۇشلۇق يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ كەمتىنىنى چىپىپ، نوقۇل ھالدا قارىغۇلارچە ئىنكار قىلماسلىق زۆرۈر. ئەگەر ئوبزوردا راستىنلا ئىلمىي يەكۈنلەردە خاتالىق سادىر قىلىنغان بولسا ئۇنى يەنە ئىشەنچلىك ئىلمىي داۋىلار بىلەن قايىل قىلارلىق ئىنكار قىلىش كېرەككى، ھەرگىز «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» نۇقتىئىينەزىرى بويىچە قارشى تەرەپنىڭ ئىجادىيىتىنى چىشلەپ تارتىپ، كۆڭلىگە ياقمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى زورمۇ زور باشقىلارنىڭ ئەسىرى ئۈستىدىكى ئوبزورغا قىستۇرماسلىق كېرەك. ئوبزورچىلىق ئەزەلدىن ئادەملەرگە باھا بەرگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدىكى «تىل تەگكۈزۈش» ۋە «قەدىرلەش» ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە تەۋە ئىشلار. بۇنى ھەرگىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئىزباسارلىرى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋارىسلىرى، ئۇلارنىڭ ھازىر مېڭىۋاتقان يولىمۇ ناھايىتى جاپالىق، ئەگرى - توقاي، مۇكەممەل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىمۇ يوق دېيەرلىك. يەنىلا پېشقەدەملەرنىڭ ياردىمىگە، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە موھتاج.

ئەلۋەتتە، پېشقەدەملەر بىلەن ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى، بەدىئىي تەربىيەلىنىشى، ئىستېتىك زوق تەلپىيى، ئەدەبىيات - سەنئەت چۈشەنچە جەھەتلەردە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. بۇنى دەۋر روھى بويىچە چۈشىنىپ، توغرا ھەل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئىشىنىشكە بولىدۇكى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھازىرقى ياشلارنىڭ كۆز قارىشىمۇ بارغانچە كونىراپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا يەنە يېڭى كۆز قاراشتىكى بىر ئەۋلاد ياشلار مەيدانغا كېلىدۇ. مانا بۇ تەرەققىيات. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالى، بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا پېشقەدەملەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياشلار ئەدەبىياتىغا پىكرى بولسا دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەككى، ھەرگىز سۆز ئۆينىتىپ، رەنجىپ قاقشىماسلىقى كېرەك. بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا پايدىسىز.

پېشقەدەملەر كېيىنكى ئۆمىدىمىزنى كەلگۈسىگە بېغىشلايلى، ياشلار كەلگۈسى ئۈچۈن پېشقەدەملەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرايلى.

*(شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گېزىتى، 1995 - يىلى 15 - ماي)*

## ئۈچ خىل ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ھەققىدە

ئەدەبىيات چۈشەنچىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلدى، ھەم دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. بۇ خىل ئەھۋالدا بىزنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىزدەيدىغىنىمىزمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مول، تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بىراق ھازىرقى شارائىتتا بىزنى ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئەدەبىيات ھەققىدىكى ھەقىقىي چۈشەنچىنىڭ كەمچىللىكى بىز ھەر قانچە كۈچىسەكمۇ ئۆزىمىزنى قاپساپ تۇرغان مۇھىتتىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى بارغانچە ھېس قىلماقتىمىز. مېنىڭچە بۇ خىل ئەھۋالدا ئەدەبىياتتىن يېڭى نەزەرىيە ئىزدەش ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىشنىڭ، يېڭىچە ئەدەبىيات بەرپا قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى.

ئەدەبىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەزمۇن دائىرىسى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، سىياسىي ئەدەبىيات، ئاممىباب ئەدەبىيات ۋە ساپ ئەدەبىيات دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا ھەممە ئېقىملارنى بەس - بەستە سايرىتىش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى، قايسىسى بەكرەك ياخشى سايرىيالىسا، قايسى خەلقنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلانسا خەلق شۇنى تاللىۋالىدۇ. ئەنسىرەشنىڭ ئورنى يوق. ئەگەر ئەدەبىياتنى بۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىمىغاندا ئەدەبىياتنىڭ نوقۇل سىياسىيغا بېقىنىپ قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ

قىلىشى ياكى ھەددىدىن زىيادە ئاددىيلىشىپ كېتىپ ئەدەبىيات خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇشى ۋە ياكى ساپ ئەدەبىياتچانلىقنى قوغلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قېلىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا بىز ئەدەبىياتنى مۇشۇ ئۈچ ئېقىم بويىچە راۋاجلاندۇرساق ھازىرقى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايمىز.

سىياسىي ئەدەبىيات ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئارىسىدىكى جانلىق تەشۋىقاتچىسى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ۋاستىلىك ھالدا تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى تىكلەيدۇ. بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي تۈسى قويۇق، ئەدەبىي خاراكتېرى سەل ئاجىز. بۇ خىل ئەدەبىيات تارىختىن بۇيان ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ كېلىنگەن. بۇ ۋەزىپىسىنى مۇشۇ ئېقىمغا مەنسۇپ، بىر تۈركۈم يازغۇچى ۋە شائىرلار جان پىدالىق بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىزى ۋە قۇلىقى بولۇشقا تىرىشىدۇ.

ئاممىباب ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنى كونكرېتنى ئوبراز، ئاممىباب تىل، ئاددىي ئۇسلۇب بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئومۇمەن ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش، قىزىقتۇرۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئەدەبىياتتا يازغۇچىلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاممىباب تىل بىلەن ۋەقەلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، دولقۇنسىمان ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن ئاخىرقى يەكۈننى كۈتمىگەن يەردىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى تويۇقسىز قىزىقىش ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىيات سىياسىي ئەدەبىياتقا قارىغاندا ئەدەبىياتچىلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساپ ئەدەبىياتقا يەتمەيدۇ. بۇ تۈردىكى يازغۇچىلار ئومۇمەن ئەدەبىيات ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ،

نوقۇل ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى چىقىش قىلىپ، بازارلىق كىتاب يېزىش قايىنىمىغا سىڭىپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ ماھىيىتى بولماستىن، بەلكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى، ۋەقە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى. شۇڭا بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ.

ساپ ئەدەبىيات، بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىپادىلەش دائىرىسى چەكسىزلىككە سوزۇلغان. بۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئالدىنقى ئىككى خىلدىكى ئەدەبىياتقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ماددىي دۇنياسىغىچە، ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسىدىن ھاياتلىقنىڭ قىممىتىگىچە، ھاياتنىڭ ماھىيىتىدىن قىسمەتنىڭ تۈگۈنىگىچە، ئىنسانىيەت دۇنياسى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باغلىنىشىغىچە ئەتراپلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئەدەبىياتنىڭ مەركىزى بولغان ئادەم ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىكى مۇلاھىزىلەر قۇرۇق نەزەرىيەۋى مۇلاھىزە بولماستىن، بەلكى پەلسەپىۋى پىكىرگە تويۇنغان ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىياتقا تەۋە يازغۇچىلار مەزمۇن ئامىلىدىكى يېڭىلىققىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، يەنە بەدىئىي ئۇسلۇب، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، تىل ئىشلىتىلىشى جەھەتلەردە ئۆزگىچە يېڭى شەكىل يارىتىپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن دۇنياغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىياتتىن ئىزدەيدىغان ئىستەكلىرىمىزنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ھازىرغىچە دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى ساپ ئەدەبىياتقا تەۋە ئەسەرلەردۇر. ھەقىقىي مەنىدىن ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتقانـدا، ئەدەبىياتنىـڭ كەلگۈسـى ۋە مەۋجۇتلۇقـى يەنـلا ساپ ئەدەبىياتقـا موهتـاج. ئـۇ كۆپىنچـە هالـلاردا ۋاقىـت ۋە ئورۇننىـڭ چەكلىمىسـىنى بـۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنى مەركـەز قىلغـان يـەر شـارى خاراكتېرلىـك مەسـىلىلەرگە تۇتـۇش قىلىـپ، مەۋجۇداتنىـڭ، هاياتلىقنىـڭ تەقدىـرى ئۈسـتىدە مۇپەسسـەل ئىزدىنىـدۇ. بـۇ خىـل ئەدەبىياتقـا دەۋر روهـى چەكسـىزلىككە سـوزۇلغان بولـۇپ، مەيلـى قايىسـى دەۋر بولۇشـىدىن قەتئىينـەزەر ئومۇمـەن هەممىسـىگە مـاس كەلگـەن مەڭگۈلـۈك نەرسـىگە ئايلىنىـدۇ.

*(شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گېزىتى، 1996 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر)*

## ئالقىش ۋە سوغۇق مۇئامىلە ھەققىدە ئويلار

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىدا «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇلى نېمە ئۈچۈن ئىچكىرىدە ئالقىشلىنىپ شىنجاڭدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟» دېگەن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. مەن ماقالىنى ئوقۇپ ئاپتورنىڭ سەل ئالدىراقسانلىق بىلەن بىر نەرسە دەۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭچە، ئىچكىرىدە قويۇلغان بىر نەچچە قېتىملىق ئويۇندىكى تاماشىبىنلارنىڭ رايى بىلەنلا شىنجاڭ ناخشا ئۇسۇلىنى ئىچكىرىدە ئالقىشلىنىپ، شىنجاڭدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى، دەپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بىر - ئىككى قېتىملىق ھېس - تۇيغۇ، تەسىرات، بىراقلا ئىنكار قىلىش ياكى بىراقلا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە توغرا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

مېنىڭچە، سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىزنى ئۆكۈندۈرگۈدەك ئۈنچىۋالا ناچار ئەمەس. مەيلى شەكىل، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، كۆپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىر ئەۋلاد پېشقەدەملەرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان سەنئەتكارلىرىمىز بار، بىراق ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئالقىشلىنىشى بىزگە ئانچە يېڭىلىق ئەمەس. چۈنكى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلكى تارقىتىلىشى www.uyghurkitap.com

ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقالغانلىقى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي خاتىرىلەر بار. چەت ئەللەردىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، شۆھرەت قازىنىۋاتقانلىقىنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز، ئاڭلاپ تۇرىمىز. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكىچە:

1. ئەزەلدىن «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان دىيارىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى يەرلىك ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ مۇزىكا ئاھاڭلىرىدىكى ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت، شادلىق ـ مۇڭ، جەڭگىۋارلىقنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئېنىق رىتىم، سۇزۇك مېلودىيەلىك لىرىكىلار ھەرقانداق ئادەمدە قىزىقىش قوزغىماي قالمايدۇ. ناخشا تېكىستىنىڭ قانداق بولۇشى باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ھېچقانچە مەسىلە ئەمەس. مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىلا ئۇلارنى قىزىقتۇرالايدىغان بىردىنبىر ئامىل.

2. دىيارىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يەنىلا يېڭى تۇيۇلىدۇ، چۈنكى ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىچكىرىدە كۆرسىتىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ كېتەلىگىنى يوق. ئىچكىرىدىكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئاممىۋى سورۇنلاردا دىيارىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئاساسەن كۆرسىتىلمەيدۇ. يېڭىلىققا، يېڭى نەرسىلەرگە قىزىقىش ئىنسانىيەتكە ئورتاق. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭلىقلارغا بولغان قىزىقىشى، شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچلۈك. ئۇلار ناخشا تېكىستلىرىنىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، شەكىل جەھەتتىكى قىزىقىش سەۋەبىدىن، بىر كۆرۈپ بېقىشنى

ئارزۇ قىلىدۇ. خۇددى بىزمۇ 80 ـ يىللاردا خەنزۇچە ناخشا ـ مۇزىكىلارغا، 90 ـ يىللاردا جېكسون، مەيداننانىڭ ناخشىلىرىغا ھېرىس بولغاندەك.

3. دىيارىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ئىچكى ئۆلكىلەردە پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەر خىل چوڭ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، بايراملار، يىغىلىشلاردا تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە ئورۇندىلىدىغان بولغاچقا، سېتىلغان بېلەتكە قارىغاندا تارقىتىلغان بېلەت كۆپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، تەبىئىيكى، تاماشىبىنلار كۆپ بولىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا كۆپىنچە «بىزنىڭ شىنجاڭ گۈزەل»، «مول ھوسۇل شادلىقى» دېگەندەك تەشۋىقات خاراكتېرى كۈچلۈك نومۇرلار ئورۇندىلىدۇ.

مېنىڭچە يۇقىرىدىكىلەر شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئالقىشلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولسا كېرەك.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى شىنجاڭدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟ شىنجاڭلىقلار ئۆز ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا قىزىقماس، ئۆز ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ياقتۇرماس بولۇپ قالدىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق ئەمەس. شۇنداق بولغان بولسا، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى، VCD پلاستىنكىلىرى تۈركۈملەپ سېتىلمىغان بولاتتى. خەلقىمىز ھەقىقىي سەنئەت تالانتى بار ئارتىسلارنى قەدىرلىمىگەن، ھۆرمەتلىمىگەن بولاتتى، ئەمما شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ شىنجاڭدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمۇۋېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن يۇسۇپ ئەھمىدى چۈشەندۈرگەندەك، ئاددىي سەۋەبلەر ئارقىلىق بۇنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭدا مۇنداق بىر نەچچە سەۋەب بار.

1. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆز ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلارنىڭ نومۇرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. ئۇلارنى رېئال دۇنيادىمۇ، تېلېۋىزور ئېكرانىدىمۇ كۆرمەيمىز. رادىئولاردىن ناخشىلىرىنى ئاڭلايمىز، بازارلاردا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ناخشىچىنىڭ ياخشىراق چىققان بىر ناخشىسى رادىئو - تېلېۋىزورلاردا نەچچە يۈز قېتىملاپ بېرىلىپ، ناخشىچىلارمۇ ھەممە سورۇندا، ناخشا كېچىلىكلىرىدە شۇ ناخشىنىلا ئېيتىپ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشىنىمۇ ئاڭلىغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ناخشا - ئۇسسۇلىمىز بىزگە ھېچقانچە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ.

2. ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن كۆپ. بولۇپمۇ مۇزىكىدا يېڭى نەرسىلەر ناھايىتى كەمچىل. كۆپىنچىسى ئۆزۈم ئىجاد قىلدىم دېگەن بىلەن بەزىلىرى خەلق ئاھاڭلىرىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپلا ئىشلىگەن بولغاچقا، يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنمايدۇ. بەزىلىرىدە بىزگە تونۇش ياكى ناتونۇش بولغان ئەرەب، تۈرك، ئۆزبېك مۇزىكىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بىزگە ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى سۈپىتىدە «تەقدىم» قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇزىكىلارنى ئاڭلىسىڭىز، ئەرەب، تۈرك، ئۆزبېك پۇرىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان بەزى مۇزىكىلارنى تېخى تونۇگۈنلا باشقا يەردە ئاڭلىغاندەك ھېس قىلىسىز. ھەتتا بەزىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ قىستۇرما مۇزىكىلىرىدىن تاپالايسىز. ناخشا تېكىستلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئەسلى ناخشا تېكىستلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر تۈر ئىدى. بۇنى ھەقىقىي شېئىر يازالايدىغان شائىرلارنىڭ يازغىنى ياخشىراق ئىدى. بىراق ھازىر ئەھۋال باشقىچە، ھېچنېمە يازالمايدىغانلار ناخشا تېكىستى يازىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ناخشا - تېكىستلىرىدە

يـە مەزمـۇن، يـە شـەكىل، يـە گراماتىكىلىـق تۈزۈلـۈش، يـە لوگىكىلىـق باغلىنىش يـوق. ئاڭلىسىڭىز، مەلـۇم سۆزلەرنىڭ قاتـار ئىيتىلىۋاتقانلىقىنىلا ھېس قىلىسىز. يەنە بەزىلىرى ئـازراق ناخشا ئېيتالىسـىلا ياكـى مۇزىكىدىـن ئـازراق خەۋىـرى بولسـىلا، ناخشا تېكىستىنىمۇ ئۆزى يېزىـپ، ئۆزىنى كـۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە قىلىـپ كۆرسىتىشكە ئالدىـراپ، ناخشا تېكىسـتلىرىنى ئەرزىمـەس نەرسـىگە ئايلانـدۇرۇپ، سـەھنىلەرنى پاخاللاشـتۇرۇۋاتىدۇ.

3. كۆپىنچـە ناخشـىچىلىرىمىزدا يارىلىشـىدا ئامەتلىكىـرەك يارىلىـپ قالغـان ئاشـۇ تەبىئىـي ئاۋازىدىـن بۆلـەك ھېچنېمـە يـوق. نەزەرىيـە جەھەتتـە تەربىيەلىنىـش كەمچىـل، ئىجتىمائىـي بىلىملىـرى ئـاز بولغاچقـا، ئـۆزى ئېيتىۋاتقـان ناخشا تېكىستلىرىدە نېمـە دېيىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايـدۇ. بۇنـى ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكـى روھـي كەيپىياتـى، ھېسسـىيات ھالىتىگـە قاراپـلا بىلىۋالالايمىز.، ھەتتـا بەزىلىـرى بـەزى سـۆزلەر دىققەتسىزلىكتىن ئىمـلا جەھەتتـە خاتـا كەتكـەن بولسـا، خاتـا پېتـى ئوقۇسـا ئوقۇيدۇكـى توغرىلاشـقا قـۇربـى يەتمەيـدۇ.

4. سـەنئەتكارلىرىمىزدا سـەممىيەت كەمچىـل. ئۇلار سـەنئەتكە، تاماشـىبىنلارغا سـەممىي مۇئامىلـە قىلمايـدۇ. سـەنئەتكە ھەقىقـي تـۇردە ئۆزىنـى بېغىشـلىغانلىرى، تاماشـىبىنلارغا ھەقىقـي تـۇردە ھېسسـىياتىنى، يۈرىكىنـى ئاتـا قىلغانلىـرى ئـاز. كۆپىنچىسـى تاماشـىبىنلارنىڭ، چوقۇنغۇچىلارنىـڭ سـەممىي ھېسسـىياتىنى، چىـن ئىخلاسـىنى خـورلاش، ئالـداش بەدىلىگـە پـۇل تېپىشـنى مەقسـەت قىلىـدۇ. پـۇل تېپىش مۇھىـم، بىراق سـەنئەتتە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمـى سـەممىيەت.

5. ناخشـىلىرىمىزنىڭ ئىشـلىتىلىش ھوقۇقـى ئاجىـز. ھازىـر ناخشـىنىڭ جىنسـىي ئالاھىدىلىكىگـە ھېچكىـم دىققـەت قىلمـاس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشىنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقى ئېتىبارغا ئېلىنمايۋاتىدۇ. بۈگۈن بىرى يېڭىچە ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتىپ چىقسا، ئەتىسى شۇ ناخشىنى باشقا بىرى ئېيتىپ، بازارغا سېلىۋاتىدۇ.

مەن يۇقىرىقىلارنى ناخشا ـ ئۇسسۇلىمىزنىڭ شىنجاڭدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر، دەپ قارايمەن.

*(شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)*

## ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقىنى باشلاپ بەرگۈچى جامىس جويىس ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر رومانى «ئۇلىيسېس»

غەرب ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «سىرلىق كىتاب»، «ئاجايىپ كىتاب» دېگەن ناملار بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان داڭلىق رومان «ئۇلىيسېس» ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقىنى باشلاپ بەرگۈچى كاتتا ئەسەر دەپ قارىلىپ، ئاپتورى جامىس جويىسنىڭ نامىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

پۈتۈن ئەسەر سۇژىتىنىڭ راۋاجى ناھايىتى گۇڭگا، چۈشەنمەك قىيىن بولۇپ، ئەسەر ئېلان قىلىنىش بىلەن غەرب ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، مەخسۇس مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە گۇمانلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ھەم تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان «جويىس ئىلمىي جەمئىيەتلىرى» قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ھازىرغىچە بۇ رومانىنى تەتقىق قىلىدىغان، يېشىپ چۈشەندۈرىدىغان، ئىزاھات بېرىدىغان مەخسۇس ئەسەرلەردىن ۋە قورال خاراكتېرلىك كىتابلاردىن يەتمىش نەچچىسى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر جويىسنىڭ قول يازمىسىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزۈپ ئون يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەسلى نۇسخىدىكى بەش مىڭدىن ئارتۇق خاتالىقنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى زىل - زىلىگە سالدى. لېكىن ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر يېڭى نەشر نۇسخىسىنى ئىنكار قىلىپ، يەنىلا كونا نۇسخىسىنى يازغۇچىنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىدۇ، دەپ قارىماقتا. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ ئەسەر غەرب ئەدەبىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتقان كاتتا ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

بۇ رومان جويىسنىڭ يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، 1922 - يىلى ئېلان قىلىنغان. روماندا ھېچقانداق ئەگرى توقاي - مۇرەككەپ ۋەقەلەر يوق. ئۇنىڭدا سۆزلەنگىنى پەقەت ئادەتتىكى بىر ھېكايە. رومانىدىكى باش قەھرىمان بىروم دوبلىندىكى بىر شىركەتنىڭ ئېلان خادىمى بولۇپ، ئەسەردە نۇرغۇن ئەينى، ئىنچىكە تەسۋىرلەر ئارقىلىق، بۇرژۇئا بولغان بۇ تۆۋەن قاتلام شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن خۇشاللىق ئىزدىگۈچى سۆيۈملۈك ئايالى مۇلى ھەم مەنىۋى ئاتىسىنى ئىزدىگۈچى ياش سەنئەتكار ئوقۇغۇچى ئىستىۋېن دېدىرستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنىڭ 1904 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كېچە سائەت ئىككىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكىچە بولغان 19 سائەت ئىچىدىكى كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىپ، ھازىرقى زامان غەرب جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ غېرىبلىقى ۋە ئۈمىدسىزلىكى ئىپادىلەنگەن.

جويىس رومانىدىكى باش قەھرىماننىڭ سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىنى ھومېرنىڭ تارىخى داستانى «ئودىسسا» دىكى قەھرىمان ئولىپىسنىڭ دوبلىندىكى سەرگەردانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغان. پۈتۈن كىتاب 18 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «ئودىسسا» دىكى كەپىيات بىلەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنغان. بۇ خىل سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن ھازىرقى زامان غەرب جەمئىيىتىنىڭ قالاقلىقى ۋە چىرىكلىكىدە يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ بىچارىلىكى ۋە ئازابلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار دوبلىنغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى «دۇبلىنلىق ئادەم» (1914) دە، دوبلىندىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۇششاق - چۈشەك ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ كىشىلەرنىڭ غايىسى، ئۈمىدى ۋە ئىزدىنىشلىرىگە كەلتۈرگەن بەرباتلىقى ۋە ئازابلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىرېلاندىيەنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىغا بولغان بىزارلىقىنى ۋە كەمستىشىنى ئىپادىلىگەن. «ياش سەنئەتكارنىڭ ئوبرازى» (1916) ناملىق پوۋېستىدا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق، سەنئەتكارلار بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئىرېلاندىيە جەمئىيىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

گەرچە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغۇچىنىڭ كۆز نۇرى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق قىلىپ، 10 ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، 1939 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى رومانىنى يېزىپ تاماملىدى. يازغۇچى بۇ رومانىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى دەپ قارايدۇ. روماندا دوبلىندىكى بىر ھاراق دۇكىنى خوجايىنىنىڭ (ئۇ بارلىق ئادەملەرگە ۋەكىل قىلىدۇ) چۈشىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان دۇنياسى ھالاك بولۇش پەيتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: مېھىر - شەپقەت ئىنسانىيەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئۇرۇش ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ شەكىلدە دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جويىسنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىن يەنە «ئىشخانىدىكى شادلىق» (1903)، «بىر تىيىن - بىر پارچە شېئىر» (1927) ناملىق شېئىرلار توپلىمى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«سەرگەردان» (1931) ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى بار.

جويىسنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە قىممىتى جەھەتتىن ھەر بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا ۋە تەتقىق قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

*(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)*

## پاستىرناك ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

پاستىرناك(1890 ـ 1960) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ تالانتلىق شائىرلىرىنىڭ بىرى. ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى. ئۇ ئەينى دەۋردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ماياكوۋسكى، سېرگىي يېسىنىن قاتارىدىكى داڭلىق ئۈچ شائىرنىڭ بىرى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ شېئىر، بولۇپمۇ لىرىك شېئىر، نەسىر ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، شېئىرىيەت دۇنياسىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى 1 ـ قۇرۇلتىيىدا «مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ بۈيۈك شېئىر چولپىنى» دېگەن يۈكسەك شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى سىرلىق، ئۇسلۇبى چۈشىنىكسىز بولۇپ، ئادەمگە گويا باش باھاردىكى ئاپئاق قاردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ كېيىنچە ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە، ھەتتا شۇ دەۋر ۋەزىيىتىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان. بىراق ئۇ ئىجادىيەتتە باشتىن ـ ئاياغ ئۆزىنىڭ روھىي ئەركىنلىكىنى قوغداپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

پاستىرناك ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى شېئىر ۋە نەسىر ئىجادىيىتى ئىگىلەيدۇ. بىراق ئۇ ئالدى بىلەن لىرىك شائىر. ئۇنىڭ نەسىرلىرىمۇ قويۇق شېئىرى پۇراققا تويۇنغان. گەرچە ئۇ لىرىك شېئىر يېزىش بىلەن بىرگە خېلى كۆپ

ئېپىك شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا لىرىك شائىر بولۇپ، ئۆزىنى ئىپادىلەش - ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا لىرىك شېئىر پاستېرناك ئىجادىيەت ئىلھامىنىڭ باشلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول ئىجادىي ئىلھامىنىڭ ئۇرغۇپ چىقىش ئېغىزى. شۇنداقلا پاستېرناك روھىي دۇنياسىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىرلار گۇڭگا، ئۆزگىرىشچان بولۇپلا قالماي يەنە چۈشىنىكسىز بولۇپ، چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش، تەرجىمە قىلىش ناھايىتى قىيىن. تارىختىن بۇيان پاستېرناك ئىجادىيىتى ھەققىدە بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ، دەل ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز بولۇشىدۇر. بىراق پاستېرناك شېئىرلىرىنى چوڭقۇر نەزەر بىلەن تەتقىق قىلغان بۇ تالاش - تارتىشلار ئۇنىڭ سەنئەت ئىزدىنىشى جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتىگە، شېئىر ئىستېتىكىسىدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىگە چېتىلىدۇ ھەم ئىجادىيەت ئىدىيەسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمۇ، پاستېرناك زادى رېئالىزمچىمۇ ياكى مودېرنىزمچىمۇ دېگەن مەسىلىگە چېتىلىدۇ.

پاستېرناك ئىجادىيەت خاسلىقىغا باي شائىر، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىمۇ ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مودېرنىزم شېئىرى، لېكىن ئۇ ئەنئەنىنىمۇ چەتكە قاقمىغان. پوشكىننىڭ ئېستېتىك ئىدىيەسىگە ناھايىتى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رۇس مىللىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، لېكىن ئۇ «سەنئەت بولۇتقا ئوخشايدۇ». شۇڭا ئۇ غەربنىڭ ھازىرقى زامان خىلمۇ - خىل سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشى كېرەك، دەپ

قارايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆزىنى ئىنكار قىلىشتىنمۇ قورقمايدۇ. چۈنكى: «تۇرمۇشتا مەھرۇم قىلىش ئىرىشكەنگە قارىغاندا تېخىمۇ زۆرۈر نەرسە. ئەگەر يۇرت ئۆلمىسە بىخ چىقارمايدۇ ئەمەسمۇ.» دەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى غەيرىي، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى غەيرىي، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىر خاھىشى نەسىرلىرىدە ئىپادىلەنگەن. نەسىرلىرىدە ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىر خاھىشى ئۇنىڭ شېئىرى مەنىنى ئىزدىنىشتىن كەلگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرىدىكى ئىماگلار ئۆزگىرىشچان، قۇرۇلمىسى سترولۇق تۈيغۇغا ئىگە بولۇپ، كونىچە ئىستېتىك تۇيغۇ بىلەن چۈشىنىش تەس. ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى شېئىرلىرى كىتابخانىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپلا قالماي، باي ئىماگ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىراق ئۇنىڭ شېئىرلىرى قانچىلىك ئۆزگىرىشچان بولمىسۇن، شېئىرلىرىدىكى قەتئىي يېڭىلىق يارىتىشچانلىقى، تەبىئەتنى ئاساس قىلىش روھى ـ ئادەم ئېڭى، مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى، ھاياتلىقنىڭ بۇرچى ۋە دۇنيانىڭ قىممىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئويلىنىشى، قوزغىتىشچانلىقى، ساپلاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش قىممىتى ئۆزگەرمىگەن.

ئەگەر پاستىرناك شېئىرلىرىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىساق، ئۇنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى تەسىراتتىن مەڭگۈلۈكنى تۇتۇش دېگەنگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: شەكلى ئۆزگىرىش جەريانىدىكى رېئاللىقنى، مۇرەككەپلىك ئىچىدىكى ساپلىقنى، قىسقا مۇددەت ئىچىدىكى مەڭگۈلۈكنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېيىشكە بولىدۇ. پاستىرناك 20 ـ ئەسىردىكى مودېرنىزم شېئىرىيىتى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ يېڭى شېئىر ئۇسلۇبىنى ياراتتى. ئۇ ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىجادىيىتىدە شېئىر بىلەن رېئاللىقنى «بىر جۈپ قوشكېزەكلەر» قاتارىدا سىلىشتۇرۇپ، شېئىر بىلەن تۇرمۇشنى گويا بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئاچا ـ سىڭىلغا ئوخشايدۇ، ئىجادىيەت بولسا ئىككىنچى تۇغۇلۇشتۇر دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق سەنئەت رېئاللىقىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن تەڭلەشتۈردى. ئۇ سەنئەت رېئاللىقى ئىككىنچى رېئاللىقتا بولۇپ، بىرىنچى رېئاللىققا قارىغاندا تېخىمۇ رېئال، تېخىمۇ جانلىق ئىجادچانلىققا باي بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

پاستېرناكنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى رېئاللىق ۋە ساپلىقتۇر. ئۇ: ھېچكىم تېخى كۆرۈپ باقمىغان ساپلىق سەنئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ساپلىق چۈشەنچىسى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ: «بىر قاراپلا بىلىۋالىدىغان نەرسە ساپ بولمايدۇ، ئەكسىچە ساپلىق دائىم مۇرەككەپلىك ئىچىدە بولىدۇ.» دەيدۇ.

ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى بۇ خىل كۆز قاراشلىرى شېئىرلىرىدا ناھايىتى ئېنىق تاپقان.

يىغىنچاقلىغاندا، پاستېرناكنىڭ شېئىر سەنئىتىنى يېڭىلاش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىسى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. (1) رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالدىنقىلاردىن ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. (2) مودېرنىزم شېئىر سەنئىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىدە يوشۇرۇنلۇق بىلەن يارقىنلىقنى، راۋانلىق بىلەن چۈشىنىكسىزلىكنى، سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈردى.

*(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 1995 ـ يىلى)*

## قىز - ئاياللارنىڭمۇ تارىخنى بىلىش مەجبۇرىيىتى بار

ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرى ياراتقان تارىخنى بىلىشى زۆرۈر.

ئۇلارنىڭ تارىختا ئىز قالدۇرغان غايەت زور تۆھپىلىرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار تارىخ سەھنىسىدە نامسىز قەھرىمانلىق ئوبرازى بىلەن تارىخ كىتابىنىڭ ھەر بىر بېتىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار ئەرلەرگە ئوخشاشلا تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە گۇۋاھچىلىرى. شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ تارىخنى بىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بولۇپمۇ بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىزغا قارىتا تېخىمۇ شۇنداق. ھازىرغىچە قىز - ئاياللىرىمىزدىن مەشھۇر ئەمەس، ئادەتتىكىمۇ بىر تارىخچىنىڭ چىقماسلىقى بىزنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىز باشقا مىللەت قىز - ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن مىللىتىنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن قىلچە نومۇس ۋە ئېچىنىش ھېس قىلمىسا كېرەك.

بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىز تارىخقا قىزىقمايدۇ. تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسە، مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسۇن، مەيلى ئالىي مەكتەپتە بولسۇن، بىزنىڭ قايسى قىز ئوقۇغۇچىلىرىمىز تارىخقا قىزىقىپ باققان؟ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن مەنىسىز دەرس. ئۇنىڭدىن مۇھەببەت روماللىرىنى ئوقۇغىنى ياخشى. بەلكىم بۇ قىز - ئاياللىرىمىزدىكى «ئاياللار ئاجىز» كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇشۇ كۆز قاراش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئۆزلىرى بوغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئاياللىرىمىز ھەقىقىي قەددىمىزنى رۇسلايمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلىشى كېرەك. بىز كىم، تارىختا نېمە ئىشلارنى قىلغان، تەقدىرىمىز قانداق بولغان، تارىختىكى تەسىرى ۋە رولىمىزچۇ، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟ بۇلار قىز - ئاياللىرىمىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلگەندىلا ئاندىن باشقا تارىخنى، پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. تارىخنى بىلىش ئەرلەرنىڭلا مەسئۇلىيىتى ئەمەس.

ئاياللار مىللەتنىڭ ئانىسى، بالىلارنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسى. ھەر قانداق بالا تۇنجى دەرسنى ئانىسىدىن ئالىدۇ. بالىلارنىڭ تۇنجى ئۆگەنگەن نەرسىسى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاساسىي بىلىمگە ئايلىنىدۇ. ئالدىن ئالغان بىلىمنىڭ قانداق بولۇشى بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىنىڭ كىچىكىدىنلا خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئالىيجاناب قورقماس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئومۇمەن ئانىنىڭ تەربىيەسىدىن كېلىدۇ. ئانا - تارىخنى، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ تارىخىنى بىلمىسە بالىنى قانداقمۇ مۇنداق پەزىلەت بىلەن تەربىيىلىيەلىسۇن. بەلكىم ھازىرقى شارائىتتا بىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك تارىخنى بىلمەسلىكىمىز ۋە تارىخقا قىزىقماسلىقىمىز ئائىلىمىزدىكى تارىخ تەربىيەسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىز ۋە ئاياللار، ئۇنىڭ ئۆزلىرى تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ تارىخ تەربىيەسى بېرەلىسۇن ھەم ئۆتكەن تارىخ دەرسىمۇ قانچىلىك بولماقچى ئىدى. لېنىننىڭ «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىز ھەقىقەتەن تۇرمۇشنىڭ ئاسىيلىرى. ئۆتمۈش تارىخ

دېمەكتۇر. ئەلۋەتتە ئۇلار ئاسىيغا ئايلانغان ئىككەن خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئالدىدىكى جىنايىتىنى ئېغىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئۇلار جىنايىتىنى يۇماي تۇرۇپ يېڭى بىر ئەۋلاد سۈپەتلىك پەرزەنتلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى، ئورنىنى ئۆزگەرتىدىغان دەۋر كەلدى. بۇرۇن پۇرسەت بولمىغان بولسا ئەمدى پۇرسەت بار. قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ تەربىيەلىنىشىمۇ ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. ھەم باشلانغۇچتىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپكىچە تارىخ دەرسى تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، نەشرىياتلارمۇ تارىخ كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىۋاتىدۇ. كەم نەرسە پەقەت قىز - ئاياللىرىمىزدىكى قىزىقىش. تېخى يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ۋەقەنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە تونۇلغان مەشھۇر ئايال قەھرىمانىمىز نۇزۇگۇمنى بىلمەيدىغانلار ساماندەك. ئۇ كىم، نېمە ئىش قىلغان، قايسى دەۋردە ياشىغان؟ ... ئادەتتىكى قىز - ئاياللىرىمىزنى دېمەيلا قويايلى، ھەتتا ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان قىزلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغانلارمۇ خېلى كۆپ. گەرچە بەزىلىرى ئاڭلىغان بولسىمۇ، پەقەت مۇشۇنداق بىرى ياشاپ بېقىپتىكەن دەپلا قويىدۇ، خالاس.

ھازىرغىچە مەن قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ تارىخ ھەققىدە ھەتتا يېقىن كەلگۈسىدە تارىخقا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەتراپىدىكى ۋەقەلەر، دۆلىتىمىزدىكى ۋەقەلەر، خەلقئارادا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلا قىلىپ باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇلار بۇ ھەقتە گەپ بولسىلا «بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نېمە ئىش بوپتۇ، چىرايلىق كىيىمىمىزنى كىيىپ، ئۆيۈمىزنى ئۆيىنساقلا بولدى. بىز نېمە ئىش قىلالايتتۇق» دېيىشنىلا بىلىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلار ھازىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېچ ئىش قىلىپ باققىنى يوق ھەم قىلالمايۋاتىدۇ. سىلەر راستىنلا ھېچ ئىش قىلالمامسىلەر؟

سۆيۈملۈك قىز ۋە ئاياللار كەلگۈسى ئۈچۈن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ۋە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭمۇ تارىخنى بىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار.

(شىنجاڭ ئاياللىرى ژۇرنىلى)

## «تىرىلگەن جەسەت»[1] تىكى ئاددىي ۋەقە، چوڭقۇر مەنە

ئۇشتۇمتۇت جىنازا ئىچىدىن ھالسىز بىر ئىڭراش ئاڭلاندى.

- ئابدۇنىياز... ئابدۇنىياز... مەن ئۆلمىدىم...

مەتيار كۆچىنىپ مىدىرلىدى. جىنازا مىدىرلاپ كەتتى. شۇئان تاۋۇت كۆتۈرگەنلەر قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك مۈرىلىرىدىن جىنازىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى.

جەسەتنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق رېئاللىقتىن مەنمۇ ۋەھىمىگە چۈشتۈم. بەلكىم ھەممىمىز ۋەھىمىگە چۈشكەندىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەھىمە پەقەت جەسەتنىڭ تىرىلگەنلىكى بولماستىن بەلكى يەرلىك << خاقان>> مەتيارنىڭ تىرىلگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭ تىرىلىشى دېھقانلارغا قايتىدىن بالايىئاپەت ئەكېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەسلى ھېكايىدىكى مەتيار مەلۇم يېزىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ ئاساسى قاتلام رەھبىرى كادىرى. بىراق ئۇ دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يېزىسىدا «كىچىك يەرلىك پادىشاھ» لىق تىكلىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا بارلىق پۇقرالار شەرتسىز بويسۇنۇشى شەرت. ئۇنىڭغا بيۇروكراتلىق ۋە فېئوداللىق زومىگەرلەرنىڭ ھوقۇق - ئىمتىياز روھى شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى ھەتتا دۆلەت قانۇنى ۋە

[1] مۇشۇ گېزىتنىڭ 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «قايتا تىرىلگەن جەسەت»ناملىق ھېكايە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىياسىتى ئۇنىڭ ئالدىدا قىممىتىنى يوقاتقان. ئۇ يېزىدا دائىم زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇ ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كۆز بوياش بىلەن ئالدامچىلىق قىلىپ بىر قىسىم رەھبىرى كادىرلىق سالاھىيىتى بولمىغان خادىملارغا زور مىقداردا سوۋغا - سالام بېرىپ ئۆزىنىڭ «كىچىك پادشاھ» لىقىنى قوغداپ قالىدۇ ياكى سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا يېزا كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ پەزىلەت - ئىستىل يوق. ئۇ دېھقانلارنىڭ ياۋاش، ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئانىي تېپىشى بىزنى ئېچىندۇرماي ۋە غەزەپلەندۈرمەي قالمايدۇ.

ھېكايىدىكى مەتىيار ئاپتور تەرىپىدىن يارىتىلغان يەنە بىر ئوبراز بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۇرمۇشىمىزدا، جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولغان رېئالنى شەخس. ئاپتور بۇ خىل تىپىك ئوبرازنى تۇتقا قىلىپ ھېكايىدە دېھقانلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن. گەرچە دېھقانلار مەسىلىسىنى يېزىدىكى ئاز بىر قىسىم ئىستىلى ناچار نامۇۋاپىق كادىرلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ دېھقانلارغا چۈشۈۋاتقان ئارتۇقچە سېلىقلارنىڭ ئازابلىماسلىقى دېھقانلارنى تېخىمۇ يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن. بۇنى ئەدەبىيات يۈزىدە دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

ئاپتور ھېكايىدە يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ ھايات پائالىيىتىگە باھا بېرىشتە باشقىچە بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.

ئومۇمەن بىز بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىشتە كەڭ قورساقلىق بىلەن بارلىق خاتالىقلىرىنى ھەتتا رەزىللىكلىرىنى بىراقلا نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن بېزەپ، پەرىشتىدەك پاك - پاكىز يولغا

سالىمىز. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ مىللىتىمىز ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ۋە مىللىتىمىز پسىخىكىسىدىكى ئەپۇچانلىق ھەم كەڭ قورساقلىقنىڭ روشەن ئىپادىسى. ئاپتور ھېكايىسىدە بىزدىكى بۇ خىل يىمىرىلمەس قورغانغا ئايلانغان ئادەتكە قارىتا مەلۇم دەرىجىدە نارازىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مېنىڭچە بۇ ھېكايىدىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرەپ.

ھېكايىدىكى مەتيار يېزا باشلىقى ئۇچىغا چىققان ھاراقكەش، بەڭگى، ئىشرەتخور، نەپسانىيەتچى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ناچار ئىللەتلەر ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەممە ئادەم بىزار. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق لاي - پاتقاقلىرى يۇيۇپ تاشلىنىپ «مۆمىن مۇسۇلمان ئىدى، ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى، كىشىگە ئازار بەرمەيتتى، ئايىغىدا چۈمۈلە ئۆلمەيتتى، نامازنى، روزىنى قازا قىلمايتتى. يالغان سۆزلىمەيتتى، خەقنىڭ ھەققىنى يېمەيتتى...» دەپ ئاپئاق ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى.

قىسقىسى ھېكايە بۇ خىل تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، دېھقانلارنىڭ بىر قىسىم يېزا باشلىقلىرىغا بولغان نارازىلىقى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

*(غەربى رايون سودا - سانائىتى، 1998 - يىلى 28 - ئاۋغۇست)*

www.uyghurkitap.com

## بىزدە مۇكەممەل ئەدەبىيات نەزەرىيەسى قاچان مەيدانغا كېلىدۇ؟

بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، روھىي پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، بىزدە مۇكەممەل ئەدەبىيات بارمۇ - يوق؟ بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قانچىلىك ئېچىپ بېرەلىدۇق؟

بىز ئۆزىمىزنى «ئەدەبىيات مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى» دېگەن سۆز بىلەن سۆپەتلەيمىز، ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ تىلغا ئالغۇدەك باشقا نەرسىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، روھىمىزنى ئاشۇ بىر قانچە كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز بىلەن بەزلەشكە ئۆگەنگەن. مەيلى بىز ئۆزىمىزنى قانچىلىك بەزلىمەيلى، ھامان رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىز يېزىلىۋالغان شېئىر، ھېكايە، رومان، پوۋېستلىرىمىزغا قاراپلا ئۆزىمىزدە مۇكەممەل ئەدەبىيات بار، دەپ ئېيتالامدۇق؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا ھېچكىم يۈرەكلىك ھالدا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى، مۇكەممەل ئەدەبىيات بولۇش ئۈچۈن بەدىئىي ئەدەبىياتلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان، كىشىگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇشى كېرەك. بەدىئىي ئەسەر بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيەسى مۇكەممەل ئەدەبىيات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ئىككى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ياشاۋاتىمىز. نەزەرىيە جەھەتتە ئەدەبىياتىمىزنى

شەرھلىگۈدەك، كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگۈدەك مادارىمىز يوق. ھېچبولمىغاندا بىرەر پارچە ئەسىرىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات خاسلىقىدا تۇرۇپ باھا بېرەلەيمىز. قانداقتۇر باشقا خەلقلەرنىڭ ئېسىل نەزەرىيەسىنى، بىزگە ياراپ قالغان پىكىرلىرىنى رامكا قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا بولمىغان دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن سۆپەتلەيمىز ياكى بولۇشىچە تىللاپ، ھاقارەتلەيمىز.

بىز ئەڭ ئاۋۋال نەزەرىيە جەھەتتە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق. بىر قىسىم پېشقەدەملىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى ئاشۇ نەزەرىيەگە سېلىپ باھالاپ چىقتى. ھەتتا بۇ نەزەرىيە مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ نەزەرىيە سىڭدۈرۈۋېتىلدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە شۇ پېتى تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدۇق. تېخى بۇ نەزەرىيەنى تولۇق قوبۇل قىلىپ بولالماي تۇرۇپلا، غەرب ئەدەبىياتىدىكى خىلمۇ خىل ئېقىملارنىڭ نەزەرىيەسىنى تونۇشتۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر بۇ نەزەرىيەدىكى كۆز قاراشلارنى دوراپ ئەسەرلىرىمىزگە باھا بېرىپ باقتى، يەنە بەزىلەر ئۇنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش بىلەن ئۆزلىرىنى ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى دەپ ئاتىۋالدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىرەر ئادەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئەتراپلىق شەرھلەپ باقمىدى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خاسلىقى بويىچە چۈشەندۈرۈپ باقمىدى، ياكى بىرەر نامى چىققان يازغۇچىمىز ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت خاسلىقى، ئىجادىيەت كۆز قارىشى، ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ئېقىمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەزەرىيەۋى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، سىستېمىلىق بايان قىلىپ باقمىدى.

بىرى ماڭا: «بىزدە ئەدەبىياتچى كۆپ، ئەمما ئەدەبىيات يوق. تەپەككۇر ۋە ھېسسىيات جەھەتتە سەزگۈرەكلىرى شېئىر، ھېكايە يازىدۇ.» دېگەنىدى. دەسلەپتە بۇ سۆزلەر ماڭا پەقەت ياقمىغانىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ دېگىنىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىكەن. بۇمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېرىلگەن جانلىق بىر باھا ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ ھەرگىز ئوبزور، نەزەرىيەۋى ماقالە يېزىش ئاسان، ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرىيەنى شەرھلەشكە، نەزەرىيە جەھەتتىن يېتىلىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا نەزەر سالساق، مەخسۇس نەزەرىيەۋى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ساناقلىقلا، شېئىر، ھېكايە يازىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر قانچە پارچە ئوبزورىغا قاراپلا ئۇلارنى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى دېيىشكە بولمايدۇ. بىزدە ھەقىقەتەن ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ۋە تەتقىقاتچىسى يوق. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، بىزنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىز، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سەۋەب، ئۇنىڭ قىيىنلىقى، مۇرەككەپلىكى بولسا كېرەك. ئۇ ھەرگىز ھېچنېمىنى ئۆزلەشتۈرەلمىگەنلەر شۇغۇللىنىدىغان ساھە ئەمەس. ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرىيەگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، نەزەرىيە ساھەلىرىمىز ھېچنېمىنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغانلارنىڭ سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، خالاس.

بىزدە سىستېمىلاشقان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى يوق ئىكەن. بىزدە مۇكەممەل ئەدەبىيات بار دېگىلى بولامدۇ؟ مۇكەممەل

ئەدەبىيات نەزەرىيەسى قاچان شەكىللىنىدۇ؟ بۇنى باشقىلارنىڭمۇ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

*(شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى)*

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# روھىيەت ۋە ئەدەبىيات

ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ يۈكسەك شەكلىمۇ روھىيەتتۇر. روھ كائىناتتىنمۇ چەكسىز بىر دۇنيا. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. بىز ھەمىشە سۆزلەپ كېلىۋاتقان رېئاللىق ئاشۇ روھنىڭ ئادەملەرنىڭ رېئال پائالىيىتىنى ۋاستە قىلىشى ئارقىلىق ئۆزىنى ماددىي دۇنيادا نامايان قىلىشىدۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئارزۇ ـ ھەۋەس، مەقسەت، نىشانلىرىنى رېئال مۇناسىۋەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ ھەر خىل پائالىيىتى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىپادە قىلىش دائىرىسى ناھايىتى چەكسىز بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى ئىپادە قىلىشى گەرچە ۋاستىلىك ھالدا شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ماسلىشالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر پاجىئەدۇر. مانا بۇ بىز دەۋاتقان ھەقىقىي رېئال دۇنيا.

ئەدەبىيات دەل مۇشۇنداق پاجىئە ۋە تراگېدىيەلەرنى ئۆزىگە مەركەز قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان

روھىي دۇنيانىڭ ئۆزىنىڭ مەنبەسى قىلىشى كېرەك.

ھازىرغىچە بىزدە تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات رېئال دۇنيانى ئۆزىگە مەنبە قىلىش ھادىسىسى ئەدەبىياتىمىزنى شەكىللەندۇرۇپ تۇرغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتىمىزنى ھېچقانداق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرەلمىدى ۋە دۇنياۋى سەۋىيەگە كۆتۈرەلمىدى. ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى پەقەت رېئال تۇرمۇش دەپ قاراش ئەدەبىياتنى تولىمۇ ئاددىي چۈشەنگەنلىك، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىگە تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن باھا بەرگەنلىك.

ئەدەبىياتىمىزدىكى روھىي دۇنيانى(روھ ھادىسىسىنى) چەتكە قېقىش ھادىسىسى ئەدەبىياتىمىزنى قانچىلىك بۇرۇقتۇم قىلغان بولسا، بىزنىمۇ شۇنچىلىك بۇرۇقتۇم قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئۆزىمىزنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنى قۇتۇلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز روھ دۇنيايىمىزغا قارىتا دىققەت نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات ئۆزىگە مەنبە قىلغان رېئال دۇنيا روھىي دۇنيانىڭ ۋاسىتىلىك ئەكس ئېتىشى بولسىمۇ، روھىي دۇنيا بىلەن رېئال دۇنيا روشەن پەرقلەرگە ئىگە. بۇنىڭدا روھىي دۇنيا ماھىيەت بولسا، رېئال دۇنيا روھىي دۇنيانىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلغان شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئايلىنىش جەريانى ئوخشىمىغان شارائىتلارنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەسلىدىكى باي مەزمۇنغا ئىگە ماھىيەت خىلمۇ خىل تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىدە ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىكى ئارزۇ - ئارمانلار ئۆزىمىز تەسەۋۋۇر قىلمىغان دەرىجىدە قانائەتلىك ياكى قانائەتسىز يوسۇندا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هازىرغىچە ئەدىبلىرىمىز روھىي پائالىيەتنى چەتكە قېقىپ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ۋاستىلىك شەكلى بولغان ماددىي پائالىيەتنى ھەقىقىي رېئاللىق دەپ قاراپ، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى زور كۆچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ كەلدى. ئەجەبا ئۇلار ماددىي پائالىيەتنى رېئاللىق دەپ قارايدىكەنۇ، نېمىشقا شۇنى ھەقىقىي تەۋەللۇت قىلغۇچى روھىي پائالىيەتنى رېئاللىق دەپ قارىمايدۇ. بىز بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رېئاللىق دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرغان روھىي دۇنيانى تېخىمۇ ھەقىقىي رېئاللىق، دەپ قارىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن خۇددى ياكاقنىڭ شاكىلىنى ئېتىراپ قىلىپ، مېغىزىنى ئىنكار قىلغاندەك ئەخمىقانە نۇقتىئىنەزەرگە يول قويغان بولىمىز. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «QA نىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نەدە؟ بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى QA دىن ئىبارەت شەخسنىڭ بىمەنە، تېتىقسىز، ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسۋىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك، نادانلىق، قالاقلىق، بىچارىلىكتىن ئىبارەت روھىي ھادىسىلەر بولۇپ، شۇ دەۋردىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئىللەتلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدە. ئۇنىڭدىن باشقا تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن رومانىدىمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان خىلمۇ خىل ھادىسىلەر ۋە ئۆلۈم، ھاياتلىق، ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئۇرۇش ۋە تىنچلىق چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەلسەپىۋى قىممەت قاراشلىرى بىلەن ئەينى دەۋردىكى رۇسىيە جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان.

ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان روھىي دۇنيايىمىزنى

ئەكس ئەتتۇرىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە تېخى داغدۇغا قوزغىماي تۇرۇپلا، بىر قىسىم كىتابخان ۋە ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، قايغۇ ـ ھەسرەت، جاپا ـ مۇشەققىتىنى، نامراتلىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى ـ يۇ، بىراق قايغۇ ـ ھەسرەت، جاپا ـ مۇشەققەت، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىيەتتىكى نادانلىق، قالاقلىق، چۈشكۈنلۈك، قورقۇنچاقلىق، بىچارىلىك، مىسكىنلىك، رەزىللىك ھادىسىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشنى ۋە ئەكس ئەتتۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇلار پەقەت دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېتىزلاردا جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى، مەھسۇلاتتىن مول ـ ھوسۇل ئالالماي نامرات قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىمىزنىڭ ھەر خىل شارائىتلار سەۋەبىدىن قىيىنچىلىقتا قېلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ رېئاللىق ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئەمەس. مۇھىمى ھازىرقى خەلقنىڭ روھىي رېئاللىقىنى قېزىشتۇر. بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى ياكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا باغلىق بولماستىن مۇھىمى روھىي دۇنياسىغا باغلىق. روھىي دۇنياسىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە مىللەتنى ۋەيران قىلغۇچى كۈشەندە دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك تەنقىد قىلىنىدىغان ۋە ئۇنى چەككۈچىنى ئەيىبلەيدىغان ۋە ئۇلارنى بۇ يولدىن توسۇشقا چاقىرىق قىلىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ يېزىلدى. ئەمما ھېچقايسىسىدا ئاشۇ چەككۈچى ياشلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇلارنىڭ بۇ يولغا

كىرىپ قېلىشىدىكى روھىي سەۋەبلەر ھەقىقىي رېئال يوسۇندا تېخى تەسۋىرلىنىپ باققىنى يوق. ئەجەبا مىللىتىمىزدىكى چۈشكۈنلۈك، قالاقلىق، نادانلىق، مىسكىنلىك ھادىسىلىرىنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز - يۇ، نېمىشقا ئۇنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن قورقىمىز. ئەدەبىياتىمىز ئەسلىي مۇشۇنداق نۇقتىلارنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكتىنغۇ؟

بىز باشتا دەپ ئۆتكۈنىمىزدەك بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس روھىي دۇنياسى بولىدۇ ھەم ئۇنى ئىپادە قىلماي قالمايدۇ. گەپ ئۇنى ھېس قىلىش مەسىلىسىدە. گاھىدا بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئاندىن ھەقىقىي يازغۇچى بولۇپ چىقالايدۇ. بىراق بۇنىڭدا يازغۇچى ئالاھىدە سەزگۈرلۈككە، چۈشىنىش، ھېس قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا يازغۇچى بىز كۆتكەن روھىي دۇنيانى ئەدەبىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىش رولىنى ئوينىيالايدۇ. بۇ دەل بىز دەۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ روھىي ئۇزۇقلۇق قىممىتىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەدەبىيات روھىي دۇنيادىن يەنە بىر روھىي دۇنياغا قايتىشتىكى جەريان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*(ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى، 1996 - يىلى)*

## ئەدەبىي تەنقىدتىكى «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» ھادىسىسى

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى يازغۇچىنىڭ ئىجاد قىلىش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە باھالاش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئەسەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ قايتا ئىجاد قىلىنىش جەريانىدىكى خىلمۇ خىل تەقدىر ۋە قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە نازۇك بىر مۇساپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مۇساپە ئەسەر تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. گەرچە ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن مۇناسىۋىتىدە بىر - بىرىگە موھتاج بولۇشتەك ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولسىمۇ، ئەمما ئەسەر دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئاپتور بۇ مۇناسىۋەتتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئەسەر بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلا قالىدۇ، خالاس. ئاپتورنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. (ھەم بولماسلىقى كېرەك.)

ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە مەڭگۈلۈك ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بىراق ئوقۇرمەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسى ئانىسىدىن ئەبەدىي ئايرىلىپ تەبىئەت دۇنياسىغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنىدەك، ئاپتورنىڭمۇ ئەسەرلىرىنىڭ قانات قۇيرۇقلىرى يېتىلگەن ھامان ئوقۇرمەنگە مەڭگۈلۈك تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئوقۇرمەن ناھايىتى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، بەدىئىي زوق ئېلىش ئۇسۇلى، تەربىيەلىنىشى، ياشاش شارائىتى، شەيئىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ۋە قىزىقىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بىر خىل ئەسەرگە بېرىلىدىغان باھالارمۇ خىلمۇ - خىل بولىدۇ. بەزىسى ماختىسا، بەزىسى تەنقىدلەيدۇ، يەنە بەزىلەر ھەم تەنقىد ھەم ماختاش تەلەپپۇزىدا بولىدۇ. بۇمۇ شۇلارنىڭ بىر خىل زوق ئېلىش ئۇسۇلى، بەزىسى تەنقىدلەشتىن ھوزۇرلانسا، بەزىسى ماختاشتىن ھوزۇرلىنىدۇ. ھەر كىم ئۆزى بىلگەننى سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئاپتور بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. بېرىلگەن باھا، سۆكۈش ۋە ماختاشلار ھەرگىز ئاپتورغا، يەنى ئادەمگە قارىتىلمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئاپتور چوقۇم سىرتتىن قاتناشقۇچى تاماشىبىن ياكى ئوقۇرمەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى كېرەككى، ھەرگىز ئاپتورلۇق سالاھىيىتى بىلەن بۇ مۇنازىرە سورۇنىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. ئاپتور ئەسەرلىرىگە قارىتا بالىسىنى تاشلىۋەتكەن ۋاپاسىز ئاياللاردەك رەھىمسىز بولۇشى كېرەك. ئاپتور ئەسەرنى ئۆزى ئۈچۈن يازمايدۇ بەلكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يازىدۇ. ھەقىقىي يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاللىقاچان قولدىن چىقىپ بولغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن زاكونلىشىش تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس. بۇنىڭغا كەتكەن قىممەتلىك ۋاقتىنى، ئەڭ ياخشىسى، يېڭىدىن يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىگە ئىشلەتكىنى تۈزۈك.

ئارىمىزدىكى بىر مۇنچە يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن تەنقىدتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. ئۇلار بۇ تەنقىدتىن خۇددى ئۆزلىرىنى تىللاۋاتقاندەك، غۇرۇرىغا قەستەن تېگىۋاتقاندەك غەزەپلىنىدۇ.

ئۇلارچە بولسا، ئەسىرى ناچار بولسىمۇ ماختىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ يايراپ كېتىدۇ.

مىنىڭچە، بۇ يازغۇچى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىسىز. ناچار، پۇچەك ئەسەرلەر باشقىلار تەرىپىدىن قانچىلىك ماختىلىپ، كۆككە كۆتۈرۈلمىسۇن ھامان ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ ھەم دەۋر تەرىپىدىن تېزلا شاللىنىۋېتىلىدۇ. ياخشى ئەسەر ئايرىم كۆز قاراشتىكىلەر تەرىپىدىن قانچىلىك تەنقىدكە ئۇچرىمىسۇن، ھامىنى بىر كۈنى ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ ھەم ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.

بىزنىڭ بەزى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزمۇ بۇ نۇقتىدا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايۋاتىدۇ. ھە دېگەندىلا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن تەنقىدتىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، دەرغەزەپتە ناھايىتى ئاچچىق سۆزلەر بىلەن قارشى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقىي يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يازغۇچى بولغان ئىكەن ھەرگىز تەنقىدتىن قورقماسلىق كېرەك. پەقەت سىياسىي مەزمۇن ياكى، «كۆچۈردى» دېگەن يالغان بەتنام بىلەن قارىلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەڭ ياخشىسى، ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن باھالارغا «سۈكۈت» قىلغىنى تۈزۈك.

ئوبزورچىلىقتا «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېيىش تولىمۇ بىمەنىلىك. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھالاكەتكە يۈزلىنىشنىڭ ئىپادىسى، ھەر قانداق يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدىكى نۇقسانلارنى ئوقۇرمەندەك بايقىيالمايدۇ. ھەر قانداق ئاپتور ئىجادىيەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشى بەدىئىي دىتقا، تەنقىدنى قوبۇل قىلالايدىغان قەيسەر روھنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك. قاياقتىن ھۇجۇمغا ئۇچرارمەن دەپ قورقۇنچاقلىق بىلەن دەككە - دۈككىدە تەمتىرەپ يۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقلىنىش كېرەك.

ئەدەبىيات بىچارىلىكنىڭ ئۆۋىسى ئەمەس. ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگىلەرنىڭ جەننىتى.

*(غەربى رايون سودا سانائىتى)*

## بىر پارچە چىن، گۈزەل رەسىم

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىگە بېسىلغان «شاھمات مەستانىلىرى» ناملىق ماي بوياق رەسىمنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردۇم. رەسىمدىكى ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭنىڭ ماسلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ساپ ۋە ساددا بەدىئىي قۇرۇلما قەلبىمدە كۈچلۈك زوق قوزغىدى.

رەسىمدە ئۆزگىچە مەنزىرە ياكى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش يوق. ئۇنىڭدا پەقەت ئىككى ئۇيغۇر بوۋاينىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن شاھمات ئويناپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشىلا بېرىلگەن. پۈتۈن رەسىمدە پەقەت بىر پارچە كىگىز سېلىنغان سۇپا، شاھمات تاختىسى يېنىدا چېچىلىپ ياتقان بىر نەچچە تال ئۇرۇق، بىر تاماق شىرەسى، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى بىر چەينەك بىلەن چاي قويۇلغان ئىككى پىيالىنى كۆرىمىز. رەسىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاساسلىق دېتاللار مۇشۇلاردىنلا ئىبارەت. رەسىم قۇرۇلمىسى مانا مۇشۇنداق ئاددىي بولسىمۇ، كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغانچە قارىغۇسى. قارىغانچە زوقى كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ رەسىمنىڭ ھاياتىي كۈچى نەدە؟ بۇ دەل رەسىمنىڭ ئاددىيلىقىدا، تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئەينەنلىكى ۋە مىللىي پۇراقنىڭ قويۇقلۇقىدا. چىنلىق ۋە مىللىي پۇراق ھەرقانداق ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى ئاساس. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر كىشىگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بىز بۇ رەسىمدىكى ئاددىيلىق ئىچىدىن ئەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق چوڭقۇر گۈزەللىكنى ھېس قىلىمىز.

رەسىمدىكى ئىككى بوۋاينىڭ بەكمۇ جانلىق يارىتىلغان. بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيىپ، بەلۋاغ باغلىۋالغان، ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بۇ بوۋايلار بىرگە ھەقىقىي بوۋايدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ شاھمات ئويناۋاتقان تۇرقىمۇ تەبىئىي، ئىشىنەرلىك ۋە ئەينەن چىققان. بىز ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇنخۇمار، خۇشاللىققا ئىنتىلىدىغان مىجەزىنى كۆرۈۋالساق، تىنچ دەۋردە ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتقان بوۋايلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بەختلىك دەۋرنىڭ كارتىنىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

رەسىمدىكى باشقا دېتاللار ـ سۇپا، شىرە، چىنە ـ چەينەك قاتارلىقلارمۇ رەسىمنىڭ مەركىزىي تېمىسى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ئۇلار بولمىغان بولسا، ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىكى، مىللىي پۇرىقى، تەسىرچانلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكەن بولاتتى.

جانلىق تۇرمۇش رېئاللىقىنى جانسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەينەن ئىپادىلەش ناھايىتى قىيىن، مۇرەككەپ سەنئەت. ئۇ رەسسامدىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسىمنىڭ ئاپتورى ئىمىنجان ئابدۇرېھىم بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىققان.

*(شىنجاڭ گېزىتى،1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)*

## «قۇرئان كەرىم» دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر بەزى چۈشەنچىلەر

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە سىغدۇرغان مەزمۇنىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن 1400 يىلدىن بۇيان بۈيۈك قامۇس سۈپىتىدە جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

«قۇرئان كەرىم» دە سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر گەرچە مەلۇم بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ نۇقتىلىق بايان قىلىنغان بولمىسىمۇ بىراق بىرقانچە سۈرە ۋە ئايەتلەردىكى مەزمۇنلار مۇكەممەل سىستېما ھاسىل قىلغان بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىنى ئەخلاقىي مىزان ۋە ئۆلچەملەر بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئىسلام دىنىدا سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھالال كەسىپ قاتارىدا ئۇلۇغلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭغىمۇ شەخسنىڭ ھالال ئەمگىكى سىڭگەن دەپ قارىلىدۇ. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مېھنەت قىلىپ ھالال ياشاش ئىسلام دىنىدا ھەممىدىن بەك تەكىتلىنىدىغان ھالال ئىشتۇر. شۇڭا مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ ياشايتتى.» بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «جۇمۇئە» سۈرىسىدىمۇ «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىدىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار» (62 ـ سۈرە، 10 ـ ئايەت) دېيىلگەن. ئىسلام دىنىدا قەيت قىلىنىشىچە، پەقەت قىيامەت كۈنىلا سودا ـ سېتىق بولمايدۇ. ئۇنىڭغىچە ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاش، جېنىنى ئوبدان بېقىش ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سودىدا ھەركىم ئۆز ئەجرى، رىزقى، نېسىۋىسىگە ھەم نىيەت ـ ئىقبالىغا لايىق پايدىغا، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا (جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىگە ۋە بۇ دۇنيادىكى بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلىرىغا) قارىتا كەڭ يولغا قويۇش، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش گەرچە مەركەزلىك ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سودىگەرچىلىك پەزىلىتى (جۈملىدىن ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى) ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئاڭلىق ۋە چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار سودا ـ سېتىق ئەخلاقى قانۇن تۈسىگە ئىگە بولغان ئاساستا بېكىتىلگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ئىسلام دىنىي روناق تاپقان 1400 يىلدىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان بەندىلەر سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئۆزلۈكىدىن رىئايە قىلىدىغان كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئايلانغان. تارىختىن بۇيان سودا ـ تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا نام چىقارغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا

ئەمەس. بولۇپمۇ ئىمانى كامىل، دىلىدا ئاللانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرىدىغان پەزىلەتلىك سودىگەرلىرىمىز ئەنە شۇ سودا - سېتىق ئەخلاقىنىڭ ئىزچىل ھىمايىچىلىرىدىن بولۇپ، روناق تېپىپ، ئىناۋەت تىكلەپ، داڭقىنى يىراق - يېقىنغا تارقىتىپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە ھەر ۋاقىت سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بىراق، شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، ھازىر ئارىمىزدا نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ - ساتارلار بۇ خىل ئېسىل سودا - سېتىق پەزىلىتىدىن چەتنىگەن ھالدا، پايدا ئېلىش، مال - دۇنياغا بېرىلىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە، چاقىرىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئادىمي ئەخلاق، ئەقەللىي ئىنساپ - دىيانەتنىمۇ يوقاتماقتا. قانۇنغا خىلاپلىق قىلماقتا. بۇنداقلارنى ئاللاھ تائالامۇ، كىشىلىك ۋىجدانمۇ، قانۇنمۇ كەچۈرمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز سودىگەرلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: «ئەڭ پاك كەسىپ شۇنداق سودىگەرلەرنىڭ كەسپىدۇركى، ئۇلار سۆزدە يالغان ئېيتمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كەمسىتمەيدۇ، نەرسە ساتقاندا ئۇنى كۆپتۈرۈپ داڭلىمايدۇ. ئۆز ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە قولى قىسقا ئادەملەردە ئېلىشى بولسا ئۇنى قىستىمايدۇ.» «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە سودا - سېتىق ۋە سودىگەرچىلىك ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر ئېنىق، ئىخچام، چوڭقۇر ھەم ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسەن. مۇنداق بەش تۈرلۈك مەزمۇن كېلىپ چىقىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، سودىدا ئادىل بولۇش.

«قۇرئان كەرىم» 17 ـ ، 26 ـ ، 83 ـ ، 11 ـ سۈرىلىرىدە سودىدا ئادىل بولۇش، تارازا ـ ئۆلچەمدە توغرا بولۇش، ساختىلىق قىلماسلىق، تارازا ـ ئۆلچەمدىن كەم بەرمەسلىك، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق ھەققىدە بىۋاستە، ئېنىق بايانلار بار. «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار!» (11 ـ سۈرە 85 ـ ئايەت). «ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرگە ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار» (26 ـ سۈرە 181 ـ ، 182 ـ ،183 ـ ئايەتلەر). «سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكتە ئۇچۇن تېخىمۇ ئوبدانىدۇر. «(17 ـ سۈرە، 35 ـ ئايەت). «ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ» (83 ـ سۈرە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ئايەتلەر).

ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنى قارا باستۇرۇش ساختىپەزلىك قىلىش ھەققەتەن ئىنسانىي پەزىلەتكە يات، قاباھەتلىك قىلمىشتۇر. بۇنداق قىلغان كىشىلەر ئاقىۋەتتە پۇتىغا پالتا چاپىدۇ. تۈگمىدەك پايدىنى دەپ تۆگىدەك پايدىدىن قۇرۇق قالىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ سودىدا ئادىل بولۇشى باشقىلار ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئۈچۈندۇر، ئۆزىنىڭ روناق تېپىشى،

بەرىكـەت تېپىشـى ئۈچۈنـدۇر.

## ئىككىنچى، سودىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش، توختام تۈزۈش، ئىناۋەتلىك سودا قىلىش

ۋەدىگـە ۋاپـا قىلىـش، راسـتچىل بولـۇش ئىسـلام دىنىـدا كـۆپ تەكىتلىنىدىغـان ئىمـان ئەمەللىرىنىـڭ مۇھىم بىر تۈرىـدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىـش، لەۋزىـدە تـۇرۇش مەيلـى ئىقتىسـادىي مۇناسـىۋەتلەردە ياكـى كىشـىلىك مۇناسـىۋەتلەردە بولسـۇن شـۇ شەخسىنىڭ پۈتۈن ئوبرازى ۋە ئىقتىسـادىي مەنپەئەتى بىلەن شـۇنداقلا قارشـى تەرەپنىڭ ئىقتىسـادىي مەنپەئەتـى بىلەنمۇ مۇناسـىۋەتلىك چـوڭ ئىش. ئەگـەر ۋەدە، توختـام بويىچە سـودا قىلىنمىسا ئىناۋەتلىـك سـودىغا خـەۋپ يېتىـدۇ. ۋەدىگە ۋاپـا قىلمايدىغـان ھەتتـا توختامغـا خىلاپلىـق قىلىدىغـان ھەرقانـداق سـودىگەر ئۆزىنىـڭ كىشـىلەر ئالدىدىكـى ئىنسـانىي پەزىلىتىگـە داغ تەگكـۈزۈش، ئىناۋىتىنـى تۆكـۈش، ئۆزىگـە زىيـان سـېلىش بىلـەن بىـر ۋاقىتتـا، يەنـە قارشـى تەرەپنىـڭ مەنپەئەتىنىمـۇ زىيانغـا ئۇچرىتىـدۇ. ئۇنـداق گۇناھلىـق ئىشنى ئاللاھ تائالامـۇ كەچۈرمەيدۇ. شـۇڭا «قۇرئان كەرىـم» دە دەل شـۇنىڭغا مۇناسـىۋەتلىك سـۈرە ۋە ئايەتلـەر نازىـل قىلىنغـان. «سـىلەر ئەھـدى تۈزۈشـكىنىڭلاردا ئاللاھنىـڭ ئەھدىگـە ۋاپـا قىلىـڭلار، قەسـەمىڭلارنى (ئاللاھنىـڭ نامىنـى تىلغـا ئېلىـپ) پۇختىلىغانـدىـن كېيىـن بۇزماڭلار، چۈنكـى سـىلەر ئاللانـى گۇۋاھچـى قىلدىڭلار، شۈبھىسـىزكى، ئاللا قىلمىشـىڭلارنى بىلىـپ تۇرىدۇ.» (16 ـ سۈرە، 91 ـ ئايـەت). «ئاللاغـا بەرگـەن ئەھدىنـى، قەسـەملىرىنى ئازغىنـە بەدەلگـە تېگىشـىدىغانلار ئاخىرەتتـە (ئاللاھنىـڭ رەھمىتىدىـن) ھېچقانـداق نېسـىۋىگە ئېرىشـەلمەيدۇ. قىيامـەت كۈنـى ئاللاھ تائـالا ئۇلارغا(ئۇلارنـى خـۇش قىلىدىغـان) سـۆز قىلمايـدۇ، ئۇلارغـا (رەھمـەت كـۆزى بىلـەن) قارىمايـدۇ، ئۇلارنـى (گۇناھلىرىدىـن) پاكلىمايـدۇ. ئـۇلار قاتتىـق ئازابقـا قالىـدۇ» (3 ـ سـۈرە، 77 ـ ئايـەت). «ئـى

مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا» (4 - سۈرە، 29 - ئايەت).

**ئۈچىنچى، جازانىخورلۇق، بېسىمدارلىق قىلماسلىق.**

ئىسلام دىنىدا سودىگەرلەرنىڭ ئۆزئارا قەرز ياكى ئۆتنە بېرىشكەن پۇل ۋە مال - مۈلكىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن نىسبەتتە ئۆسۈم ئېلىشى ھارام دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە، قولى ئۇزۇنلارنىڭ قولى قىسقىلارغا، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارغا پۇل ۋە مال قەرز بېرىشى، ئۇلارغا ئىمكانقەدەر خالىسانە يار - يۆلەك بولۇشى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى، ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا جازانىڭ ھارام ھېسابلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، جازادىن كېلىدىغان ناھەق پايدىغا جازانىخورنىڭ ھېچقانداق ھالال ئەمگىكى سىڭمىگەن بولىدۇ. جازانىخور ئەگەر پۇل قەرز ئالغۇچىلارغا ياكى مال - مۈلۈك ئۆتنە ئالغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتسە گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۈرىلەردىن بۇنىڭ ئېنىق دەلىلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللا ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: «سودا - سېتىق جازانىگە ئوخشاش، (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى.

ئاللا سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە، جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى.» (2 - سۈرە، 275 - ئايەت). «ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار» (3 - سۈرە، 130 - ئايەت). سودىگەرلەر ئارىسىدىكى نائىنساپلىقنى ۋە بىر - بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىدىغان بۇنداق يامان ئىشلارنى ئىسلام دىنى ئەزەلدىن چەكلەيدۇ.

**تۆتىنچى، پۇل ۋە مال - مۈلۈكنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش، غېرىپ - مىسكىنلەرگە يار - يۆلەك بولۇش.**

ئىسلام دىنىدا سودىگەرلەرنىڭ پۇل ۋە مال - مۈلكىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشى، خەير - ئېھسان قىلىشى پەرز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا جىمى ئاۋام خەلققە، جۈملىدىن يېتىم - يېسىر، غېرىپ - مىسكىنلەرگە سودىگەردىن ئىبارەت بۇ بىر تائىپە ئادەملەر ئارقىلىق مېھىر - شەپقەت يەتكۈزىدۇ. شۇڭا سودىگەرلەرنىڭ رىزقى كەڭ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى مول يارىتىلغاندۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئامەت ۋە بايلىقنى ئاۋام مەنپەئەتى ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتمەي ئۆز نەپسىگىلا بېرىلىپ، بېخىللىشىپ، ئاچكۆزلىشىپ كېتىۋەرسە، تويماس نەپسىنى دەپ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن توغرا يول، ھەق ئىشلاردىن ۋاز كەچسە، ئۇلارنىڭ تاپقان بايلىقى ئۇلار ئۈچۈن ھارامدۇر. بۇ دۇنيالىق تىجارىتى بەرىكەتسىزدۇر، ئاخىرەتلىكى ئازاپلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم» دا ياخشى ئىش، خەير - ئېھساننىڭ دەلىلى بولغان زاكات ۋە سەدىقە توغرۇلۇق سۈرە، ئايەتلەر بار. بولۇپمۇ ئاۋام مەنپەئەتىگە پايدىلىق، ھەم ئاۋام ئورتاق بەھرىمەن بولالايدىغان ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىش ئىسلام دىنىدا ھەممىدىن بەك

ئۇلۇغلىنىدىغان ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ قۇرۇش، مەسچىت سېلىش، غېرىپ - مىسكىنلەرگە نەزىر بېرىش قاتارلىقلار. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۆمىنلەر! سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.» (2 - سۈرە، 254 - ئايەت). «كىمكى ئاللاغا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللا ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) قايتۇرىدۇ. ئاللا (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ» (2 - سۈرە، 245 - ئايەت). «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار. ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللا ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ» (2 - سۈرە، 195 - ئايەت).

**بەشىنچى، ئاللا بەرگەن مال - مۈلۈكنى خالىغانچە ئىسراپ قىلماسلىق، بۇزۇپ - چاچماسلىق.**

بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرى چەكسىزدۇر، ئاللا خالىغان ئادەملەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلدى. ئۇلارنى مال - مۈلۈكتىن خالىغىنىچە بەھرىمەن قىلدى. بىراق بۇ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ - چاچسا، بەتخەجلىك قىلسا، ئىسراپچىلىق قىلسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىر بىر قىسىم تىجارەتچىلەر پۇل تاپقاندىن كېيىنلا تويماس

نەپسىگە قارىغۇلارچە بېرىلىپ، شۆھرەتپەرەسلىك، سۆلەتۋازلىق قىلىشىپ، ئۆزىدىنمۇ رىزقى كەڭلەرگە، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەۋاتقانلارغا ۋە جاھان تەرەققىياتىغا كۆز سالماي ھاماقەتلەرچە ياشاۋاتىدۇ: ياراتقان ئىگىسىنى ئۇنتۇپ، نامرات، قالاق قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، كەيپ ـ ساپا كوچىلىرىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە پېتىپ، خۇدىنى بىلەلمەي يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئىسراپچىلىق، كەيپ ـ ساپاغا ئوخشاشلا ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر. بىزنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسراپچىلىقنى يامان كۆرۈش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. مەسىلەن، تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق، يېمەكلىكنى يەرگە تۆكۈۋەتمەسلىك، ناننى يەرگە تاشلىماسلىق، ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئېلىۋېتىش، ئوتۇننىڭ پارچىلىرى ۋە تەمەچنى تېرىپ ئوتقا قالىۋېتىش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىدىكى روزا تۇتۇش ۋە تاماقنى بەك تويۇنۇپ يېمەسلىك، ئاددىي بولسىمۇ پاكىز كىيىنىش قاتارلىق پەرز، سۈننەتلەردىمۇ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاھىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىق ھەققىدە ئېنىق بايانلار بار. «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترە قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ» (7 ـ سۈرە، 31 ـ ئايەت). «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن. (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر» (17 ـ سۈرە، 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر).

ئىسراپچىلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئىسراپخورنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدۇ. ئىسراپخور سودىگەر باي بولۇشقا مىڭ تىرىشسىمۇ تاپقان پۇلىنىڭ بەرىكىتى، ئۈنۈمى بولمىغاچقا مەڭگۈ باي بولالمايدۇ. دىيانەتلىك سودىگەرلەر بايلىقى ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچماي، بەلكى پۇل - مېلىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئۆزى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ كەمبەغەل، ئاجىزلارغا سەدىقە بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنۇتماي، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ھەر ئىككى دۇنيادا بەخت - سائادىتىنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: «ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار».

قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر رېئال تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. كىشىلەرنى ھىدايەتكە، دىيانەتكە يېتەكلەيدىغان مۇكەممەل ئەخلاقىي مىزاندۇر. ھەرقانداق سودىگەر بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ زورلىشى، بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىلدىكى پاك ئېتىقاد كۈچى، ئىنسانىي پەزىلىتى، كىشىلىك ۋىجدانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئەمەل قىلسا ناھايىتى ئۇلۇغ، بەرىكەتلىك ئىش قىلغان بولىدۇ. ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولالايدۇ.

*«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى، 1998 - يىللىق 1 - سان*



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت**

■ 1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۇچا ناھىيىسى كونا شەھەردە تۇغۇلغان.

■ 1984 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

■ 1998 - يىلى بۈتۈن ئۆلكىسىنىڭ كۈنىمىڭ شەھىرىدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

■ 1988 - يىلدىن 2001 - يىلى 6 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپىدە لېكتور ۋە دوتسېنت بولۇپ ئىشلىگەن.

■ 2003 - يىلى شۋېتسىيەگە كېلىپ، ئېغىر سانائەت كەسپىدە 3 يىل ئوقۇغان، ئوقۇشنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شۋېتسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

■ 2004 - يىلدىن باشلاپ «غەرب شاملى» نامىدا ژۇرنال چىقىرىپ، ژۇرنالنىڭ ماقالە تەييارلاش، تەھرىرلىك قىلىش، بەت ياساش ۋە لايىھەلەش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئاتقۇرغان.

■ 1988 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە چىقىدىغان «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 40 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلغان. 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئاتونۇش سىياق» ناملىق كىتابى ۋە «ئويغۇدىكى ساھىبجامال» ناملىق تەرجىمە پوۋېستى نەشر قىلىنغان.

■ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

■ شۋېتسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى توختاتماي تارىخىي، سىياسىي، دىنىي ۋە ئەدەبىي ماقالىلەرنى يېزىپ «مەرىپەت» ژۇرنىلى، «ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تارىخچى، تەتقىقاتچى ۋە ئەدىبلەر مۇنبىرى» ۋە باشقا نوپۇزلۇق تور بەتلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكتە.

789163 985980